
NEW JADE LITERATURE
يېڭى قاشتېشى
ISSN 1002-9206
08>
9 771002 920009
1998 · 4

# ئىسمايىل ئەھمەد ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى بىلەن بىللە



**دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە** ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى بىلەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىدىن ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئۇلارنى 1997 - يىلى 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئېلىمىزنىڭ بېيجىڭ، تيەنجىن، شىئەن، يەنئەن، دالىيەن قاتارلىق جايلىرىدا ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيىگە ئۇيۇشتۇردى. ئۇلار بېيجىڭدە ئېكسكۇرسىيىدە بولغان كۈنلەردە، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ئەھمەد ئۇلارنى سەمىمىي قوبۇل قىلىپ، سۆھبەتلەشتى ۋە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

ئىسمايىل ئەھمەد خەلق سارىيىدا «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئىدرىس باران بىلەن سۆھبەتلەشمەكتە.



ئىسمايىل ئەھمەد ياش يازغۇچىلار بىلەن بىللە



شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى خەلق سارىيىنىڭ يىغىن زالىدا.

ئوبۇلقاسىم مەتنىياز خەۋىرى ۋە فوتوسى

www.uyghurkitap.com

# يېڭى قاشتېشى

1998 - يىل 4 - سان

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

ئومۇمىي 102 - سان


## مۇندەرىجە

### پوۋېست


قۇرولتاشتىكى كۈنلەر ........ تۇرسۇنجان مۇھەممەت 1


### ھېكايىلار


سۆيگۈ سىرى ........ مەلىكە ئوبۇلھەسەن 38

سەيدەك I ........ ھەبىبە مەمەتئەيسا 43

كېچىكىپ ئوقۇلغان خەت ........ ئالتۇنگۈل رەجەپ 53

غەلىتە كېسەل ........ داۋۇت مەتنىياز 76


### نەسرلەر


نەسرلەر ........ ھاشىمجان ئابدۇراخمان 61

تام ........ ئابدۇخەبەر تاھىرى 62

ئويغانغان تىنىق ........ ئەنۋەر توختى 62

نەسرلەر ........ ئايشەمگۈل ھەسەن 63


### شېئىرلار


يۇرۇڭقاش ........ مەتتۇرسۇن باھاۋىدىن 46

شېئىرلار ........ بىشارەت ھۆسىيىن 48

ئىككى شېئىر ........ تۇردىمۇھەممەت ئاۋۇت 49

ئىككى شېئىر ........ ئىدرىس رەسۇل 50

ھىجران ........ ئايشەم ھەسەن 50

قالدۇق شېئىرلار ........ ئوۋچى 51

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئانامغا ........................ ھۆسەيىن ئەسئەت 51
ئۇستاز ........................ ئابدۇللا سالىھ 52
نۇر ياپرىقى كۆمگەن شېرىن چۈش ........................ نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى 72
بالىلىقتا سەپەر ........................ مۇختار سوپۇرگى 74
قىزلار ئولتۇرۇشى ........................ ئىپتىخار 75
يىگانە شاخلاردا پىلدىرلار ھەسرەت ........................ ئەخمەتجان تۇرۇپ 90
سەرسان كەچمىش ........................ ئەمەتجان قۇربان 91
ئەگەر بولسالڭ تىجارەتچى ........................ ئىلياس ئابلىمىت 94

## ماقالىلەر

يازغۇچىنىڭ قەلب خەزىنىسىدە ........................ ئەنۋەر ئابدۇرېھىم 64
ئەدەبىياتىمىزدا تەشبىھ - مۇبالىغە ........................ ئىمىن تۇرسۇن 85

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ھازىرقى زامان خەلق قوشاقلىرى ........................ توپلاپ رەتلىگۈچى: ئامانگۈل ئابلىكىم 92

## كلاسسىك ئەدەبىياتتىن

زېرەك ئادەملەرنىڭ زېرەكلىكى توغرىسىدا ........................ 95

**مۇقاۋا 1 - بەتتە: مۇغەننىلەر ئابدۇللا ئۆمەر فوتوسى.**

## تەھرىر ھەيئەتلەر

**ئابدۇۋاقى توختى، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ئابدۇللا مەمتىمىن، ئابدۇللا سۇلايمان، مۇھەممەت چاۋار، مەتقاسىم ئابدۇراخمان، روزى سايىت.**

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت چاۋار
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەتقاسىم ئابدۇراخمان
مەسئۇل كوررېكتورى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئابدۇغېنىجان نىياز.
قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئەنۋەر جۇمە سىزغان.

تۇرسۇنجان مۇھەممەت

# قۇرۇلتاشتىكى كۈنلەر



(پوۋېست)

1

ياشىغان ئىكەنسەن ئۇۋ پەيتلىرىدىكى بۆرىدەك ھۇۋلاشقا، ئەتىياز پەسلىدىكى قۇرت ـ قوڭغۇزلاردەك ئۆمىلەشكە، ھۆپپىدە گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن باغۇ ـ بوستانلاردىكى بۇلبۇلدەك سايراشقا مەجبۇر بولىسەن. قىسقىلا ھاياتىڭدا مەمنۇن بولۇپ كۈلىدىغان ياكى پۇشايمان قىلىپ ئاھ ئۇرىدىغان ۋە ياكى قايغۇ ـ ھەسرەت ئىسكەنجىسىدە ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك ئېچىشقان يۈرەكنى تاتىلاپ زار ـ زار يىغلايدىغان كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرىسەن. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەسلىمە سۈپىتىدە ساڭا مەڭگۈ ھەمراھ بولىدۇ. بىر قىسىملىرى بولسا زاۋالدا كۆرگەن چۈشتەك ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. . .

يىراق ئۇپۇقتا، زېمىن بىلەن سۆيۈشۈپ تۇرغان چەكسىز ئاسمان يۈزى ھوردالغان ئەينەكتەك خىرەلەشكەنىدى. سوزۇلۇپ ياتقان بۇلۇتلار بارغانسېرى قويۇقلىشىپ، گۆگۈم قوينىدا دۇكانغا تارتىلغان قارا يۇڭ توزۇندىلىرىدەك پاخپىيىپ قالغانىدى. ئاندا ـ ساندا كۆتۈرۈلگەن سالقىن شامال، سىمىلداپ تۇرغان يامغۇر تامچىلىرىنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ ئادەمنىڭ يۈزىگە ئۇراتتى. دەل ـ دەرەخلەر دىمىق، ئېغىر ھاۋا ئىچىدە سۈكۈتكە چۆمگەن. شۇتاپ پۈتكۈل ھايات توختاپ قالغان سائەتكە ئوخشاپ قالغانىدى.

باشلىقنىڭ ئىشخانىسىدىن بېشىمنى سالغىنىمچە قايتىپ چىقتىم. باشلىقىم ئۈچىنچى قېتىم يازغان دوكلاتىمدىن يەنە رازى بولمىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە مەن- يازماقچى بولغان دوكلات ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ،

www.uyghurkitap.com



ۋەزىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك ئىكەن. يەنى دوكلاتتا مەن يېزىغا چۈشكەن ئۈچ يىلدىن بۇيان ئىدارىمىزنىڭ نامراتلارنى يۆلەش جەھەتتە قۇرولتاش كەنتىگە بەرگەن نۇرغۇن ئىقتىسادىي ياردىمى، نامراتلىق ئىلكىدە قوزغۇزدەك ئۆملەپ يۈرگەن كىشلەرنىڭ ئىدارىمىزنىڭ ياردىمى بىلەن قەددىنى رۇسلاپ باي بولغانلىقى، مال ـ چارۋىلىرى ئېغىل ـ قوتانلارغا، ئاشلىقلىرى قازناق ـ ئامبارلارغا، پۇل ـ پىچەكلىرى يانچۇقىغا سىغماي قىلىپ بېشى قېتىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە ئەتراپلىق توختالماپتىمەن.

— قارىغاندا سىزنى، خېلى ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدۇ دېسەم، ئويلىغىنىمنىڭ ئەتۈرسىچە يول تۇتۇۋاتىسىز، ۋەلىجان، — دېدى ئىدارە مەسئۇلى مۇرات جاپپار چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپ، — نېمانچە بىغەرەزلىك قىلىسىز دەيمەن؟ نەتىجىلەر بىر ھېساپتا سىزگىمۇ تەئەللۇقتۇ... مۇشۇنداق قاملاشمىغان دوكلاتنى يۇقىرىغا سۇنساق، «قىلغان ئىشىڭلار مۇشۇمۇ؟» دەپ قالسا، سىزگىمۇ، ماڭىمۇ سەت ئەمەسمۇ؟ ياق ئۇكام، سىزگە يۈز لازىم بولمىغىنى بىلەن ماڭا لازىم. چۈشەندىڭىزمۇ؟

— ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ قىلغىنىمىز مۇشۇ دوكلاتتىكىگىمۇ يەتمەيدۇ، — دېدىم ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ، — مۇراتكا، بىز چىشىمىزنى چىشلەپ، يۈرىكىمىزنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئويلىغىنىمىزدا، «بىز قۇرولتاشلىقلار ئۈچۈن زادى قانچىلىك ئىش قىلىپ بېرەلىدۇق»... دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىشىمىز بەكمۇ قىيىنغا توختايدۇ. راستىنى دېسەم، بىزنىڭ قىلغىنىمىز پەقەت قۇرولتاش كەنتىگە ئىككى دانە يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانىيى ئورنىتىپ بېرىشلا بولدى. شۇنداق ئەمەسمۇ ـ يا؟

— شۇنداقلىقىڭغۇ شۇنداق، — مۇرات جاپپار ۋىلىلدە قىزاردى، — لېكىن ئۇكام دوكلاتقا شۇنىلا يازساق بولمايدۇ. قېنى ۋەلىجان، مەقسىتىمنى چۈشەنگەن بولسىڭىز خاپا بولماي دوكلاتنى يەنە بىر قېتىم يېزىپ چىقىڭ. لېكىن نەتىجە ئاز بولۇپ قالمىسۇن...

سىم ـ سىم يامغۇر كۈچەيدى. چەت ـ چۆرىسىدە كونسېرۋا قۇتىلىرى، مېنېرال سۇ بوتۇلكىلىرى، چوكا مۇز قەغەزلىرى چېچىلىپ ياتقان ئاسفالت يول ھەش ـ پەش دېگۈچە مايلىنغان ئاياغدەك پارقىراپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا يان كوچىدىن بىر توپ بالا ۋارقىراشقىنىچە يۈگۈرۈپ چىقىشتى.

يامغۇر ياغدى، قار ياغدى،
شارقىراپ كەتتى.
ئۆتكىنىمنى مايلىسام،
پارقىراپ كەتتى.
خانىمنى ئانام دەيمەن،
مۇئەللىمنى دادام دەيمەن.
...............

بىر ـ بىرىنى قوغلاشقىنىچە ئالدىمدىن ئۆتۈپ، يەنە بىر كوچىغا قاراپ يۈگۈرۈشكەن باللارنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ئۇلار نېمە دېگەن بەختلىك ـ ھە! مانا، ئۇلار يېمىگەن مانتۇ ئۈچۈن ئېغىز كۆيدۈرمەيدۇ. قىلمىغان ئىشى ئۈچۈن ماختىنىپ ئاللىكىملەر ئالدىدا دوكلات يېزىپمۇ يۈرمەيدۇ. كىملەرنىڭدۇر ئالدىدا جاۋابكارمۇ ئەمەس. ئەكسىچە ئۆزى بىلگەن قوشاقنى بولۇشىچە توۋلاپ، ئۆيمۇ ـ ئۆي، كوچىمۇ ـ كوچا چېپىپ يۈرۈپ، ئاماق يېگىلى چولىسىمۇ تەگمەيدۇ. بۇ ئەركە بەڭۋاشلارنىڭ ئارقىسى-دىن قوغلاپ يۈرگەن بىچارە ئانىلارنىڭ ھالىغا ۋاي. مايىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەك دېسە، مۇشۇ باللارنى دېسە بولىدۇ.

بەلكىم شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە قۇرولتاشتىد-

مۇ يامغۇر يېغىۋاتقاندۇ. ھەي بىچارىلەرەي، سىلەر نېمە دېگەن بەختسىز – ھە؟! خۇدانىڭ نەزىرىنىڭ سىرتىدا قالغان بۇ يەر ئاجايىپلا. ئۇ يەردە ياشىغان كىشىلەرمۇ شۇنداق. مەن قۇرۇلتاشقا تۇنجى قېتىم بارغىنىمدا، ئۆزۈمنى ئەپسانىلەر بىلەن تولغان دۇنياغا، كىشىلەرنىڭ تېخى قەدىمى يېتىپ ئۈلگۈرمىگەن ئىپتىدائىي زېمىنغا كېلىپ قالغاندەكلا ھېس قىلغانىدىم. ئۈچ تەرىپى ئاتنىڭ تويىقى شەكلىدىكى تاغ تىزمىلىرى، بىر تەرىپى چەكسىز كەتكەن شېغىللىق ساي. قۇرۇشقا باشلىغان گۈللۈكنى ئەسلىتىدىغان ۋەيرانە مەھەللىلەر، سامان چېچىلىپ ياتقان سېرىق تۇپىلىق ئوڭغۇل – دوڭغۇل ئەسكى يول ... مانا، قۇرۇلتاش كەنتىنىڭ تۇرغان – پۈتكىنى شۇ. ئاشۇ مەھەللىلەر مەن تۇنجى رەت بارغىنىمدا قانداق ھالدا بولغان بولسا، مېنى ئۇزاتقاندىمۇ شۇنداق ھالەتتە قالدى. مەن دەسلەپ بارغاندا مەندىن زور ئۈمىد كۈتۈشكەن ... «ئەمدى كۈنىمىز ياخشىلىنارمىكىن، دولىمىز ئەمدى ئاز – تولا ئاپتاپ كۆرەرمىكىن، دەرمانىدىن كەتكەن ۋۇجۇدىمىز قايتىدىن كۈچ – قۇۋۋەتكە تولارمىكىن؟» دېگەن نىيەتتە ماڭا تەلمۈرۈشكەن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئاق كۆڭۈللىرىنى، مېنى ئۇزاتقاندا بەلكىم غەشلىك چولغىۋالغاندۇ. نېمىلا بولسۇن، مەن قايتىپ كەلدىم. قۇرۇق قول بېرىپ، ئېغىر-بىر بوپىنى يۈدۈپ كەلدىم. ئۇنىڭدا چارىسىزلىك ئاتا قىلغان خىجالەتچىلىك، ئەپسۇسلۇق، پۇشايمان ۋە قايغۇ – ھەسرەتلەرنىڭ ھەممىسى بار. راست گەپنى قىلغاندا مەن قۇرۇلتاشلىقلارغا ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمىدىم. مېنىڭ قولۇمدىن ھېچ نەرسە كەلمىدى. ئۇلار مېنى ئەپۇ قىلارمىكىن؟ ياق، ئۈچ يىلنى بىرگە ئۆتكۈزگەن بولساممۇ، مەندىن ئۇلارغا ھېچ نەرسە يادىكار بولۇپ قالمىدى. خۇددى كۆلدىن چىلەكنى تارتىپ ئالغاندا، ئۇ يەردە ھاسىل بولغان چەمبەرسىمان دولقۇنلار يېيىلىپ – يېيىلىپ كۆل سۈيىگە سىڭىپ كەتكەندەكلا...

كىشىلەر يولدا ئۇچرىغان كونا ھەميانىنى قولىغا ئالغاندا، قانداقتۇر ئۈمىد بىلەن ئاۋۋال ئىچىگە قاراپ باقىدۇ. ناۋادا ئۇ قۇپقۇرۇق بولسا، ئەپسۇسلىنىپ يولنىڭ چېتىگە تاشلىۋېتىدۇ. شۇنداق، ماڭا ئوخشاش ئەسكى ھەميان ئۈمىدسىزلىككە تولغان قۇرۇلتاشلىقلارنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ چىقىپ قايسىدۇر ئېدىرلىقلارغا، يوندە كۆلچەكلىرىگە ياكى ئەۋرەزلەرگە تاشلانغاندىمەن... ئېھتىمال مېنىڭ قۇرۇلتاشلىقلار نەزىرىدىكى ئوبرازىم شۇنچىلىكتۇر ...

يامغۇر بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. ھاۋا ئاسمان ھېلىلا پارچە – پارچە بولۇپ كېتىدىغاندەك دەھشەتلىك گۈلدۈرلەپ، چاقماقنىڭ ئۆتكۈر نۇرى بوشلۇق باغرىنى تىلىم – تىلىم يېرىشقا باشلىدى. گۈلدۈرمامىنىڭ كۈچىيىشى ۋە يېقىنلاپ كېلىشىگە ئەگىشىپ ھاۋانىڭ ئەلپازى يەنىمۇ ئوساللاشتى. پۈتكۈل ئەتراپ يامغۇرنىڭ شارقىرىشى بىلەن لەرزىگە كەلدى. مەن قولۇمدىكى ماتېرىيال سومكىسىنى كۈنلۈك قىلىپ بېشىمغا تۇتقىنىمچە يۈگۈرۈشكە باشلىدىم.

قۇرۇلتاشتىمۇ جەزمەن يامغۇر ياغدى. دېھقانىنىڭ ئۇرغىقى بۇغدايىنىڭ غولىغا تەگكەن، ئېتىزلاردىن يېغىۋېلىنغان چەشلەر خامانغا دۆۋىلەنگەن ۋە مول ھوسۇل شادلىقى دېھقانىنىڭ چىرايىغا كۈلكە بېغىشلايدىغان مۇشۇ چاغ كەلسىلا ئەتىيازدىن بېرى تىلەپمۇ تاپقىلى بولمايدىغان يامغۇر ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. يامغۇر ئاۋۋال ئۇيۇلتاشلىق قارا قۇرۇم تاغلىرى ئۈستىدە كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى تاغلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇيۇپ تازىلىماقچى، ئۇنى يۇمشىتىپ، خېمىرغا ئايلاندۇرۇپ مەھەللىنى باستۇرماقچى، ھەممە يەرنى تۇپتۇز قىلىۋەتمەكچى بولغاندەك شىددەت بىلەن ياغىدۇ. ئاندىن تاغ چوققىلىرىدا ئۇرالغان سەللىدەك تۇرغان قارا بۇلۇتلار چۇۋۇلۇپ، ئاستا - ئاستا مەھەللىلەر تەرەپكە - يېشىللىققا پۈركەلگەن ئورمان بەلۋاغلىرى، چەشلىرى يىغىۋېلىنغان ئالتۇنرەڭ ئېڭىزلىرى يالتىراپ تۇرغان ئېتىزلار، ئۆگزىلىرىدە قاچاندۇر ئۇنۇپ قېلىپ ئەمدىلىكتە قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن ئوت - چۆپلىرى مۆڭگىلىنىپ تۇرغان سوقما تاملىق پاكار - پاكار دېھقان ئۆيلىرى تەرەپكە سۈرۈلۈپ، ھەممىنى يەر بىلەن يەكسان قىلماقچى بولغاندەك ھەيۋە قىلىدۇ. بۇنى ئاز دەپ تاغ تەرەپتىن يامراپ كەلگەن شىددەتلىك تاشقىن قۇرولتاشلىقلارنى ساراسىمىگە سالىدۇ. مانا شۇ مىنۇت يېتىپ كەلگەندە، قۇرولتاشنىڭ قۇرت - قوڭغۇزلىرىمۇ دەھشەتكە چۈشىدۇ. قۇترىغان تاشقىن مۇنبەت ئېتىزلارنى تاۋۇزدەك پىچىپ، ئېكىنزارلىق سىرتىدىكى تاقىر ساي قوينىغا ئېقىپ كېتىدۇ. بۇ ھال مەن قۇرولتاشتا تۇرغان ئۈچ يىل ئىچىدە بىر نەچچە قېتىم تەكرارلانغان. پەقەت ئۇرما ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپلا بىر قېتىم ھەيۋە قىلىدىغان دەھشەتلىك يامغۇر مېنىمۇ ساراسىمىگە سېلىپ ئۆتكەن... شۇتاپ قولاق تۈۋۈمدە ئۇلارنىڭ زارلاشلىرى، تەڭرىنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا نارازى بولغانلارنىڭ قاقشاشلىرى ئاڭلانماقتا ئىدى.

2

ئۆينىڭ ئىچى ناھايىتى دىمىق ئىدى. دېرىزىدىن دات باسقان تۆمۈردەك خۇنۇكلەشكەن ئاسمان كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھاۋا گۈلدۈرلىگەندە دېرىزە راملىرى جىغىلداپ كېتەتتى. سىرتتىن ئارمىنى يوق يېغىۋاتقان يامغۇرنىڭ شارقىرىشى، پېشايۋانلار تېگىدىن، ئۇ يەر - بۇ يەردىن ئۆتۈۋاتقان تامچىلارنىڭ «چوك... چوك...» قىلغان ئاۋازى كېلەتتى. سارغىيىپ كەتكەن كونا گېزىتلەرنى ئەسلىتىدىغان بۇ ئۆي كۆزۈمگە ناھايىتىمۇ ۋەيرانە كۆرۈندى. نېمىشقىدۇر مېنىڭمۇ ئاسمانغا ئوخشاش ياش تۆككۈم، ئېغىر بۇلۇتلار ئاستىدا، چىلەكلەپ قۇيغاندەك يېغىۋاتقان يامغۇر باغرىدا مۆڭگىلىنىپ ياتقان زېمىننى گۈلدۈرمامىدەك لەرزىگە سېلىپ ئۆتكۈم، جەلپكارلىقىنى يوقاتقان مۇشۇ ھاياتنى، ھىيلىگەرلىك بىلەن تولغان تۇرمۇشنى، كىشىلەرگە ھېچقانچە شادلىق بېغىشلىيالمىغان، ئەكسىچە تۇغۇلغىنىغا مىڭ بىر پۇشايمانلارنى قىلدۇرغان ھايات يوللىرىنى كۆز ياشلىرىمغا غەرق قىلدۇرغۇم كېلىپ كەتتى.

مەن ماتېرىيال سومكامنى ئۈستەل ئۈستىگە زەرىپ بىلەن ئاتتىم - دە، چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن شلەپەم بىلەن كاستومىمنى كىيىم ئىلغۇچقا ئېلىپ قويدۇم. ماتېرىيال سومكىسىغا كۆزۈم چۈشىشى بىلەن يەنە تىنىم تىكەنلەشتى. سومكىدا ئۈچىنچى قېتىممۇ باشلىقىمغا يارىمىغان دوكلات بار. ئەمدى مەن يەنە ئۈستەل ئالدىدا ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپ، باشنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشكىچە ئويلىنىپ، باشقىچە مەقسەت، باشقىچە ئۇسۇل بىلەن قەلەم تەۋرىتىشىم، ئېنىقراق قىلغاندا مۇرات جاپپارنىڭ تەلىپى ۋە ئارزۇسى بويىچە ئۇنى تۆتىنچى قېتىم يېزىشىم كېرەك. لېكىن شۇنداق قىلىشقا ۋىجدان يول قويارمىكىن، قولۇم بارارمىكىن؟ ياق! مېنىڭچە بولغاندا مۇشۇ سومكىدىكىسىمۇ يېتىپ ئاشاتتى. ئەمما مەن تۆتىنچى قېتىم يەنە يېزىشىم، ھەتتا بەشىنچى قېتىم يېزىشقىمۇ مەجبۇر بولۇشىم

مۇمكىن. چۈنكى مۇرات جاپپار بىر ئىشتىن ئاسان قانائەت ھاسىل قىلىدىغان ئادەم ئەمەس. ئۇ بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكتىمۇ — بولدى. مەقسىتىگە يەتمىگۈچە بولدى قىلمايدۇ. لېكىن مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمىنى يازىمەن؟ مانا، دەل ئادەمنىڭ يۈرەك بېغىشىغا تېگىدىغان بۇ سوئال بېشىمنى ھەرە كۈنىكىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ يەردە ئېنىق بىر پىكىر يوق. پەقەت ۋاژىلدىغان، گىڭىلدىغان، غۇڭشىيدىغان ئەبجەش سادالار كېزىپ يۈرەتتى. . .

غېرىبنىڭ كۆڭلىدەك سونۇق ۋە غەشلىككە تولغان مۇشۇ مىنۇتلاردا نېمىشقىدۇر كۆز ئالدىمدا قۇرولتاش دالىلىرى زاھىر بولدى. بولۇق يېغىۋاتقان يامغۇر تامچىلىرى ئاستىدا قالغان بۇ كەنت شۇتاپ كىملەرنىڭ ھامىيلىقىغا تەشنا بولۇۋاتىدىكىن؟!..

بىز چۈشكەن «بېيجىڭ» ماركىلىق جىپ ماشىنا ئوڭغۇل - دوڭغۇل شېغىللىق يولدا قېقىلىپ - سوقۇلۇپ، خۇددى ئېدىرلىقتا سەكرەپ - تاقلاپ كېتىۋاتقان تاغ تېكىسىدەك ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ماشىنىنىڭ ئالدى تەرىپىگە تارتىلغان قىزىل رەڭلىك پىلاكاتقا «نامراتلارنى يۆلەش — بىزنىڭ بۇرچىمىز» دېگەن خەتلەر چاپلانغانىدى.

ماشىنا قېقىلا - سوقۇلا ئىلگىرىلىمەكتە. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى غوچچىدە چېچەكلىگەن يۇلغۇنلار مەيىن شامالدا ئەركىلەپ تولغىناتتى. يۇلغۇنلۇقنىڭ نېرىسى قۇم بىلەن شېغىل ئارىلىشىپ كەتكەن تۈزلەڭ دالا بولۇپ، ئۇ ئۇپۇق بىلەن زېمىننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان، بەكمۇ يىراقتىن غۇۋا كۆرۈنىدىغان تاغ تىزمىلىرىغىچە سوزۇلغانىدى. سەراپلار چىمىرلىشىپ، يىراق - يىراقلاردا قۇيۇن پىقىراپ يۈرگەن بۇ سۇسىز جەزىرە باغرىدا ئاق تىكەن، قامغاق ۋە جىغان دېگەندەك ئۆسۈملۈكلەر شالاڭ ئۆسۈپ قالغانىدى.

چىڭقى چۈش مەزگىلى، مۇئەللەقتە ئېسىلىپ تۇرغان قۇياش بارغانچە قىزىماقتا. ئۇنىڭدىن تارالغان كۈچلۈك ھارارەت زېمىننى كۆيدۈرمەكتە. ماشىنا دېرىزىسىدىن كىرگەن ئىسسىق شامال ئادەمنىڭ نەپىسىنى بوغىدۇ. ئالدى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋالغان، سېمىزلىكتىن ئۇستا زاسۇيچىنىڭ قولىدىن چىققان ھېسىپتەك تىقىلىپ كەتكەن مۇرات جاپپار كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرىنى تامام ئېچىۋەتكەن. چېكە - بويۇنلىرىدىن شورقىراپ قۇيۇلۇۋاتقان تەرلىرىنى توختاۋسىز سۈرتۈۋەرگەچكە، قولياغلىقى نەمدىلىپ، قارىداپ كەتكەنىدى. ئۇ نېمىشقىدۇر ئېغىر پۇشۇلدايتتى. شوپۇرغا ئالىيىپ بىر نېمە دېمەكچى بولاتتىيۇ، ياغاچ ئويمىسىدەك قېلىن لەۋلىرىنى تامشىپ قويۇپ جىم بولاتتى. ماشىنىنىڭ كەينى ئورۇندۇقىدا بىزنى «قۇرولتاش» دەپ ئاتىلىدىغان، يېزا مەركىزىدىن قىرىق بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايلاشقان كەنتكە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن ماشىنىمىزغا چىقىۋالغان يېزا باشلىقى ئىگەمبەردى مۇھەممەت بىلەن ئىككىمىز ئولتۇرغاندۇق. شۇتاپ يېزا باشلىقىنىڭمۇ دەردى يېتىپ ئاشاتتى. ئۇ بەلكىم بۈگۈن زىرائەت پەرۋىشىنى تەكشۈرۈش باھانىسىدا ماشىنىسىنى قاياققىدۇر ئېلىپ قاچقان مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنى ئىچىدە قارغاۋاتقاندۇ ياكى ئۆزى ئالدى رەتتە ئولتۇرغاندا، ھازىرقىغا ئوخشاش كەينى رەتتە داپقا چۈشكەن پۇرچاقتەك سەكرەپ، ئەمەلنىڭ كىچىكىنى تۇتقىنىغا ۋە ماشىنىنىڭ كەينى تەگكىنىگە ئۆكۈنۈپ، پۇشايمان گۈلخىنىدا لاۋۇلداپ كۆيىدىغان مۇئاۋىنلىرىغا ئېچىنىۋاتقاندۇ . . . ئىشقىلىپ، ئۆسكىلەڭ

www.uyghurkitap.com

قاشلىرى تېگىدىكى ئۆيقىسىراپ تۇرغان كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، قوشۇمىسى مۇشتەك تۈرۈلگەن بۇ كىشىمۇ زۇۋان سۈرمەيتتى.

ئاداۋەتلىك كىشىلەردەك جىمجىت ئولتۇرۇپ، ھەسرەتلىك تىنىۋاتقان بۇ ئىككى باشلىقنىڭ شۇ تاپتىكى ئوي خىيالى نېمىدىكىن؟ بەلكىم مۇرات جاپپار يېزا باشلىقىغا دوق قىلىپ ھاسىراۋاتسا كېرەك. سەن سامان قورساق بېيىتالمىغان ئەبگالىرىڭ بىزنىڭ گەدەنگە چۈشتى مانا. يۈزۈڭ قىزارمامدۇ؟ نامراتلىرىمىزنى بېقىشىپ بېرىڭلار ـ دېيىشتىن نومۇس قىلمامسەن؟ سەن ھوقۇق تۇتقان شۇنچە يىلدىن بېرى كىمگە خىزمەت قىلدىڭ؟ ئىلگىرىكىسىغۇ مەيلى، يەرلەرنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددە بېرىشكىنىڭگىمۇ نەچچە ئون يىل بولۇپ قالدى. سەن سەركە بولغان بۇ توپ نېمىشقا ھازىرغىچە قورسىقى تويغۇدەك ئاش ـ نانغا، ئۇستىۋېشى يېپىلغۇدەك كىيىم ـ كېچەككە ئېرىشەلمىدى؟ سېنىڭ يەنە ئۇلارغا قارىغۇدەك يۈزۈڭ بارمۇ؟ سەن ھوقۇق تۇتۇش ھارپىسىدا ئۇلارغا نېمە دەپ قەسەم بەرگەن؟ مانا، ئۆزۈڭ تولۇپسەن، قاتۇرما شەپكە، سىپتا دەزماللانغان سارجا كىيىم ساڭا كارامەت يارىشىپتۇ. يېزا باشلىقىغا لايىق سالاپەت بېغىشلاپتۇ، ئەمما ئارقاڭغا قارىغىنا، سېنىڭ كەينىڭدە يۈرگەن خەلقنىڭ ئۇستىۋاشلىرىغا ئادەمنىڭ ھۆ قىلغۇسى كېلىدۇ...

يېزا. باشلىقىمۇ بىزگە يەرنىڭ تېگىدىن قارايدۇ. مۇشۇ ھالىڭلار بىلەن بىزنى يۆلىمىسىلەر؟ ئۇستىدىن يۇلتۇز كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئەسكى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ بىزگە يار ـ يۆلەكتە بولغىلى، نامراتلىرىمىزغا ياردەم بەرگىلى كەلدىڭلارمۇ؟ ۋاي ئىسىت، پېشانىمىز تەتۈر ئىكەن... «كالا باشلىق» ماشىنىلىرى كىيىكتەك سەكرەپ ماڭىدىغان، پۇل دېگەننى غازاڭ ئورنىدا خەجلەيدىغان ھاللىق ئىدارە بىزگە نېسىپ بولماپتۇ. سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن نېمە كېلەتتى؟ ئىسىت ـ ئىسىت، بىر قەلەندەرنىڭ قولىغا قاپتۇق ئەمەسمۇ؟ سىلەر بىزنى شۇتىنىڭ قايسى بالدىقىغىچە يۆلىيەلەرسىلەركىن؟

مەن ماشىنا ئىچىدە خۇددى يەلكەمدىن تاغ بېسىپ تۇرغاندەك بىئارام بولۇپ ئولتۇرىمەن. راستىنى دېسەم، ماشىنا ئالدىدىكى پىلاكاتتا چاپلانغان شوئارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىز قۇرۇلتاشقا قۇرۇق قوللا ماڭغاندۇق. ئۇ ئايدىن بۇ ئايغا بىر قوتا سىيا تېپىلمايدىغان بۇ ئىدارىدىن نامراتلارغا ئەسقاتقۇدەك نېمىمۇ تېپىلىدۇ دەيسىز؟

3

ئالاھەزەل بىرەر سائەتلەردىن كېيىن، ماشىنا بىر تۆپىلىككە ياماشتى. ماتور ھېلىلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ كۆچەپ، دەھشەتلىك گۈرۈلدىمەكتە ئىدى. ئۇ بەئەينى ئازگالغا چۈشۈپ كەتكەن ۋە بۇ مۇدھىش يەردىن قۇتۇلماقچى بولۇپ يۇقىرىغا ئۆمىلەۋاتقان قوڭغۇزدەك ئېھتىيات بىلەن ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە، كۆچىمەكتە ئىدى.

ـ مۇشۇ داۋاندىن ئاشساقلا قۇرۇلتاشنىڭ نەق ئۇستىگە چۈشىمىز، ـ دېدى ئىگەمبەردى مۇھەممەت بۇرنىنى كولاۋېتىپ، ـ يەنە يەتتە ـ سەككىز كىلومېتىرچە يول قالدى.

بىزنىڭ باشلىق ئۈندىمىدى. كەيپىيات بايىقىدىنمۇ ئوساللاشتى. ماتور بەك كۆچەپ كەتكەچكە ماشىنا ئىچى ئوت يېقىلغان تونۇردەكلا قىزىپ كەتكەنىدى. ئىككى باشلىق ئاۋۋالقىدىن بەتتەررەك تەرلەشكە باشلىدى.

داۋاننىڭ نېرىقى تەرىپى ياردائلىق

بولۇپ، ئېرىلغۇ ئېتىزلار، پاخپاق سۆگەتلەر، قاپتاللارغا جايلاشقان، توخۇنىڭ كاتىكىدەك كۆرۈنىدىغان كونا ئۆيلەر داۋاننىڭ ئۇۋۇدىن باشلىنىپ، ئىتتىنىڭ تىلىدەك سوزۇلغانىدى. كەنت ئاسمىنىدا ئۇچۇشۇۋاتقان توپ - توپ كەپتەرلەر ئادەمنىڭ ئايىغى ئاستىدىن ئۆتىدىغاندەكلا قىلاتتى. ماشىنا پەسكە قاراپ شۇڭغۇدى. ئۇچەيدەك ئۇزۇن ۋە تار، جەينەكسىمان دوقمۇشلىرى كۆپ بۇ تاغ يولى ئادەمنى ساراسىمىگە سالاتتى. ئەزەلدىن ئۆزىگە تولا ئىشىنىدىغان، «ناۋادا ئىدارىدا مۇرات جاپپارنى، ئۆيدە خوتۇنۇنى دېمىسەم ماشىنامنى بىر قوغلىغانچە ئاي شارىغا بېرىپ توختايتتىم...» دەپ پو ئاتىدىغان بىزنىڭ شوپۇر كۆزلىرى چاچراپ چىققۇدەك بولۇپ، رولنى تېز - تېز ئايلاندۇرۇپ، تورمۇزدىن پۇتىنى ئالمىغان پېتى كېتىۋاتاتتى. بىر پەستىن كېيىن، بىز نىشانغا — قورولتاش كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئىشخانىسى قىلىنغان لاي تاملىق بىر كورپۇس ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق.

— ۋاي... ۋاي، — بېلىنى تەستە رۇسلاپ، ماشىنىدىن ئىنجىقلاپ چۈشكەن مۇرات جاپپار قاقشاپ كەتتى، — بۇ يەرگە ئەرشى ئەلادىن چۈشكەندەك كەلدۇقمۇ - نېمە؟ — ئۇ يوغان قورسىقى تارتىپ كەتكەن بېلىنى ئايلاندۇرۇپ تەنھەرىكەت ئويناشقا باشلىدى.

ماشىنا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ياندىكى بىر ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى - دە، بېشىغا قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن بوز تەلپەك كىيگەن، شامال يالاپ چارلىشىپ كەتكەن يۈزلىرى قىپقىزىل، قوش بۇرۇنلىرى تېگىدىكى بۇرۇتى ئوبدان پەرۋىش كۆرگەن كاۋا پىلىكىدەك قولىقى تەرەپكە قاراپ ئۆسكەن بىر كىشى چىقىپ كەلدى. ئۇ بىزنى كۆرۈپ قەدىمىنى تېزلەتتى - دە، ئاۋۋال يېزا باشلىقى بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى.

— سىلەرگە تەقسىملەنگەن خىزمەت ئەترىتى، — دەپ تونۇشتۇردى ئىگەمبەردى مۇھەممەت بىزنى مەنسىتمىگەندەك بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، — نۆۋەتتە تۇرۇپ سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارغا، ئاساسلىقى نامراتلارنى بېيىتىش خىزمىتىگە ياردەملىشىدۇ. يېقىندىن ماسلىشىپ ئىشلەڭلار، كازىماخۇن.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە. قارشى ئالىمىز، — دەپ ھىجايدى ئۇ، — نامراتلارغا يار - يۆلەكتە بولىدىغان ئىش بولسا، مەنلا ئەمەس، قورولتاشلىقلارنىڭ ھەممىسى سىلەرنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ.

— بۇ كىشى مۇشۇ كەنتنىڭ مەسئۇلى كازىم تاش بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى يېزا باشلىقى ھېلىقى كىشىنى كۆرسىتىپ، — بىزنىڭ يېزا تەۋەسىدە بۇرۇتى مۇنداق چىرايلىق كىشىدىن يەنە بىرى يوق. باشقىلار كازىم تاشنىڭكىدەك بۇرۇت قويىمىز دەپ خېلىلا كۈچەپ بېقىشتى. ئەمما ئوخشىتالماي ئارماندا قېلىشتى.

— بۇ سىلەرنىڭ كەنتتە تۇرۇپ ئىشلەيدىغان كادىرىمىز ۋەلىجان بولىدۇ، — دەپ نۆۋەتتە كەلگەندە ئەسكەرتىپ قويدى مۇرات جاپپار، — بۇ شەھەردە ئۆسكەن ئەركە بالا. يېزىنىڭ شارائىتى بىلەن ئانچە تونۇشلۇقى يوق. شۇڭا خىزمەتلەردە كۆپرەك ياردەم قىلارسىلەر.

— نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ — كازىم تاش قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ سايراپ كەتتى، — بىز بۇ بالىنى ناۋاتقا ئۆگەنگەن دەمدەر باچكىسىدەك كۆندۈرۈۋالىمىز. ۋاقتى كەلگەندە ئۇ كەنتىمىزدىن كەتكىلى ئۇنىماي سىلىنىڭ باشلىرىنى ئاغرىتىمىسا

بولاتتىغۇ. . .

ئۇنىڭ بۇ چاقچىقى بىلەن ھەممەيلەن پاراقىدە كۈلۈشتى.

4

مېنىڭ قۇرولتاشتىكى كۈنلىرىم ئۇنتۇلماس خاتىرە سۈپىتىدە قەلبىم قېتىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. نۇرغۇن قايغۇ - ھەسرەتلىرىم، ئاچچىق كۆز ياشلىرىم ۋە خۇشال كۈلكە - چاقچاقلىرىم قۇرولتاش باغرىدا ئاپىرىدە بولغان. مەن ئۇ يەردە راستلا ئۆگىتىلگەن دەمدەر باچكىسىدەك ئەمەس، بەلكى قورام تاشلار ئارىسىدا قەد كۆتۈرگەن تاغ تېرىكىدەك مەھكەم يىلتىز تارتقانىدىم. ناۋادا مەن قۇرولتاش زېمىنىغا كېلىپ، بۇ يەردىكى موھتاجلىق، يوقسۇزلۇق تۆككۈزگەن كۆز ياشلارنى ۋە مىسكىنلىك، رايىشلىق ئىگىلىگەن كۆڭۈل ئىگىلىرىنى كۆرمىگەن بولسام، مۇسا سەۋدانىڭ ھەجۋى تۈس ئالغان ھېكايىلىرىنى، نۇرۇللا لامزەللىنىڭ كۈلكىلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىمىغان بولسام، كاللامدا غايەت زور پىكىرلەر ھاسىل بولمىغان، قۇرولتاشلىقلارنىڭ تاشتىن قاتتىق كۈنلىرىنىڭ شاھىدى بولمىغان، ئەكسىچە يۇقىرى گرادۇسلۇق، ئەرزان باھالىق ھاراق بوتۇلكىلىرى ئەتراپىدىكى تۇرمۇشتىن قول ئۈزمەي، ھاراق خام قاپاق قىلىۋەتكەن بېشىمنى مۈرەمدە كۆتۈرۈپ ياشاۋەرگەن بولاتتىم. . .

مېنىڭ قۇرولتاشتىكى كۈنلىرىم سائەت ئىستىرىلكىسىدەك بىر خىل رىتىمدا ئۆتۈشكە باشلىدى. ھەپتە ئىچىدىلا كازىم تاشنىڭ ھەمراھلىقىدا قۇرولتاش كەنتىنىڭ ھەممە بولۇڭ - پۇچقاقلىرىنى پەتىلەپ چىقتىم. كەنت زېمىنى ئىتنىڭ تىلىدەك سوزۇلغان ياردائىلىقتا جايلاشقان بولۇپ، ئىككى يۈز ئەللىك ئائىلە، بىر مىڭ بىر يۈز ئون سەككىز نوپۇسقا ئىگە بۇ مەھەللە قاتمۇ قات قورام تاشلىق تاغلارنىڭ قورشاۋىدا بولغاچقا «قۇرولتاش» دەپ ئاتىلاتتى. تاغ جىرالىرى، قاپتاللار ئارىلىقلىرى ۋە تاقىرساي بويلىرىغا جايلاشقان ئېتىزلار تېخى سالالاشتۇرۇلمىغان قومساڭغۇ ئېتىزلاردا ۋاقىتسىز سارغىيىپ ياپراق تاشلاۋاتقان مايسىلار ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇراتتى. قۇرولتاشلىقلارنىڭ چىراي - تۇرقىدىمۇ، روھىي ھالىتىدىمۇ چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك ۋە ھارغىنلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. بۇ ھال يېڭى ئۈمىدلەر بىخ سۈرۈۋاتقان قەلبىمگە قامچا بولۇپ ئورۇلغان، كۆڭلۈمنى بىر قىسمىلا قىلىۋەتكەنىدى.

بىر كۈنى ئۆزۈم يالغۇز ئېتىز ئارىلاپ كېتىۋاتقىنىمدا، ئالدى تەرەپتە، قىر بېشىدا ئولتۇرۇپ چوڭقۇر ئويغا پاتقان بىرسىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئەللىكنىڭ قارىسىنى ئالغان چار ساقال كىشى بولۇپ، چىرايىنى غەم بۇلۇتلىرى قاپلىغانىدى. ئۇنىڭ يىغلىۋېتىشكە تەييار تۇرغاندەكلا كۆرۈنىدىغان چىرايىغا قاراپ نېمىشقىدۇر شۇ تەرەپكە قەدەم تاشلىدىم.

— قانداق، ۋەلىجان ئۇكا، بۇ يەرگە كۆنۈپ قالغاندەك تۇرامسەن؟ — دېدى ئۇ ئاياغ تىۋىشىمنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈرگىنىچە، — سېنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىڭنى كازىم تاشتىن ئاڭلىۋېدىم.

ئۇ مەن بىلەن ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشتى. بىز قىر بېشىدا ئولتۇرۇپ، بىر تالدىن تاماكا چېكىشتۇق.

— ئېيتە ئۇكام، — دېدى ئۇ تاغدىن - باغدىن بىر ئاز پاراڭ سوققاندىن كېيىن نەق گەپكە ئۆتۈپ، — بىز مۇشۇ تۇپراقنى ئۆزگەرتەلەرمىزمۇ؟ قۇرولتاشتا ياشاۋاتقىنىمغا ئۇزۇن بولدى. كالىدەك ئىشلەيمىز، تىنىمسىز تەر تۆكىمىز، بىردەم ئارامچىلىق دېگەن نەدە بىزگە؟! ئەمما يەنە

قارىساق يەنە شۇ. يا ئۇستىۋاش پۈتۈن ئەمەس، يا قورساق توق ئەمەس. بەزىدە ئويلاپ قالىمەن. يۇرتىمىزدىن بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنمۇ ـ يا؟ بىرەر ئەۋلىيانىڭ قارغىشى تۇتتىمىكىن بۇ يۇرتنى؟! نېمىشقا ئۇمىلەيمىز، تىرمىشىمىز، ئەمما ھالىمىز ئازگالدىن چىقماقچى بولغان، لېكىن بىر ئىلىكمۇ سىلجىيالمىغان پاقىنىڭ ھالىدىن بەتتەر؟ ئۆزۈڭدە يوق، ئالەمدە يوق ئىكەن. قولىمىز قىسقارغانسېرى ھوسۇل كېمىيىپ كەتتى. مۇشۇ كۈنلەر ئەمدى سېنىڭ كېلىشىڭ بىلەن ئۆزگىرەرمۇ؟ دېھقانىنىڭ يانچۇقى تۈت تەڭگىنىڭ قارىسىنى كۆرىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ ھە، ئۇكام؟

مەن نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ مۇشۇ يۇرتتا تۇغۇلۇپ، بۇ يەرنىڭ ئەلمى ـ تەلىمىنى پىششىق بىلىدىغان بۇ ئادەمنىڭ پىغان ۋە ئۈمىدسىزلىك ئارىلىشىپ كەتكەن قىيىن سوئالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىم مۇمكىن؟ بىرسى گېلىمنى غىققىدە بوغۇۋالغاندەك دىمىقىپلا كەتتىم. ئۇ ئۇچۇملىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چۈشىۋاتقان قۇم تۇپراققا تىكىلگىنىچە بىر نەرسە دېيىشىمنى كۈتمەكتە ئىدى.

بىز قىر ئۈستىدە ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇراتتۇق. بوغداي ئېكىزىغا تېرىلغان، ئەمدىلا ئىككى ـ ئۈچ قۇلاق بولغان قوناق مايسىلىرى سالپىيىپ كەتكەن، ئۈتتەك قىزىغان نەمسىز تۇپراق قوناقلارنىڭ يۇمران يىلتىزىنى ئاستا ـ ئاستا قۇرۇتۇشقا باشلىغانىدى.

ـ ماڭا قاراڭ، ئاكا، ـ دېدىم بىر پەسلىك سۈكۈتتىن كېيىن، ـ ئۈمىدسىزلەنسەك، تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا چۈشكۈنلەشسەك بولمايدۇ. ئۈمىدۋار بولايلى، ئۈمىد دېگەن ئادەمنى ياخشى يولغا باشلايدۇ ...

ـ ھى ... ھى ... ھى ...، نېمە دەيدىكىن دېسەم تاپقان گېپىنى قارا، ئۇكام، ـ دېدى ئۇ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ قويۇپ، ـ قېنى شۇ ئۈمىد ھەققىدىكى سۆزلىرىڭنى مۇنۇ جان ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان قوناق مايسىلىرىغا بىر دېگىنە، ئۇلار سەن دېگەن ئۈمىد بىلەن يەنە قانچە ئۇزاق ياشىيالاركىن؟ ھازىر قوناقلارغا بىزنىڭ ۋەز ـ نەسىھىتىمىز ياكى ئېغىزدىكى ئۈمىدىمىز ئەمەس، بەلكى تۇپرۇك چاچراندىسىچىلىك بولسىمۇ سۇ كېرەك. سۇ! لېكىن ئۈستەڭلىرىمىز قۇپقۇرۇق. يىلدا بۇ پەسىللەردە سۇ دېگىنى كارامەت كېلەتتى ـ دە، كاساپەت. ئادەمگە بىر دەملىككىنە ئارامچىلىق بولمايتتى. «سۇ ... سۇ» دەپ ياقا سىقىشىپ، كاللا ـ قاپاقنى قانغا بويايدىغانلارمۇ بۇنداق چاغدا سۇ تۇتۇش نۆۋىتىنى بىر ـ بىرىگە ئۆتتۈرۈشەتتى. ھاۋا گۈلدۈرلەپ يامغۇرمۇ يېغىپ قوياتتى. ئېتىزمۇ سۇ، يولمۇ سۇ، ھويلا ـ ئارامۇ سۇ... قارىساڭ قۆرۈلتاش دېگىنىڭ سۇلىرى لۆمشۈپ تۇرغان سازلىققا ئايلىناتتى. مانا ئەمدى يامغۇرمۇ يوق، كەلكۈنمۇ يوق، ئاڭلىساق تاغدا قار قالمىغانمىش...

بىزنىڭ پارىڭىمىز شۇ تەرىزدە خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى. قۇرۇلتاشقا كەلگەندىن بېرى بۇ يەردىكىلەر بىلەن كەڭ ـ كۇشادە پاراڭلىشىشقا پۇرسەت بولمىغانىدى. مانا ئەمدى بۇ سۆھبەتتىن ئىچىم بوشاپ، ئۆزۈمنى يەڭگىللىشىپ قالغاندەكلا ھېس قىلدىم.

قاياقتىندۇر ئېزىپ كېلىپ قالغان ياۋا شامال پەس ئۇچۇپ، قوناقلارنىڭ قۇرۇشقا باشلىغان يۇمران قۇلاقلىرىنى شىلدىرلىتىپ ئۆتتى ـ دە، غايىب بولدى. قوناقلىق يەنە سۈكۈتكە چۆمدى. قۇياش مۇئەللەقتە پارلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان كۈچلۈك

www.uyghurkitap.com

ھارارەت ئادەم تۇرماق، يەرنىڭمۇ دەرمانىنى قۇرۇتماقتا ئىدى.

5

بۈگۈن يەنە كازىم تاش بىلەن مەھەللىنى ئايلىنىپ يۈرەتتۇق. ئىسسىق دەستىدىن ھالىدىن كەتكەن، ئالىقانچىلىك سايە تاپالىسا پوكىنىنى يېقىپ يېتىشىپ كەتكەن توخۇلار، تىللىرىنى بىر غېرىچ ساڭگىلىتىپ، ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي ھاسىراپ ياتقان مەھەللە ئىتلىرى، دەرماندىن كېتىپ ياپراقلىرى سولاشقان جىگدىلىكلەر، قاناتلىرى ئۇكلىنىپ، ئۆزلىرىنى نىمجان يوپۇرماقلار ئارىسىغا ئېلىشقان تۇمۇچۇقلار ئادەمگە قىيامەت قەيۇمدىن بەلگە بېرىۋاتقاندەك كۆڭۈلنى يېرىم قىلاتتى.

بىز ئۇن ـ تىنسىز ھالدا مەھەللىنى ئارىلاپ ئاياغ تەرەپكە ئۆتتۇق. بۇ يەرلەردە ئۆيلەر شالاڭ ئىدى. سۈيى تارتىلىپ كەتكەن بىر قەدىمىي ئېقىننىڭ ئىككى تەرىپىگە بىر نەچچە ئۆي جايلاشقانىدى. بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى بۈككىدە تاغ سۆگەتلىرى، ئۈجمە ۋە ئۆرۈك دەرەخلىرى قورشاۋغا ئالغانىدى. ئۆيلەر ئاشۇ يارىشىقى ـــ دەرەخلەر بىلەن ئۆزىنى بېزىگەن بولۇپ، ناۋادا بۇ دەرەخلەر كېسىپ تاشلىنىدىغان بولسا، لاي تاملىق ئەسكى ئۆيلەر ئۆزىنىڭ بارلىق كەمتۈكلىكلىرى بىلەن «مانا مەن» دەپ چوقچىيىپ چىققان بولاتتى. بىز ئەڭ چەتتىكى بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگىنىمىزدە، كازىم تاش چىپپىدە توختىدى. كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ ئۆي ناھايىتى ۋەيرانە ئىدى. تاملىرى سولغا قىڭغايغان بولسىمۇ، ئوڭ تەرەپتىن تېرەك قويۇلغان، ھېلىلا گۈپپىدە قىلىپ ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان بۇ ئىككى ئېغىزلىق ئۆي زاراتگاھلىقتىكى تاشلىنىپ قالغان تىلاۋەتخانىنى ئەسلىتەتتى. قولۇم ـ قوشنىلىرى يوق، مەھەللىنىڭ خېلىلا سىرتىغا سېلىنغان بۇ ئۆي قەدىم شەھەر خارابىلىرى ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان مۇنارلاردەك، بىر دۆڭنىڭ يان باغرىدا چوقچىيىپ تۇراتتى.

ـــ بۇ ئۆيدە بىر ئەبگا ياشايدۇ، ـــ دېدى كازىم تاش قولىدىكى چىۋىقنى ئويناپ تۇرۇپ، ـــ ئۆزى ياپياشلا بىر نېمە. ئەمما بەكلا ھورۇن ـ دە، كاساپەت. ئىلگىرىغۇ . . . «مەن قىلغۇدەك ئىش بارمۇ؟» دەيدىغان چاققان يىگىت ئىدى. ئەمدىلىكتە تەرىتىنىمۇ يېتىپ قىلىدىغان بىر ئەبگاغا ئايلاندى. ھەي، ئادەم دېگەننى شۇ. . .

نېمىشقىدۇر ئاشۇ ئەبگا يىگىتنى بىر كۆرۈپ قويۇش پىكرى كاللامغا كىرىۋالدى.

ـــ ئۇنى بىر يوقلاپ ئۆتمەيلىمۇ كازىمكا؟ بەلكىم بىزنىڭ ياردىمىمىز بىلەن ئەسلىگە كېلىۋالسا ئەجەب ئەمەس. . .

ـــ سىلى ئاسانلا ھاياجانلىنىدىكەنلا ئۇكام ۋەلىجان، ـــ كازىم تاش تۇنجى قېتىم مېنى ئوچۇقلا مەسخىرە قىلدى، ـــ سىلى دېگەن ياردەمنى بىز ئۇنىڭغا يەتكۇدەك قىلدۇق. لېكىن ئۇ «بىراۋنىڭ چاپىنىدا تەرلىمەيمەن» دەپ بۇ ياردەملەرنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇ ھازىر ئېرىق تېگىدىكى لايغىلا ئوخشايدۇ. ئۇنى دەسسەۋەرسەڭ پېتىقىشىپ، بارغانچە سۈيۈلسا سۈيۈيدىكى، ھەرگىز چالمىغا ئايلانمايدۇ. ھازىر دېگەن ئۇ بىرى كېلىپ «ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسىدا بىر قىز ساقلاپ تۇرىدۇ» دېسە، «مېنى يوقدەڭلا،» دەيدىغان ھالدا. شۇڭا بىزمۇ ئۇنى تاشلىۋەتتۇق.

مەن كازىم تاشنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغىنىمچە ئۇ ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدىم. ئىشىك قىيا ئوچۇق تۇراتتى. كازىم تاش ئاشۇ يەردىن يېنىمچە بولۇپ ناھايىتى تەسلىكتە ئۆيگە كىردى. قارىغاندا

ئىشىك ئۇنىڭدىن چوڭ ئېچىلمىسا كېرەك. مەنمۇ سىڭايان بولۇپ، ئۆيگە ئارانلا كىرەلىدىم. ئىشىكنىڭ كەينىدە دەم بولسا كېرەك دەپ ئويلىغۇدىم، ئەمما كۆزۈمگە باشقىچە بىر نەرسە — بىر دۆۋە توپا كۆرۈندى. دەل ئىشىكنىڭ كەينىدىن چاشقانلار تۆشۈك ئاچقان بولۇپ، قېزىلغان توپىلار ئىشىكنىڭ كەينىگە دۆۋىلەنگەنىدى.

بۇ ھال كازىم تاشنىڭ ئۆي ئىگىسى ھەققىدە دېگەنلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. مەن ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالمىغان ھالدا ئۆي ئىچىگە نەزەر تاشلىدىم. تاملىرى ئىسلاشقان، ئۆگزىسىدىن توپا قۇيۇلۇپ تۇرىدىغان، ئاي - يىللاپ سۈپۈرگە كۆرمىگەن بۇ ئۆينىڭ ئىچى ئاساسەن قۇپقۇرۇق ئىدى. يەردىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان سۇپىدا، توپىغا ئېلىشىپ رەڭگىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ئەسكى كىگىز ئۈستىدە بىرى پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۆينىڭ ئىچىدىن ئادەم چىداپ بولمايدىغان بىر خىل بەدبۇي پۇراق كېلەتتى. سۇپىنىڭ كىگىز يەتمىگەن يېرىگە كىيىم - كېچەكلەر دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. كازىم تاش ماڭا «قانداق، دېگەنلىرىم راستمىكەن؟» دېگەندەك لەپپىدە قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇخلاۋاتقان كىشىنى نوقىدى.

— نۇرۇللا، ھەي نۇرۇللا، قوپە خوتۇن تالاق ئەمدى.

جاۋغىيىدىن ئاققان شۆلگەيلىرى كىگىزگە چاپلىشىپ تۇرغان يۈزىدە بىر چاڭگال لاي قاتۇرغان نۇرۇللا بېشىنى كۆتۈردى. ئۇخلاۋېرىپ ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى.

— مۇشۇنداق ئۇخلاۋېرەمسەن ھارام تاماق؟ — دېدى كازىم تاش ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — ئۇيقۇدىن باش ئالالمىغاچقا ئۆيۈڭدە خوتۇن توختىمايدۇ - دە، سېنىڭ. نېمە دېگەن تۈگىمەيدىغان ئۇيقۇ بۇ؟

— مۇشۇنداق ئۇخلىماي نېمە قىلىمەن، كازىمكا؟ سىلىنىڭكىگە بېرىپ خان ئاچامغا يېلىم كولاپ بەرسەم، پاچىقىمنى چېقىۋېتەرلا بىكار. . .

يىگىتنىڭ بۇ چاقچىقى بىلەن كازىم تاش بويۇنلىرىغىچە قىزاردى.

— سەن خىيالىڭچە، بىزنىڭ ئۆينىمۇ ئۆزۈڭنىڭكىگە ئوخشىتىپ قاپسەن - دە، — دېدى ئۇ ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ، — خانئاچاڭنىڭچۇ، يېلىملىرى ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ. سەندەكلەرگە بىزنىڭكىدە ئىش يوق. — كازىم تاش ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇدى، — ماڭا قارا نۇرۇللا، بۇ ئۇكىمىز ناھىيىدىن كەلگەن كادىر. يېزىمىزدىكىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا كەلگەن. بۈگۈن سېنى ئاتايىن يوقلاپ كەلسە، قېرى كالىدەك پۇشۇلداپ ياتىسەن، تېخى ماڭا سۆزمەنلىك قىلامسەن؟

نۇرۇللا ھىجايغىنىچە يەر تېگىدىن ماڭا قارىدى.

— ئوھوي، بىز مۇشۇ ھاتەمجاننىڭ ياردىمى بىلەن بېيىيدىكەنمىز - دە، ماڭا قانچىلىك ئەپكەلدىلە؟ بولسا ئىككى - ئۈچ توقماق ئېتىۋېتەرلا كادىر غوجام . . .

— نېمە دەيدىغانسەن نۇرۇللا، سەن خىيالىڭدا بۇ ئۇكىمىزنى پۇل چاچقىلى كەلگەن خەزىنىدار دەپ قاپسەن - دە؟ ساڭا ئوخشاش يېتىش، ئۇخلاشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان قېرى ئېشەكنىڭ تەخەيلىرىگە ئالاھىدىنىڭ خەزىنىسىنى ئەكەلسىمۇ بىكار. بىلىپ قوي، بۇ ئۇكىمىز دېگەن كەتمەننى باشتىن ئۈستۈن كۆتۈرۈپ چاپالايدىغان ئەركەكلەرگە ئەقىل ئۆگەتكىلى، بېيىش يوللىرىنى كۆرسەتكىلى كەلگەن.

نۇرۇللانىڭ چىرايىدىكى كۈلكە تېزلا

ئۆچۈپ، ئورنىنى ئۈمىدسىزلىك ئىگىلىدى. ئۇ سارغۇچ كەلگەن كۆزلىرى بىلەن ماڭا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە ئۆزىنى كىگىزگە تاشلىدى.

ــ نەچچىگە كىرىدىڭىز؟ ــ مەن ئۇنىڭ مەسخىرە ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرغان كۆزىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرغان ھالدا سورىدىم.

ــ يىگىرمە سەككىزگە.

ــ ئۆيلەنگەنمۇ سىز؟

ــ يىگىرمە ياشتا تۇنجى خوتۇنىنىڭ كەشىنى توغرىلىغانمەن، ــ دېدى ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن ھىجىيىپ ۋە مەندىن ياندۇرۇپ سورىدى، ــ ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۇزۇن چاچلىقتىن بىرەرسى باردۇ؟

ــ ئايالىم بار، ــ ئۇنىڭ بۇ قوپاللىقلىرىدىن غۇزژىدە ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ سىلىق جاۋاب بەردىم.

ــ ئارانلا بىرسى، ــ دېدى نۇرۇللا مەسخىرە قىلغاندەك، ــ كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن كادىر غوجام. خوتۇن ئىشىدا باشقىلار مېنىڭ ئاغزىمنى كوچىلىمىغىنى تۈزۈك. يىقىر ئۆمۈر بويى ئاتا ـ ئانىسى ئېلىپ بەرگەن بىر خوتۇننىڭ كۆزىگە قاراپ ئۆتىدىغان لاتا غىلاپتىن ئەمەس. ئۇچوقراقىنى دېسەم، يىگىرمە سەككىز يېشىمغىچە ئالغان خوتۇن بەش.

ــ قېنى شۇ خوتۇنلار؟ ــ كازىم تاش چىداپ تۇرالماي سەكرەپ كەتتى، ــ كىمگە گەپ قىلىۋاتقىنىڭنى چاغلاپ باقسالڭ بولارمىكىن نۇرۇللا، قاراپ تۇرسام ئەجەب ئاتىسەنغۇ پونى. خوتۇننى سەندەك ئالىدىغان ئىش بولسا بەش ئەمەس، ئەللىكىنىمۇ ئالاتتۇق. لېكىن بىر خوتۇنغا مېھىر بېرىپ ئائىلىنى ئىللىتىش، بالا تېپىپ قاتارغا قوشۇش، ئەڭ يامىنى خوتۇننىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، چۈشىن قوندۇرماي ساقلاش ئاسان ئەمەس. بەش خوتۇن ئالدىم دەيسەن، ئۆيۈڭگە قارىغىنا، ئادەمنىڭ چىشىسى تۇرماق، ھەتتا ئېغىلىڭدا ئېشەكنىڭ مادىسىمۇ يوق. شۇنداق تۇرۇپ نېمىڭگە ماختىنىسەن؟ نېمىڭگە چوڭ گەپ قىلىسەن لەقۋا؟

نۇرۇللا ئىندىمەستىن يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ چىرايى دەسلەپىدە قۇرۇلتاش دالالىرىدا ئۆسكەن يۇلغۇننىڭ چېچىكىدەك قىزاردى. ئارقىدىن ئاپتاپتا قالغان جىگەردەك قارىداپ، چىشلىرى كىرىشىپ، ئېڭەك سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىقتى. كۆز جىيەكلىرىدە ھاقارەت ياشلىرى ئەگىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپلا كەتتى.

ــ نۇرۇللا، ــ دېدىم ئۇنىڭ قاداق باسقان قوللىرىنى دوستلارچە سىقىپ، ــ مەن بۇ يەرگە يېڭى كەلدىم. مەندە خىسلەتلىك ئەنگۈشتەر يوق، ئالتۇن تېزەكلەيدىغان ئېشەكمۇ يوق. ئەمما سىلەرگە كۆيىدىغان، غېمىڭلارنى يەيدىغان بىر ياخشى كۆڭۈل بار. بىرەر ئىشتا ھاجىتىڭىز چۈشسە مېنى ئىزدەپ ياتىقىمغا بېرىڭ. پاراڭلىشىمىز، مۇڭدىشىمىز. ياش ئىكەنسىز، ئۆزىڭىزنى مۇنداق تاشلىۋەتسىڭىز بولمايدۇ. ئەقىللىق ئادەم دېگەننىڭ مەنىسىز ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىگە ئىچى ئېچىشىشى كېرەك.

ئۇ تەئەججۇپ، سوئال ئىپادىلىرى چىقىپ تۇرغان ياشاڭغۇ كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ، بىر پەس قاراپ تۇردى ـ دە، ئايانچلىق ئاۋازدا غۇدۇڭشىدى.

ــ ئىشقىلىپ، يىقىر دېگەن بەش خوتۇن ئالغان ئەركەك. . .

6

كەچ كىرمەكتە ئىدى. قۇرۇلتاشنىڭ سول تەرىپىدىكى ئەجدىھادەك سوزۇلۇپ ياتقان تاغ تەرەپتىن سوغ شامال كېلىشكە

باشلىدى. ئاپئاق شارچىلارنى ئەسلىتىدىغان بولۇت تۇپلىرى ئۇۋۇسىغا قايتقان ئاققۇلاردەك تېز - تېز ئۆزمەكتە ئىدى. هاۋانىڭ سالقىندىشى بىلەن پاخپاق سۆگەتلەرنىڭ ئىگىسىدىن دەككىسىنى يېگەن كوچۇكنىڭ قۇلىقىدەك سالپىيىپ كەتكەن يوپۇرماقلىرىغا جان كىرىپ، مەيىن شامالنىڭ يەلپۈشىگە ئەگىشىپ، لەپىلدەشكە باشلىدى. قۇرولتاش ئاسمىنىدا تەقۋادارلار-نى نامازغا چىللاپ سوزۇپ - سوزۇپ ئېيتىلغان ئەزان ساداسى ئاڭلاندى. بىر كۈنلۈك ئالدىراش ئۆتكەن هاياتنىڭ ئاراملىق تاپىدىغان پەيتى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى.

كازىم تاش بىلەن خوشلىشىپ ياتىقىمغا قايتىپ كەلدىم. قەغەز چاپلانغان دېرىزە مىخلىۋېتىلگەچكە ياتاق ئىچى بەكمۇ دىمىق ئىدى. مەن ياتاقنىڭ هاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشىكنى چوڭ ئېچىۋەتتىم - دە، هارغىنلىق يەتكەن جىسمىمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. بۈگۈن تولا يول مېڭىپ، ئوبدانلا چارچىغانىدىم. پۇتلىرىم سىقراپ ئاغرىپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم...

كىمدۇر بىرىنىڭ سالىمىنى ئاڭلاپ ئىتتىكلا ئورنۇمدىن تۇردۇم. مېنى يوقلاپ كەلگۈچى قىرىق - قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى شالاڭ ساقاللىق، ئوتتۇرا بويلۇق تەمبەل كىشى ئىدى. ئۇزۇن قارا يەكتەك كىيىپ، بېلىگە كەڭ پوتا باغلىغان، مايلىشاڭغۇ شاپاق دوپپىسى تېگىدىن مىسرەڭ بېشى چوڭگۈننىڭ قورسىقىدەك چىقىپ تۇرغان بۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرىدە ئادەمنى ئەيمەندۈرىدىغان بىر خىل سىرلىق نۇر جىلۋە قىلىپ تۇراتتى.

— قېنى، قېنى ئۆيگە كىرسىلە، — مەن ئىتتىكلا ئالدىغا بېرىپ، ئۇ كىشىنى ياتىقىمغا تەكلىپ قىلدىم.

— مېھمان دېگەن ئاۋۋال ساھىبخانىنىڭ ئۆيىگە پەتىلەپ بېرىشى كېرەكقۇ دەيمەن، — دېدى ئۇ كىشى قولۇمنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ چىڭ سىققىنىچە، — سىلە كەلگىلىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. قوشنا بولغاندىكىن، هال كۈنۈڭ قانداق، دەپ يوقلاپ كېلەرمە-كىن دېگەن نىيەتتە تەمە قىلىپ ئولتۇرساق هېچ بىر تەرەپكە ئۆتمىدىلە. شۇڭا بۈگۈن ئۆزۈملا ئالدىلىرىغا كەلدىم. قېنى، بىزنىڭكىگە بارايلى كادىر غوجام...

— ئۆزلىرى...

— ئىسمىم مۇسا توختى، تېگىمدىن قۇرولتاشلىقمەن. ئاغزىم ئىتتىك، مىجەزىم چۇس بولغاچقا، كەنتىمىزگە كادىر كەلسىلا هەمىشە چوقۇشۇپ قالىمەن. شۇڭا مۇسا سەۋدا دەپ لەقىمىمۇ بار.

— ئۇنداقتا بىزمۇ چوقۇشىدىكەنمىز - دە؟

— قاراپ باقىمىز، — دېدى ئۇ چاقچاقىمغا جاۋابەن، — ئادىل، هەققانىي بولسىلا، نېمە دېسىلە شۇ، تاز كاللاڭنى يېرىپ بەر دېسىلىمۇ ياق دېمەيمەن. ئەمما قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق، يوغان سۆزلەيدىغان، هە دېسە بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە خۇشتار كادىرنى كۆرسەم توكۇم تەتۈر ئۆرۈلۈپ قالدۇ مېنىڭ. قېنى تېز بولسىلا، داستىخان سوۋۇپ قالدۇ.

مۇسا سەۋدانىڭ ئۆيى مېنىڭ ياتىقىمدىن بىرەر يۈز مېتىرچە نېرىدا بولۇپ، پاكارغىنا بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە سېلىنغانىدى. تال پىلەكلىرىدىن توقۇلغان هويلا ئىشىكى دۆڭگە يامىشىدىغان چىغىر يولغا قارايتتى. هويلىغا كىرگەندىن كېيىن، ۋاسلىرى جۈپلەپ قويۇلغان، خېلىلا هۈنەر ئىشلىتىپ ياسالغان پېشايۋان كۆزگە تاشلىناتتى. ئۇنىڭ ئاستىدىكى سۇپىغا داستىخان سېلىنغان بولۇپ، سەل

مۇكچەيگەن ئوتتۇز ياشلاردىكى بىر ئايال ۋە ياش جەھەتتە بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان ئۈچ بالا داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئاش ئىچىشىۋاتاتتى. مېنى كۆرۈپ ئايال ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇردى. باللار بولسا ھەيرانلىقتىن قوشۇقنى تۇتقان پېتى قاراپ قېلىشتى.

— ۋاي بېشىنى يەيدىغان تاز، كادىر غوجامنى سۇيۇقئاشقا داخىل قىلمايلى. ئەتە - ئۆگۈن ياخشىراق تاماق قىلساق چاقىرىۋالارمىز، دېسەم ئىندىمەي دەرەخ ئاستىغا كەلگەن سايىدەكلا غايىب بولۇۋىدۇق. مېنى يەرگە قارىتىپ ئاخىرى چاقىرىپ كەپسەن - دە، — دېدى ئايال ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

— تولا كوتۇلداپ بېشىمنى ئۇماچ قىلماي، ئىشىڭنى ئۇسسىمامسەن؟— دېدى مۇسا سەۋدا مېنى سۇپىغا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن ئوڭ سېپىنى تاپالماي تۇرغان ئايالىغا ۋارقىراپ، — بۈگۈنكۈدەك ھېرىپ - چارچىغان ئادەمگە بەتتە پولۇدىن كۆرە چامغۇر سېلىپ ئېتىلگەن سۇيۇقئاش ئوبدانراق تېتىيدۇ.

ئۇ چىلان قوشۇقنى داستىخاننىڭ بورجىكىدە سۈرتىۋەتكەندىن كېيىن، ئايالى ئېلىپ كەلگەن بىر قاچا ئاشقا سېلىپ ئالدىمغا سۈرۈپ قويدى.

— قېنى ئالسىلا، دېھقان خەقنىڭ تامىقىنى يېگەن كادىرنىڭ ئۇششاق كېسەللىرى ساقىيىپ كېتەرمىش. بۇ ئاش سىلىگە پايدا قىلىدۇ، كادىر غوجام.

مەن تەكەللۇپسىزلا ئاشنى ئىچىشكە باشلىدىم. قورسىقىم راسا ئىچىپ كەتكەچكە بۇ ئاش ماڭا قەۋەتلا تېتىپ كەتتى.

— يەڭگىمىزنىڭ قولى گۈل ئىكەن. ئاش بەكلا ئوخشاپتۇ، — دېدىم ئاشنى ئىچىۋېتىپ.

— ھەي، ھەي، بولدى قىلسىلا دەيمەن. ئايال كىشىنى شۇنداقلا ماختاپ قويسىلا ئىشىكى تۆت چىشلىق بولۇۋالىدىغان نېمە ئۇ. شۇڭا ئەتكەن تامىقىدىن قۇسۇر تېپىپ تۇرمىسا بولمايدۇ، — دېدى مۇسا سەۋدا قولىقىمغا شىۋىرلاپ.

قىسقىلا دەۋئادىن كېيىن داستىخان يىغىلدى. قورسىقى تويغان باللار خۇددى چۈجە - خورازدەك بىر - بىرىگە بازغىپ ئويۇننى باشلىۋەتتى. ئۇلار شۇ تاپتا ھويلىدە گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن يايلاقتا ئانا سۈتىگە تويغان قوزىلاردەك سەكرىشىپ شوخلۇق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ قىي - چۇ قىلىپ ھويلىنى بېشىغا كىيىشى بىلەن پېشايۋان ئاستىدا ئولتۇرغان قارلىغاچلار ھۈركۈپ ئۇچۇپ كېتىشتى.

— مانا، بىزنىڭ تۇرغان - پۈتكىنىمىز مۇشۇ، — دېدى مۇسا سەۋدا ساقال - بۇرۇتلىرىغا يېپىشىپ قالغان ئاش سۇيىنى ئالقىنى بىلەن سۈرتىۋېتىپ، — چۇمۇلىدەك مىدىرلاپ، باشقىلار بىلەن قىزغىنىشىپ يۈرۈپ تاپقان دۇنيايىمىز ھوشۇقنى ياپالمايدىغان قارا يەكتەك بىلەن بىر قاچا سۇيۇقئاش... ھەي، ئىلگىرى كادىرلار سەكسىنىنچى يىللارغا بارغاندا كوممۇنىزمغا يېتىمىز، توققۇزىمىز تەل بولىدۇ. ئورنىمىزدا يېتىپ سۈت ئىچىمىز. ناشتىلىقتا قازان كاۋىپى، چۈشلۈككە زىخ كاۋاپ، كەچلىككە سېمىز گۆشتە قىلىنغان شورپا ئىچىمىز. كۈنىگە بىر كىلودىن ئالما، يېرىم كىلودىن بادام، ئوتتۇز دانىدىن ياڭاق يەيمىز. مانا شۇنداق ئۇلۇغ كۈن كوممۇنىزم بولىدۇ، دەپ بىزنى ئىشەندۈرەتتى. شۇ چاغقا بارغاندا ئادەمدە يەنە نېمە ئارمان قالار؟ ھەر قانچە بولسا جەننەت دېگىنىمۇ شۇنچىلىك بولار، دەپ ئويلايتتۇق. مانا شۇ كۈن ئۈچۈن كادىرلار ئوتقا كىر دېسە گۈلخانغا، سۇغا كىر دېسە، قايىنامغا سەكرەشتىن يانمايتتۇق. مانا

شۇنداق سەكرىشىپ سەكسىنىنچى يىللار تۇرماق، توقسىنىنچى يىللاردىنمۇ ئېشىپ كەتتۇق. كادىرلار دېگەندەك شېرىن كۈن بىزگە نېسىپ بولمىدى. ئەمدىلىكتە سىلى كەپتىلا، ئاڭلىساق بىز سىلىنىڭ قوللىرىدا بېيىيدىكەنمىز. بۇ راستمۇ ياكى سىلىمۇ بىزنىڭ ئاغزىمىزغا رېزىنكە ئەمچەك سالغىلى، بارغىلى بولمايدىغان يەرنى كۆرسەتكىلى كەللىمۇ؟

مۇشۇ سوئاللاردىن قەۋەتلا قورقىدىغان بولۇپ قالدىم. كىملا ئۇچرىمىسۇن، ماڭا مۇشۇ سوئال چىقىپ تۇرغان نەزىرى بىلەن قارشاتتى. قاغجىراپ ياتقان قۇرۇلتاش زېمىنى ماڭا خىتاب قىلاتتى؛ قېنى يىگىت، كارامىتىڭ بولسا كۆرسەت. قولۇڭدىن كەلسە خۇددى ھاتەم ھاجەتمەنلەرنىڭ بېشىنى سىلىغاندەك، سۇلايمان پەيغەمبەر قۇشلارغا ھۈنەر ئۆگەتكەندەك ئالقىنىڭنى ئاچ. ھۈنەرلىرىڭ بولسا ئۆگەت! بىز سېنىڭ شاپائىتىڭگە موھتاج. بىز سېنىڭ ھىممىتىڭگە تەشنا. سەن بىزگە يارەم قىلماقچى، قۇرۇلتاشلىقلارنى بېيىتماقچى، توققۇزنى تەل قىلماقچى بولغان ئىكەنسەن، ئېيتقىنا، ئىشنى نەدىن باشلىماقچىسەن؟ قانداق قىلماقچىسەن؟!

ئاشۇ جاۋاب بېرىش قىيىن بولغان سوئاللار، ئاشۇ سوكۇت قىلىپ تۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان تەلمۈرۈشلەر يەلكەمدىن تاغدەك باساتتى. مەن ئاشۇ ئېغىر يۈكنىڭ تېگىدە ئاناستىر تېغىغا باستۇرۇلغان تاش مايمۇننىڭ كۈننى كۆرۈۋاتاتتىم. ھەممىلا تەرىپىمدە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان قورام تاشلار بار ئىدى ۋە بۇ قورام تاشلار مەن تامان ئاستا ـ ئاستا سىلجىپ، ئاجىز، ۋۇجىك بەدىنىمنى قىسماقتا ئىدى. ئۇيان ئويلاپمۇ، بۇيان ئويلاپمۇ ئاشۇ سوئاللارغا قانائەتلەنگۈدەك، ئەتراپىمدىكى قورام تاشلارنى غايىب قىلغۇدەك، قۇرۇلتاشنىڭ چاڭقاق زېمىنى، نامرات خەلقى رازى بولغۇدەك جاۋابنى تاپالمىۋاتاتتىم.

— بىر يۇرتنىڭ تەقدىرىگە باغلانغان چوڭ پىلان دېگەن بىر كۈندە تۈزۈلۈپ، ئەتىسى ئىشقا ئېشىپ بولىدىغان نەرسە ئەمەس، — دېدىم مۇسا سەۋدانىڭ كۆزلىرىگە تىك قاراشقا پېتىنالماي؛ — ئالدى بىلەن قۇرۇلتاشنىڭ شەرت ـ شارائىتى بىلەن تونۇشۇپ، ئاندىن ئىش باشلاشنى ئويلىشىۋاتىمەن.

مۇسا سەۋدا ئاچچىق كۈلگىنىچە بېشىنى چايقىدى.

— چۈشەندىم ئۇكام. سىلىمۇ خۇددى دوختۇر كېسەل كۆرۈپ، دورىنى ئەمەس دورا قۇتىسىنى بەرگەندەكلا ئىش قىلغۇدەكلا. ئاۋۋال شەرت ـ شارائىتى بىلەن تونۇشىمەن دەيلا، تونۇشۇپ بولغاندا بولسا تەشكىل سىلىنى بۇيەردە قويمايدۇ. يەنە قۇيرۇقلىرىنى خادا قىلىپ ئىدارىلىرىگە جۆنەيدىلا. سىلىگە تەلمۈرۈپ، سىلىنىڭ بىر ئىش قىلىشلىرىنى كۈتۈپ ئىككى ـ ئۈچ يىلنى بىكارغا ئۆتكۈزگەن قۇرۇلتاشلىق كونا چاپان ئىچىدە تۈكۈرۈكىنى يۇتقانچە قېلىۋېرىدۇ. ئىشلار ئەزەلدىن شۇنداق بولۇپ كەلگەن يەر بۇ...


مەن خۇددى غايىبتىن بىر قول كېلىپ گېلىمنى غىققىدە بوغۇۋالغاندەك، ئېغىز ـ بۇرنۇمنى قېلىن بىر نەرسىدە ئېتىۋالغاندەك بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. تىنىقلىرىممۇ ئېغىر ئىدى. مۇسا سەۋداغا نېمە دېيىشنى، قانداق چۈشەنچە بېرىشنى، ئىشلارنىڭ ئۇ ئويلىغاندەك ئەمەسلىكىنى قانداق بىلدۈرۈشنى ئۇقالماي بىردەمگىنە تۇرۇپ قالدىم. كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، مەن بۇ يەرگە كەلگىلى بىر نەچچە ئاي بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە كاللامدا ئېنىق بىر پىكىر يوق ئىدى. قانداق ئىشلەشنىمۇ

ئۇقمايتتىم. مەنزىل - نىشانەم ۋە قۇرۇلتاشلىقلارنىڭ ئۈمىدلىرىگە بېرىدىغان جاۋابنىڭ ھەممىسى تەسەۋۋۇرۇمنىڭ سىرتىدا، قانداقتۇر بىر قارا تۇتەكنىڭ ئىچىدە قالغاندەك ئىدى. مەن ئۇنى تېپىۋېلىشنىڭ كويىدا ئاۋارە ئىدىم. ئەمما كۆزۈمگە چېلىقىدىغىنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى ھۇۋۇلداپ قالغان غايەت زور بوشلۇق ئىدى...

7

ئاشۇ كۈندىن باشلاپ، مۇسا سەۋدا بىلەن باردى كەلدىمىز كۆپەيدى. ئوچۇق سۆزلۈك، كۆڭلىگە نېمە كەلسە تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرماي دەۋىرىدىغان بۇ ئادەمگە مەندە بىر خىل ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. تازىنىڭ بېشىدا خىيال بىلەن چۈشىن ئوينايدۇ دېگىنى راستمىكىن، ئۇ ھەر بىر سۆزنى ئويلاپ قىلاتتى. كاللىسىدا پىشمىغان مەسلىھەتلىرى بولسا، ئالدىراپ بىرەرسىگە ئاشكارىلىمايتتى. ئۆز ئىشىغا پۇختا، يولىنى تېپىپ ماڭالايتتى. دىتىغا سىغمايدىغان ئىشلارغا دۇچ كەلسە، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يۈز خاتىرە قىلىپ ئولتۇرمايتتى. ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزىنىڭ تېگىدە يەنە قانداقتۇر مەنالار يوشۇرۇنۇپ ياتقاندەك، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرغىنىمدا ئاشۇ يوشۇرۇن مەنالار ماڭا بارغانچە يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇ ئىچىدە ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالاتتىم.

بۈگۈنمۇ كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئىككىمىز مەھەللىنىڭ بېشىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان غول ئۆستەڭنىڭ بويىغا باردۇق. تومۇز ئايلىرى ئاخىرلاشمىغاچقا مەھەللىنىڭ كەچلىك ۋاقىتلىرى دىمىق بولاتتى. تاغ تەرەپتىن كەلگەن ئىسسىق شامال ۋە قۇرۇلتاش دالىلىرىدىن كېلىدىغان قۇرغاق ئىسسىق ھاۋا ئېغىر ئادەمنى چىنداپ تۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قىزىتىۋېتەتتى. قىزىرىپ، تەرلەپ - پىشىلداپ ئولتۇرۇپ بىر قاچا تاماقنى يەپ بولغىنىڭدا، ھېلىلا ئۆستەڭدىن چىققاندەك كىيىملىرىڭ چۆپ - چۆپ بولۇپ كېتىدۇ. باش كۆزۈڭدىن ئاققان تەر كۆزلىرىڭنى ئىچىشتۇرۇپ، بويۇنلىرىڭدىن ساقىپ، سېنى سۇغا چۈشكەن قەغەزدەك لەش قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا بۇ يەردىكىلەر، غەيۋەتكە ئامراق خوتۇن - قىزلارمۇ، بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، قىقاس سېلىپ ئوينايدىغان باللارمۇ، كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى ھېكايە قىلىشىپ، پو دېگەننى زەي سالماي ئېتىشىدىغان بىكار تەلەپ يىگىتلەرمۇ تاماقتىن كېيىن سەگىدەش ئۇچۇن ئۆستەڭ بويىغا يىغىلىشاتتى.



بۈگۈن ئاي تولغان كۈن ئىدى. ئالتۇن تۈگمىگە ئوخشايدىغان دۈپ - دۈگىلەك ئاي شالاڭ بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئۈزۈپ چىقىپ، پۈتكۈل كائىناتنى — ئەمدىلا مەيىن شاماللار كېزىشكە باشلىغان باغۇ - بوستانلارنى، قوي - كالا پادىلىرى چاڭ كۆتۈرۈپ بېسىپ ئۆتكەن توپىلىق يوللارنى، كۈمۈشرەڭ ياپراقلىرى شىلدىرلاپ تۇرغان جىگدىلىكلەرنى، يىلاندەك تولغىنىپ، كىملەر ئۈچۈندۇر پىغان چېكىپ، ھەسرەتلىك كۈيلىرىنى ياڭرىتقىنىچە ئېقىۋاتقان ئېرىق سۇلىرىنى ئۆزىنىڭ

سۇترەڭ نۇر تالالىرى بىلەن كۆممەكتە ئىدى. ئۈستەڭ بويى شۇنچىلىك سالقىن ئىدىكى، ھېلىلا تاغدىن چۈشۈپ بۇيەرلەرگىچە يېتىپ كەلگەن قار سۇلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن سوغۇق ئېقىم ئىسسىق ئازابىدىن تالجىققان ئادەم بەدىنىگە بىر خىل راھەت بېغىشلايتتى.

— بىر تال شورىۋالامدىلا؟ — مۇسا سەۋدا ئىككىلىك قىلىپ كېسىۋالغان گېزىت قەغىزىگە موخوركا تۆكۈپ ماڭا سۇندى، — ھەي، كاساپەتنىڭ كەيپىنى...

بىز بىر تالدىن موخوركا ئوراپ، ئازمىنىڭ سېمونت تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ چېكىشكە باشلىدۇق. ھالقا - ھالقا بولۇپ ئېغىزدىن چىقىۋاتقان كۆكۈش ئىسلار ئاي يورۇقىدا ئاستا - ئاستا تارالماقتا ئىدى.

— مۇساكا، — دېدىم بىر پەسلىك سۈكۈتتىن كېيىن، — ئاياغ تەرەپتە ئولتۇرىدىغان نۇرۇللا ئىسىملىك يىگىتنى تونۇمسىز؟

ئۇ مېنىڭ بۇ سوئالىمدىن غەلىتىلىك ھېس قىلدىمۇ ياكى باشقا بىر ئىشنى ئويلاپ تۇرغان بولسا، ئېنىق ئاڭلىماي قالدىمۇ، ئەيتاۋۇر كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە ماڭا قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى.

— ھېلىقى «بەش خوتۇن ئالغانمەن» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ يۈرىيدىغان نۇرۇللانى دەيمەنا...

— بۇنى ئەجەب سوراپ قالدىلىغۇ؟ — مۇسا سەۋدا بىر ئىشتىن خاۋاتىرلەنگەندەك سەل ئەندىكتى، — بىرەر ئالا قاغا مەن توغرۇلۇق ئاغزىنى ئۇششۇتكەن ئوخشىمامدۇ سىلىگە؟

— نېمە دەيدىغانسىز مۇساكا، مەن نۇرۇللا توغرۇلۇق سوراۋاتسام، ئەجەب ئۆزىڭىزگە ئېلىپ كەتتىڭىزغۇ؟ — مەن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم. مۇسا سەۋدانىڭ شۇنچە ھودۇقۇپ كېتىشى مېنىمۇ سەل ئەندىشىگە سېلىپ قويغانىدى. ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى. ئۇ موخوركىسىنى قاتتىق - قاتتىق شورايتتى. تولۇن ئاينىڭ سۈتتەك نۇرلىرىدا مۇسا سەۋدانىڭ تاتىراڭغۇ چىرايى يەنىمۇ سولغۇن كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئىچىگە تىنىپ ئىندىمەي ئولتۇرۇشىغا قاراپ تىتالىڭ تومۇرىغىچە تېگىپ ئۆتىدىغان سوئالدىن بىرنى سورىدىمۇ نېمە؟ دېگەننى خىيال قىلدىم. ئۇ شۇ ئولتۇرۇشىدا تېخىچە ئېغىر - ئېغىر تىنىپ، موخوركىسىنى پۇرقىرىتىپ چەكمەكتە ئىدى.

— راستىنى ئېيتسام، — دېدى ئۇ نېمىگىدۇر ئىما - ئىشارەت قىلغاندەك قولىنى بوشلۇققا شىلتىغىنىچە، — بىزنىڭ ئۆيدىكى قوشناچىم نۇرۇللانىڭ تۇنجى خوتۇنى بولىدۇ. مەن ئۇنى نۇرۇللادىن تارتىۋالغانمەن...

ھەيرانلىقتىن داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. شۇئان كۆز ئالدىمدا مۇسا سەۋدانىڭ خوتۇنى ھەنىپەخاننىڭ سايىدا تۇرۇپ قورۇپ قالغان سېرىق ئۈتتەك چىرايى، مۈكچەيگەن قامىتى، كونا كىيىملەر ئارىسىدا تاياقتىلا ئوخشاپ قالغان ئورۇق بەدىنى، بۈرتۈپ چىققان مەڭىز سۆڭەكلىرى ۋە گۆشى تارتىلىپ كەتكەن نېپىز لەۋلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنىدىغان سارغۇچ چىشلىرى زاھىر بولدى. ئەپتىدىن ئاددى قول بىلەن تىكىلگەن پۇرۇچ قورچاققا ئوخشايدىغان، سورىمىساڭ ئەتىدىن - كەچكىچە بىر ئېغىز گېپى يوق، كۆزلىرى گەجگىسىدە قايناپ تۇرىدىغان شۇ كۆرۈمسىز ئايال باشقىلاردىن تارتىۋېلىنىشقا ئەرزىمدۇ؟ ئويلىغانسېرى كاللام ئۇماچلىشىپ كەتتى.

— شۇ خوتۇنىنىمۇ باشقىلاردىن تارتىۋالغانمەن دەپ ماختىنىۋاتامدىلا دېيىشلىرى تۇرغان گەپ، — دېدى مۇسا

www.uyghurkitap.com



سەۋدا مېنىڭ نېمە ئۈيدا بولۇۋاتقانلىقىمنى سېزىۋالغاندەك، — ئۇ ياش ۋاقتىدا كارامەت چىرايلىق قىز ئىدى. قۇرولتاش تارىخىدا ئۇنداق قىزدىن يەنە بىرى تۇغۇلغان دېسە مەن ئىشەنمەيمەن. يىللار ئۇنى قېرىتىپ، ئىسكەتىدىن كەتكۈزۈۋەتتى. بىچارىنىڭ ئىشى ئېغىر - دە، ھازىر قارىساڭ ئۇ موماي سىياقىغا كىرىپ قالغان بىلەن، ئۇ تېخى ئەمدىلا يىگىرمە بەشكە كىردى.

مۇسا سەۋدا تاماكىسىنى بىر نەچچە شوراپ، قالدۇقىنى ئۆستەڭگە ئاتتى - دە، ماڭا يۈزلەندى:

— مەن ئۇنى كىچىك ۋاقتىلىرىدىن باشلاپلا ياخشى كۆرەتتىم، — دېدى مۇسا سەۋدا ھىجىيىپ، — مۇنداق دېسەم مېنى مەسخىرە قىلمىسىلا. ئادەم تىرىك ياشىغانىكەن ئايال زاتىنى سېغىنىدىغان، ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىشنى ئويلايدىغان، يېنىڭدىن بىرەر ئايال ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىمىساڭ كۆڭلۈڭ ئۇنىمايدىغان گەپ ئىكەن. ھەنىپەخان مېنىڭ كۆز ئالدىمدا چوڭ بولدى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە چېچىنى سىكىلەكىلەپ تاراپ، مال پادىلىرىنى ھەيدەپ بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەيلا قالاتتىم. ئۇ ناخشا توۋلاپ، توپا - چاڭ كۆتۈرۈلىۋاتقان پادىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، قىزغۇچ نۇرلىرىنى ئاجىز تۆكۈۋاتقان سەھەر شەپىقىنى تامان كەتكەندە، ئەي چىرايلىق قىز، تېز رەك چوڭ بولغىن، سېنى ياخشى كۆرىدىغان، سېنىڭ چوڭ بولۇشىڭنى كۈتۈۋاتقان بىرسىنىڭ تاقەتسىزلىك بىلەن يولۇڭغا قاراپ تۇرغىنىنى، سېنىڭ ئېچىلىشىڭنى، گۈلدەك خۇشپۇراق چېچىشىڭنى تىلەۋاتقان بىرسىنىڭ ئىزلىرىڭنى كۆزىگە سۈرتۈپ، يۈرەك باغرىنىڭ ئىشق گۈلخىنىدا ۋاژىلداپ كۆيۈۋاتقانلىقىنى سەزگۈدەك بولغىن، دەپ نىدا قىلاتتىم. كۈنلەر ئۆتۈپ، ھەنىپەخان بويىغا يېتىۋېدى، تەشنالىقىم كۈچەيدى. يۈرىكىمدىكى ئوت ئۇلغايدى. بۇ ئوت ئەسلىدە سامان تېگىدە ئىدى. ئۇيەر - بۇيەردىن ئىس چىقىپ تۇراتتى. مانا ئەمدى شامال سوققاندەك گۇرۇلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى. ھەر قېتىم ھەنىپەخاننى ئۇچراتقىنىمدا، ئۇ ماڭا قىيا بېقىپ، سەدەپتەك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرىگىنىدە، گۈلدەك پورەك ئېچىپ قات - قېتىدىن ئېچىلغىنىدا، بۇ ئوت يەنىمۇ ئۇلغىياتتى... ئاقىۋەت مەن بۇ گۈلنى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئۈزۈش نىيىتىگە كەلدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن كاللام كەتسىمۇ رازى ئىدىم.

ۋۇجۇدۇم ئۇنىڭ ئىشقىدا يالقۇنجاشقا باشلىغان بىر كۈنى كۈتكەن پەيت ئاخىرى يېتىپ كەلدى. ئۇ قوناقلار باش ئېلىپ، ساقال چىقىرىشقا باشلىغان چاغ ئىدى. دەل مۇشۇ ئازمىنىڭ بېشىدا پىغان چېكىپ ئولتۇرسام، ھەنىپەخان تاغىرىنى قولتۇقلىغىنىچە يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئېچىرقاپ كەتكەن قېرى مۇشۇك چاشقاننىڭ ھىدىنى ئالغاندەك، بۇ تاسادىپىي پۇرسەتنى كۆرۈپ بىر جېنىم ئون بولدى. ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ تايغاندەك مېڭىپ كەتتىم. ھەنىپەخان چوڭ يولدىن بۇرۇلدى - دە، ئۆزىنىڭ قوناقلىقىغا كىرىپ كەتتى. مانا ئامەت دېگەن! قوناقلىقتا ئۇ يالغۇز ئىدى. باش كۆتۈرمەي قولىدىكى كىچىك ئوتىغۇچ بىلەن قوناقلارنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتاتتى. ئۇچرىغان ئوت - چۆپلەرنى يىغىپ تاغىرىغا تىقاتتى. مەن ئىككىلىنىپ بىر پەس تۇردۇم - دە، ئاخىرى چىدىماي مۆكۈپ ياتقان ئېرىقتىن قوپۇپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدىم.

— ۋاي - ۋۇي، كىمكىن دېسەم،

بىزنىڭ ھەنپەخانكەنغۇ بۇ؟ قوناقلارنى ئوتاۋېتىپسىز - دە، — دېدىم. ئۇ چۆچۈپ كەتتى ۋە مېنى كۆرۈپ ھودۇققان ھالدا تۆت تەرەپكە قاراپ دېدى:

— نېمىشقا كەلدىڭىز مۇساكا؟ تېز بولۇڭ، بۇ يەردىن كېتىڭ. ئىككىمىزنىڭ قوناقلىقتا بىرگە تۇرغىنىمىزنى باشقىلار كۆرسە سەت بولىدۇ.

— ھېچكىم كۆرمەيدۇ.

— ھاجىم دادام قوناقلىققا ئارقاڭدىن بارىمەن دېگەن.

— ھاجىم دادىڭىز كەلگەندە، مەنمۇ قوناقلىقتا تۇرمايمەن. پەقەت سىزنى بىر كۆرۈۋالاي دەپ ئارقىڭىزدىن ئاتايىن كەلدىم شۇ.

— مېنى كۆرۈپ نېمە قىلىسىز؟

— ئالدى بىلەن باغرىمغا بېسىپ سۆيىمەن، ئاندىن نىكاھىمغا ئېلىپ خوتۇن ئېتىمەن...

— ھەي بېشىدا قوماچ قورۇيدىغان قوماق تاز، ماڭا ئېغىز ئاچقۇچە بېرىپ كاللاڭنىڭ يېرىڭىنى ئادالىساڭ بولارمىكىن، — دېدى ئۇ پوكاندەك قىزارغىنىچە قولىدىكى بىر ئۇچۇم توپىنى ماڭا چېچىپ، — ماڭا تاز دورا بولمىدى...

— تازغا ياتلىق بولغان خوتۇننىڭ بەخت گۈلى بىر ئەمەس، ئون قېتىم ئېچىلىدۇ، ھەنپەخان...

— تاز دېگەن كاللىسىدىكى يىرىڭنى ساقىتىپ تۇرسا، ئېشەكنىڭمۇ كۆڭلى ئېلىشارمىش، — ئۇ پىخىلداپ كۈلگىنىچە مېنى مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى.

— تازلىقىمغا قارىماي كۆزلىرىمگە قاراڭ ھەنپەخان. سىزنى ئەمرىمگە ئالسام باش - كۆزىڭىزنى سىلاپ، ئەرلىكىمنى قالتىس يەتكۈزىمەن - دە، سىزگە.

— ھۆ...

مەن قولىقىمنى دىڭ قىلىپ ئەتراپقا زەن سالدىم. شامال ئويناتقان قوناق شاخلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرىدىن باشقا ھېچقانداق تىۋىش يوق ئىدى.

— ھەنپەخان، سىز قارچۇغىنىڭ توشقان ئالغانلىقىنى كۆرگەنمۇ؟ — سورىدىم ئۇنىڭ ئاھۇنىڭكىدەك چۆچۈپ، ھودۇقۇپ تۇرغان كۆزلىرىگە ئىشقى ھەۋەس كۆچىدە چوغ بولۇپ يانغان كۆزلىرىمنى تىكىپ تۇرۇپ. ئۇ مېنىڭ بۇ سوئالىمنىڭ تېگىگە يېتەلمەي بىر پەس تۇرۇپ قالدى - دە، باش چايقىدى.

— ئوۋ سېغىنىپ قالغان قارچۇغا ئەمدىلا يېتىلگەن توشقاننى كۆرۈپ قالسا مانا مۇنداق ئالىدۇ، — دېدىم - دە، كۆزۈمنى يۇمۇپلا ئۇنىڭغا ئېتىلدىم... شۇ چاغدا ئۇ ئون يەتتە ياشتا، مەن يىگىرمە ئالتە ياشتا ئىدىم.

مېنىڭ بىر دەملىك تەلۋىلىكىمگە شاھىد بولۇپ پايخان بولغان قوناقلىق ئاستا - ئاستا سۈكۈتكە چۆمدى. ھەنپەخان ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋېلىپ، بۇقۇلداپ يىغلايتتى. قەلبىمدە بولسا شەھەر ئالغان نوچىنىڭ شېرىن تىترەك ئارىلاشقان ھاياجىنى مەۋج ئۇراتتى...

دەل شۇ چاغدا قوناقلارنىڭ ئەنسىز شاراقلىغىنى ۋە يېقىنلا يەردىن بىرىنىڭ قىسقا يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ھەنپەنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ تەسەللى بەرمەكچى، بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى يىغلىغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. خاتىرجەم بول، مەن سېنى نىكاھىمغا ئالىمەن، شۇ چاغدا ھەممە ئىشلار جايىغا چۈشىدۇ. دېمەكچى ئىدىم. ئەمما ھېچقايسىسىغا ئۈلگۈرەلمىدىم. ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. مەن ئۇچقاندەك مېڭىپ، قىر ئەتراپىغا تىكىلگەن، پاخپىيىپ تۇرغان كەندىرلىككە

www.uyghurkitap.com



ئۆزۈمنى ئاتتىم. دەل شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، قىرنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن ئىبراھىم ھاجىم چىقىپ كەلدى. دادىسىنى كۆرۈپ ھەنىپەخان ھاپىلا ـ شاپىلا كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

ـ ھوي، قوناقلىقتا توڭگۇز كىرىپتىمۇ نېمە؟ ـ توپ ـ توپىدىن سۇنۇپ، يەرگە چاپلىشىپ كەتكەن قوناقلارنى كۆرۈپ، ھاجىمنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە چەكچەيدى.

ـ ھە... ھېلىلا كەلسەم شۇ... شۇنداق تۇرىدۇ، ـ دېدى ھەنىپەخان كېكەچلەپ.

ھاجىم ئېگىشىپ توڭگۇزلارنىڭ ئىزىنى ئىزلاشقا كىرىشتى. ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ ھەنىپەخاننىڭ ئالدىغا كەلگەندە چىپپىدە توختاپ، مەن يوشۇرۇنغان كەندىرلىككە شۈبھە بىلەن قاراپ قويدى. ھاجىمنىڭ غەزەپ ئارىلاشقان بۇ قارىشىدىن يۈرىكىم مۇزلاپ كەتتى. مەن يەنىمۇ ئېگىشىپ، ئۆزۈمنى دالدىغا ئالدىم. يۈرىكىمنىڭ دۈپۈلدىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ـ نېمە، ئېتىزلىقتا ئىككى پۈتلۈك توڭگۇز كىرگەن ئوخشىمامدۇ؟ ـ ھاجىم قىزىغا مىختەك قادىلىپ، بۇقا ھۆركىرىگەندەك قوپال ۋارقىرىدى.

ـ مەن... مەن...، ـ ھەنىپەخان قورقۇنۇچتىن كېكەچلەپ قالدى. ئۇنىڭ تىلى سۆزگىمۇ كەلمەيتتى. قورقۇش، نومۇس كۈچىدىن ئۇنىڭ بېشى ئاستا ـ ئاستا چۈشۈپ كەتتى. ھەنىپەخاننىڭ شۇ تاپتىكى قىياپىتى كۆپنى كۆرگەن ھاجىمغا ھەممىنى سۆزلەپ بەرمەكتە ئىدى.

ـ ھۇ شەيتاننىڭ پۇشتى، سە... سەن پوق يەپسەن ـ دە، ـ ھاجىم چاتىرىقىغا كۆكۈيۈن قونغان ياش بۇقىدەك چىچاڭشىپ كەتتى، ـ قوناقلىقنى پاسكىنا قىلىپ، ئىمانىڭنى بۇلغاپ پو... پوق يەپسەن ـ دە، مەن سېنى... ـ ئۇ يەردە ياتقان قوناقنىڭ بېغىشىنى يۇلۇپ ئېلىپ، ھەنىپەخاننى ساۋاشقا باشلىدى. قوناقلىقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قىقاس ـ سۈرەنلەر بۇ يەرنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى. مەندىنمۇ، دادىسىدىنمۇ زەربە يەپ، يەردە پۇچىلىنىپ ياتقان بىچارە قىزغا قاراپ يۈرىكىم قوقاسقا كۆمگەندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئەمما مەن كەندىرلىكتىن بېشىمنى چىقىرىشقىمۇ ئاجىز ئىدىم.

## 8

شۇ ئىشتىن كېيىن ئىبراھىم ھاجىم قىزىنى ئەرگە بېرىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ ۋە ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ قېقىلاي ـ سوقىلاي چوڭ بولغان، قولىدىكى نانىنى تارتىۋالساڭمۇ ئىندىمەيدىغان خۇدانىڭ مۆمىن بەندىسى نۇرۇللا ھاجىمنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قاپتۇ. كۈچ دېسە بار، ئەقىل جەھەتتىن كەمرەك بولغان بۇ يىگىتنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋالسا، سىزغان سىزىقىدىن چىقارماي ئوبدانلا پايدىلانغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەن ئىبراھىم ھاجىم كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپتۇ ـ دە، ھە دېسە نۇرۇللانى ئۆيىگە چىللاپ، ياخشى تاماقلار بىلەن بېقىشقا باشلاپتۇ. قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ئۆسكەن قامغاقتەك يېگانە، ئەتىكى كۈنىنىڭ قانداق بولۇشىغا كۆزى يەتمەيدىغان بۇ يىگىت يۇرت كاتتىلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان ئىبراھىم ھاجىمنىڭ غەرىزىنى ئۇققاندىن كېيىن گۈل قەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ ۋە ھاجىمنىڭ پاناھىغا ئۆتىدىغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، تەييار ئۆي بىساتلار، تويلۇق ماللار بىلەن ھاجىمنىڭ قىزىنى ئېلىپ بۇ چوڭ قورۇغا ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ كىرىدىغان بوپتۇ. شۇ كۈنلەردە ھاجىمنىڭ ماللىرىنى باقىدىغان چوڭ ئوغلى پالەچ بولۇپ قالغاچقا، ھاجىممۇ نېمە كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ يىگىتنى

ئاشۇ پادىسىغا باغلاپ تۇرىدىغان بىر يولغا ئېرىشكىنىدىن خۇشال ئىكەن.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىچىمگە بىر ئوت كىرىۋالدى. ھەنىپەخاننىڭ ۋەسلىگە تولۇق قېنىپ بولالماي تۇرۇپ ئۇنى تارتىۋېلىپ قويۇش يىگىتلىك ئىززىتىمنى يەرگە ئۇرغانلىق بىلەن باراۋەر ئىدى. شۇڭا مەنمۇ ئالدىراپ ھاجىمنىڭ ئالدىغا ئەلچى ماڭدۇردۇم. لېكىن خۇشال ماڭغان ئەلچىلەر كەچ كىرگەندە يامغۇردا قالغان خام قەغەزدەك لاپىسىپ قايتىپ كېلىشتى. پايدا - زىياننى ئوبدان ھېسابلايدىغان ھاجىمنىڭ تومۇرى ماڭا قارىغاندا نۇرۇللاغا ئوبدان سوققانىدى. . .

قوناقلىقتىكى ئاشۇ ئىشتىن كېيىن، ئۇنى پەقەتلا يالغۇز ئۇچرىتالمىدىم. ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتكەن بىر كۈنى نۇرۇللا بىلەن ھەنىپەخاننىڭ تويى بولدى. مەن بىچارە قىزنىڭ شۇ كۈنى ئالەمنى مالەم قىلىپ راسا يىغلىغانلىقىنى، نىكاھ ئوقۇلىدىغان چاغدا يىغىسىنىڭ يەنىمۇ ئەۋجىگە چىققانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئىچىم ئاچچىققا تولۇپ ئۆزۈمنى بوغۇزلىۋالغۇدەك بولدۇم. ناۋادا ھەنىپەخاننى قولغا كەلتۈرەلمىسەم تاز كاللام قۇرتلاپ كەتسۇن ئىلاھىم، دەپ قەسەم قىلدىم ئىچىمدە.

توي بولۇپ ھەپتىدىن كېيىن، نۇرۇللا ئېشەككە يۈك - تاقىنى ئارتىپ، ئىبراھىم ھاجىمنىڭ بىر پادا قويىنى ئالدىغا سېلىپ تاغ ئىچىدىكى يايلاققا يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يايلاققا كېتىشى بىلەن ماڭا نىسبەتەن قۇرۇلتاش يەنىمۇ كېڭىيىپ كەتكەندەك، زېمىننى چاڭ - توزانغا مىلەپ گۈرۈلدەپ چىقىۋاتقان بوران توختاپ، كۆۋەجەپ، قىرغاق چېقىپ ئېقىۋاتقان بىر ئېقىن تىنچىپ، پەسكويىغا چۈشۈپ قالغاندەك بىلىنىشكە باشلىدى.

بۇ دەل مەن كۈتكەن، قەسىمىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ھەنىپەخاننى قايتىدىن قولغا قوندۇرۇشنىڭ ئوبدان پەيتى ئىدى. شۇڭا بىكار بولسام ئىبراھىم ھاجىمنىڭ نۇرۇللا بىلەن قىزى ئۈچۈن تەييارلاپ بەرگەن ئۆيىنى چۆرگىلەپ، كېچىلىرى ناخشا توۋلاپ چىقىدىغان بولدۇم.

بىر كۈنى ئۆستەڭ بويىدا ئۇنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ سەمرىپ، تولۇپ كېتىپتۇ. قورسىقىمۇ بىلىنەرلىك دەرىجىدە تومپىيىپ قاپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپ ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

— بېشىڭنى يەيدىغان تاز، — دېدى ئۇ يەرنىڭ تېگىدىن ماڭا بېقىپ، — تولا بىزنىڭ ئۆينى چۆرگىلەپ، ئەسكى كانايدەك كاكىرىماي، قومىقىڭنى ئادالىساڭ بولارمىكىن. . .

— كىم سېنىڭ ئۆيۈڭنى چۆرگىلەپتۇ؟ — دېدىم پەرۋايىمغا ئالمىغان قىياپەتتە، — قارىغاندا نۇرۇللانى چۈشەكەپ قالغان ئوخشىمامسەن؟

— مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن كەپشەر باش. ئىت كاللاڭنىڭ سېسىق پۇرىقى ئۆستەڭنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرساڭمۇ ئادەمنى سەسكەندۈرىۋاتسا، مەن بىلمەي قالمەنما؟ ھۆ. . .

— ئەمىسە، سەن سېزىپ بوپقاپسەن - دە؟

— سېزىك بولسامۇ سەن تازدىن بولدۇم مانا، — ھەنىپەخان يەنە بىر قېتىم ئوتقاشتەك قىزاردى، — ئالتە ئايلىق بولدى.

— راستما؟ — مەن نېمىشقىدۇر ھاياجاندىن تىترەپ كەتتىم.

— راس - يالغىنىنى سۈرۈشتۈرۈشكە كىم قويىدى سېنى؟ — ئۇ قاپاقلىرىنى تۈردى، — نۇرۇللا بىلەن توي قىلغىنىمغا ئۈزۈن بولمىسا، نەدىن كەلگەن قورساق بۇ؟ يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە

uyghurkitap.com



قورساقنى تېگىپ يۇرۇش بەك تەس كەلدىغۇ ئادەمگە.

ئۇ ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، كەڭ ئېتەكلىك كۆڭلىكىنىڭ پەشلىرىنى كۆتۈرۈپ ياغلىقتا تېگىلگەن قورسىقىنى كۆرسەتتى.

ــ ھارامدىن بولغان تاز. كاككۈك غۇربىلاينىڭ ئۇۋىسىغا تۇخۇم چىقىرىپ قويۇپ، بالىسىنى باقتۇرغىنىدەك ئىش قىلىپ، نورۇللا بىلەن مېنى ئىزاغا ئۆلتۈرەي دېدىڭغۇ. بالىمۇ ساڭا ئوخشاش مىس كاللا تۇغۇلمىسىلا مەيلى ئىدى.

مەن تاقەت قىلالماي ئۇستىگىنى كېچىپ ئۆتۈپ ھەنپەخانىنىڭ ئالدىغا باردىم ـ دە، ئۇنى باغرىمغا باسماقچى بولۇپ غۇلىچىمنى ئاچتىم. ئۇ ئىنتايىن چاققانلىق بىلەن قولىدىكى چىلەكنى كۆتۈرۈپلا سۇيىنى بېشىمغا قۇيىۋەتتى.

ــ ھۇ ئۇياتسىز تاز. كۆپكۆندۈزدە، ئۆستەڭ بويىدا ماڭا يەنە خورازدەك بازغىيىسىنا، بىلىپ قوي، بۇ دېگەن خالىغىنىڭنى قىلىۋېرىدىغان ھاجىم دادامنىڭ قوناقلىقى ئەمەس. خەقلەر كۆرۈپ قالىدىغان بولسا پوقىدا كۆمىدۇ بىزنى.

ــ ھەممىسى ئاشۇ ھاجىم داداڭنىڭ كاساپىتى، ئۇ قىزىل كۆز بىزنىڭ ئەلچىلەرنى رەت قىلمىغان بولسا قوناقلىق بىلەن ئۆستەڭ بويىنىڭ نېمە كېرىكى بىزگە؟

ــ بىلىمەن، ــ دېدى ھەنپەخان، ــ لېكىن مەن ھاجىم دادامنىڭ گېپىگە ياق دېيەلمىدىم. ــ ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى. مەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پۇرسەتكە ئېچىنىپ، ئالدىراپ ئېغىز ئاچتىم.

ــ كەچتە ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسىدىكى باغقا چىق. ساڭا دەيدىغان گېپىم بار.

ــ چىقالمايمەن.

ــ نېمىشقا؟

ــ مەن دېگەن ئىگىسى بار ئادەم.

ــ ئىگەم؟ توغرا، سېنىڭ ئىگەڭ بار. ئەمما شۇ تاپ سەن ئاغزىڭغا چوڭ ئالغان ئىگەڭ يايلاقنى بېشىغا كىيىپ ئوتلاۋاتقان قوي پادىلىرىنىڭ كەينىدە ماياق تېرىپ يۈرىدۇ. سەن ئىگەم بار دېگىنىڭ بىلەن، شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ خىيالىغا كىرگەنسەنمۇ؟ بىلىپ قوي، سەن دېگەن نورۇللانىڭ خىلى ئەمەس.

ــ ئىشقىلىپ چىقالمايمەن.

ــ ئەگەر چىقمايدىغان بولساڭ، ئۆگزەڭگە چالما ئېتىپ كېچىچە سېنىمۇ، ئاچچىقى بىر كەلسە قوناق غولى بىلەن راسا دۇمبالايدىغان ھاجىم داداڭنىمۇ ئۇخلاتمايمەن.

ــ ھەي ئۆلۈم يوقلىمىغان تاز، شۇ چاغدا بىر ئوبدان تاماشا كۆردۈم دېگىنە، ــ ھەنپەخان پوكاندەك قىزاردى، ــ ئىسىت، ئىسىت، نامەردنىڭ نامەردى ئىكەنسەن قوتۇر.

ــ تاماشا كۆرمەي نېمە قىلىمەن ئەمىسە، مانا، ئاكاڭ قارىغاي مەيەردە، دەپ كەندىرلىكتىن چىققان بولسام قىيامەت قايىم بولاتتى ئەمەسمۇ شۇ چاغدا.

ئۇ ئىندىمەستىن لېۋىنى يېنىك چىشلەپ قويدى.

ــ شۇ چاغدا سېنىڭ بىكاردىنلا تاياق يەۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈپ يۈرىكىمنىڭ پارە ـ پارە بولغىنىنى بىر ئاللا بىلىدۇ.

ــ ھىم، كۆڭلۈمنى ياسىمايلا قوي. مەن بەربىر سەن قۇرغان قىسماقنى چوقىمايمەن، ــ ھەنپەخان شۇنداق دەپلا چىلەكنى كۆتۈرۈپ، مەھەللە تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ــ ئەمىسە كەچتە ساقلايمەن، ــ دېدىم پەس ئاۋازدا.

ئايال كىشى دېگەن ئاجايىپلا. ئۇ ساڭا

تەنە قىلىپ، قاپىقىنى تۈرۈپ، ھە دېسە نەشتىرىنى سانجىغىنى بىلەن، ۋاقتى كەلگەندە ئاپتاپتا قالغان چوكا مۇزدەك ئاسانلا ئېرىپ تامچىلاشقا باشلايدۇ. ئەنە شۇ كۆچىنىڭ تەسىرىدە مەن ھەنىپەخان بىلەن يەنە تېپىشىۋالدىم. ئۇنى يەنە قولۇمغا ئۆگىتىپ، «گاھ» دېسەم ئۆزى كېلىپ قونىدىغان قىلىۋالدىم. بىزگە قايتىدىن بەخت قۇچىقىنى ئاچقاندا، ئۇ ئوبدان پەرۋىش كۆرگەن دەرەختەك كۆكلەپ كەتتى. پىنھانلاردا يورۇپ تېتىغان ياۋا مېۋە يېڭى چېكىلگەن ئۈزۈمدەك چۈچمەل بولسىمۇ، يەنىلا ئادەمنىڭ يېگۈسى كېلەتتى. بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىن شۈكرى - قانائەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. بىز بىر يەردە ئۇچراشقاندا زادىلا قېنىشالمايتتۇق ۋە ھامان قورسىقى ئېچىپ غولدۇرلاپ تۇرىدىغان ئادەمنىڭ كۆزىدەك، بىزنىڭ ئەمدىلەتىن ۋىسال تاپقان كۆڭلىمىزمۇ زادى تويمايتتى. خۇددى مەسچىتتە، ئىمام دەرس قىلغاندا: «جەننەتتە شۇنداق بىر مېۋە باركى، يېسەڭ - يېسەڭ تۈگىتەلمەيسەن. قورسىقىڭمۇ تويمايدۇ، يېگەنسېرى يېگۈڭ كېلىدۇ ۋە مەڭگۈ يەپ قانمايسەن...» دېگەندەك، بۇ مېۋىگە تېخى ھېچقايسىمىز تويىدىغاندەك ئەمەس ئىدۇق.

ئارىدا نۇرۇللا بىر قېتىم كېلىپ ئۈچ كۈن تۇردى. مانا دەھشەت دېگەن. جۇدالىقنىڭ دەردىدە ماڭا ئۈچ كۈن ئۈچ يىلدەك بىلىنىپ كەتتى. مۇشۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە قۇياشنىڭ قاياقتىن چىقىپ قاياققا پاتقىنىنى بىلمەيمەن. مەجنۇنلۇق مېنى ساراڭ قىلىۋەتكەنىدى. نۇرۇللا يەنە ئاش - ئوزۇقىنى ئېلىپ يايلاققا ماڭدى. مەھەللىنىڭ ئايدىڭ ئاخشاملىرى، نۇرۇللانىڭ خوتۇنى تۇرىدىغان ئىبراھىم ھاجىمنىڭ چوڭ قورۇسىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆي يەنە ماڭا قالدى. ئەل ئايىغى تىنچىغان سىرلىق كېچىلەر، ناز - خۇلقى جاننى ئېلىپ ياندا قويىدىغان ھەنىپەخان يەنە مېنىڭ ئىلكىمگە ئۆتتى. مەن خۇددى قوغۇنلۇققا كىرىپ، خالىغان قوغۇننى ئۈزگەندەك خالىغان ۋاقتىمدا ئۇنى ئىزدەپ كىرىپ، ئىچ - پۇشقىمنى چىقىراتتىم.

9

ھەنىپەخان بىلەن نۇرۇللا توي قىلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، كائىنات ئاي قاراڭغۇسىغا پېتىپ، ھەممە شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن بىر كېچىسى قورولتاشتا مۆجىزە يۈز بەردى. ھەنىپەخاننىڭ تۇيۇقسىز تولغىقى تۇتۇپ بىر مۇنچە قىينالغاندىن كېيىن كۆزى يورۇدى. ئىبراھىم ھاجىمنىڭ قورۇسىدىن كىچىك بالىنىڭ يىغىسى ئاڭلىنىپ، تاكى ئۇپۇق جىيەكى قىزىرىپ، زېمىن قۇياش نۇرىغا بۆلەنگۈچە بېسىقمىدى.

— ئىھ خۇدا، ماڭا بەرگەن كۈنۈڭ شۇمۇ؟ قىز چوڭ قىلغىنىمغا بەرگەن مۇكاپاتىڭ شۇمۇ؟ — دەپ نالە قىلاتتى ئىبراھىم ھاجىم ساراڭدەك كوسا ئېڭەكلىرىنى تاتىلىغىنىچە ئۆينىڭ ئىچىدە پىرقىراپ، — بۇ پاسكىنىنى تالالىق قىلغىلى ئەمدى ئۈچ ئاي بولغان تۇرسا، ئىزا تارتماستىن تەخەيلەپ قويدىغۇ ئەمدى! ئەل - يۇرت ئالدىدا بۇ يۈزنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرگۈلۈك - ھە؟

ھاجىمنىڭ چۇس مىجەزىنى ئوبدان بىلىدىغان قوشناچىم ئىندىمەستىن مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ھەي بىغەرەز، ئېشەك قۇيرۇقىنى كۆتۈرسە، ئۇنىڭ تېزەكلەيدىغىنىنى بىلىدىغان گەپ ئەمەسمۇ ئۆزى، بۇ پاسكىنىنىڭ قورسىقىغا بىر نەرسە ئۈنگەندە، بىرەر ئالامىتى بولماي قالامتى؟ سەن شۇچاغقىچە كىمنىڭ كۆتىگە قاراپ يۈردۈڭ قېرى دەللە؟...

هاجىمنىڭ ئاچچىقى شۇنداق كەلگەن ئىدىكى، ھەمىشە خۇدانىڭ مۇبارەك ئىسمى ـ سۈپاتى چۈشمەيدىغان تىلىدىن بۈگۈن ئادەمنىڭ تېنىگە قىزىتىلغان زىختەك پاتىدىغان شۇ ئاچچىق سۆزلەرنىڭ چىققىنىغا قوشناچىم ئىشەنمەيلا قالغانىدى.

— بولار ئىش بولدى، قارىھاجىم، — دېدى موماي ئېسەدەپ تۇرۇپ، — سەۋرى قىلسىلا ئەمدى. ناۋادا ئاچچىقلىرى چىققىدىغان بولسا، مانا بىز ئالدىلىرىدا تۇرۇپتىمىز. مېنىمۇ، سىلىنىڭ يۈزلىرىنى يوق قىلغان ئەقىلسىز قىزىمىزنىمۇ، ھەممىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتسىلە. سىلىدىن زەررىچە رەنجىشمىمىز يوق. بالا كەم ئەقىللىق قىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلىگە ناماقۇل بولاي.

— ھەي... — ئىبراھىم ھاجىم ئېغىر خورسىنىپ، بېشىنى ئىككى قوللاپ چاڭگاللىغىنىچە بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن، دومبىنى كۆتۈرۈپ تەرەت ئېلىشقا ماڭدى.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ نۇرۇللا يايلاقتىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆز ئۆيىدە بىر بالىنى باغرىغا بېسىپ ئولتۇرغان ھەنپەخاننى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتىن بوسۇغىدا تۇرۇپلا قالدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان پاراڭلار تاكى ھازىرغىچە بىر لەتىپە بولۇپ قورولتاشلىقلارنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق.

— ھو... ھوي، بۇ كىمنىڭ بالىسى؟

— بىز ئىككىمىزنىڭ.

— شۇنچە تېزما؟

— قانداقسىگە؟

— با... بالا دېگەن تو... توققۇز ئايدا تۇغۇلارمىشكەنغۇ؟

— راستلا توققۇز ئايدا تۇغۇلىدىغۇ مانا.

— ئەمما بىز توي قىلغىلى ئەمدىلا ئۈچ ئاي بولغان تۇرسا...

— ھەي بىغەرەز گاچا، ھېسابلاپ باققىنا، مەن ساڭا تەگكىلى قانچە ئاي بولدى؟

— ئۈچ ئاي.

— راست. ئەمدى سەن مېنى ئەمرىڭگە ئالغىلى قانچە ئاي بولدى؟

— ئۈچ ئاي.

— ئىككىسىنى قوشسا قانچە بولىدۇ؟

— بۇ... ھە، ئالتە ئاي.

— توغرا. ئەمدى مەن قورساق كۆتۈرگىلى قانچە ئاي بولدى؟

— ئۈچ ئاي.

— ھەممىنى قوشسا قانچە بولىدۇ؟

— بۇ... بۇ... توققۇز ئاي.

— قانداق، تېز بولۇپ كېتىپتىما؟

— ۋاي ياق. راستىنلا توققۇز ئايدا تۇغۇلۇپتۇ. ئەكىلىڭلار بالامنى، مەن بىر كۆرەي...

..................

كېيىن ئىبراھىم ھاجىم ئۆيىدە بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىشلارنى ھەنپەنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغىنىمدا، تېلىقىپ ـ تېلىقىپ كۈلۈپ، ئۈچەيلىرىم ئۈزۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالدى.

دۈلدۈلنىڭمۇ پۈتلىشىدىغان چاغلىرى كېلىدىكەن. كۆك قەھرىدە قاناتلىرىنى كېرىپ، ھەيۋەت بىلەن ئۈچىدىغان بۈركۈتنىڭمۇ چارچىغاندا تاغ چوققىلىرىدىكى قورام تاشلارنى ماكان قىلىدىغان پەيتلىرى بولىدىكەن. خۇدانىڭ تارلىقى كەلدى بەلكىم، بىزنىڭ ئىشىمىزمۇ شۇنداق بولدى. ھەنپە بىلەن ئىككىمىزگىلا ئايان بولغان سىرلىرىمىز بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە نۇرۇللانىڭ قولىدا ئېچىلىپ كېتىشكە تاسلا قالدى. قارا باستى دېگىنى شۇ بولسا كېرەك، بىزنى راستىنلا نەس باسقىلى قىل قالغانىدى.

شۇ ئاخشىمى ئاي پاتقان كېچە ئىدى.

قارىيىپ تۇرغان ئاسماندا سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار چىمىرلىشىپ تۇراتتى. ئەتراپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە سۈكۈتكە پاتقانىدى. ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلۈپ ئادەمنىڭ جېنىغا جان قوشىدىغان سەلكىن شاماللارمۇ نەگىدۇر غايىب بولغانىدى.

مەن ئۇۋ كۈتۈپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان بۆرىدەك ئىبراھىم ھاجىمنىڭ ئۆيى ئەتراپىدا بىر پەس ئايلىنىپ يۈردۈم. قاراڭغۇدا ھەر قېتىم مۆدۈرۈلسەم قوينۇمدىكى ياڭاقلار رەنجىگەندەك شاراقلاپ قوياتتى. مەن ئۇنى نۇرۇللانىڭ ھامىلىقىدىكى ئوغلۇم ئۈچۈن بۈگۈن ئاتايىن ئازنە بازاردىن سېتىۋالغانىدىم. ھەنپە «بالىغا ياڭاق ئوبدان خىل كەلدى، ئۇنىڭغا ياڭاق يېگۈزسەم قالتىس ئۇخلىدى» دېگەنىدى. ئالاھەزەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتى. ھەنپە ھېچ چىقىدىغاندەك ئەمەس. چۈشتە ئېتىزدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ «چىقىمەن» دەپ ئىشارە قىلغانىدىغۇ. ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن - يا؟ ياق، ياق، ھەنپە بۇ ئىشتا ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلمايدۇ. ئەمىسە ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىنە؟ ساقلاۋېرىپ تاقىتىم تاق بولدى. كۆڭلۈمگە نى ئەندىشىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلەتتى. يا بالا ئۇخلىماي تۇرىۋالدىمىكىن؟ بۇ چاغقا ئۇخلاپ قېتىپ قالاتتىغۇ. بالا ئاغرىپ قالغان بولمىسۇن يەنە؟ توغرا، مىجەزى بولمىغاچقا ئۇخلىمىغان گەپ. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ كېتەيمۇ - يا؟ ياق، ياق، ئۇ چوقۇم چىقىدۇ. شۇ تاپ ئۆزىمۇ تىت - تىت بولۇۋاتسا كېرەك. ئۆگزىگە چىقىپ تۈڭلۈكتىن قاراپ باقايمىكىن؟ ناۋادا بالىنىڭ مىجەزى بولمىسا ئۇنىڭغا شەپە بېرىپ قويۇپ قايتقىنىم تۈزۈك...

شۇ خىيال بىلەن ئۆگزىگە ياماشتىم. نېمىشقىدۇر يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سالاتتى.

ئۆگزىگە چىققاندىن كېيىن پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ تۈڭلۈككە يېقىنلاشتىم. ئۆي ئىچى قارا چىراغنىڭ نۇرىدا غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ئۆچۈش ئالدىدىكى يالقۇننىڭ ئاجىز نۇرىدەك يورۇقلۇق تۈڭلۈكتىن سىزىپ چىقىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كېتەتتى. مەن تۈڭلۈكنىڭ گىرۋىكىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، بېشىمنى ئۆينىڭ ئىچىگە تىقتىم. ئاپلا، نۇرۇللا كەپتۇ ئەمەسمۇ؟ ئىچىمنى مۈشۈك تاتىلىغاندەك بىئارام بولۇپ، سۇپىدا ياتقان ئىككىسىگە نەپرەت بىلەن قارىدىم. ھەنپە بالىنى باغرىغا باسقىنىچە تام تەرەپكە قاراپ يېتىۋالغانىدى. يېرىم يالىڭاچلانغان نۇرۇللا كېلەڭسىز قوللىرى بىلەن ئۆزىگە ئارقىسىنى قىلىپ ياتقان ھەنپەنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى سىلايتتى. ئۇنىڭ قولى تەگكەن ھامان ھەنپە يىلان چېقىۋالغاندەك تولغىنىپ، ئۇنى جەينىكى بىلەن قاتتىق - قاتتىق تۈرتۈپ قوياتتى. مەن ھەنپەنىڭ شۇ تاپتىكى چىرايىنى ئېنىقراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن يەنىمۇ بەكرەك ئېڭىشتىم. كۈتۈلمىگەن يەردىن قوينۇمدىكى ياڭاقلار كۆڭلىكىمنىڭ ياقىسىدىن شاراقلاپ چىقىپ، بوران سوققان ئۈجمىدەك ئۆي ئىچىگە تۆكۈلدى.

— ھوي، ئۆگزىدىكى قايسىڭ؟ — نۇرۇللا ۋارقىراپ قوپقىنىچە سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى. بۇ دەھشەتتىن يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپلا قالغانىدى. مەنمۇ جىددىيلەشكىنىمدىن ئوڭ - سولۇمنى بىلمىگەن ھالدا ئۆگزىدە يۈگۈرۈشكە باشلىدىم. پەستە نۇرۇللا بىر ئۆرۈكنىڭ يوغان غولدىسىنى كۆتۈرگىنىچە يۈگۈرمەكتە ئىدى.

— چۈشە ئۆگزىدىن، چۈشمەمسەن ھاراملىق، ئوغۇل بالا بولساڭ نەق ئالدىمغا چۈش. ھىلى بىكار ئاناڭنى... — نۇرۇللا بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرايتتى. ئۇنىڭ

ۋارقىراش، جارقىراشلىرى بىلەن يېقىن ئەتراپتا بىر نەچچە ئىشىك ـلىك تاراقلاپ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ــ ئاھ خۇدا، بۇ سارائ بىلەن تۇتۇشۇپ قالمىسام بولاتتى. قوشنىلار ئويغانماقتا، بىرەرى مېنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسا ئىش چاتاق. بىر ئۆيدە مۈشۈك مىياڭلىسا ھەمدە ئۆيگە پۈر كېتىدىغان بۇ مەھەللىدە بىردەمدىلا مەن توغرۇلۇق سۆز ـ چۆچەك تارقايدۇ. ئاندىن كىشىلەر ھەممىنى بىلىپ كېتىدۇ. نۇرۇللا قوي باققىلى يايلاققا كەتكەندە يېڭى كېلىنىنىڭ ھالىدىن كىمنىڭ خەۋەر ئالىدىغانلىقىنى، يېڭىلا كۆز ئاچقان بوۋاقنىڭ زادى كىمنىڭ پۇشتى ئىكەنلىكىنى ھەممە چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قورولتاشتا باشنى كۆتۈرۈپ يۈرمەكمۇ تەسكە توختايدۇ. ھاجىمنىڭ ئاچچىقىمۇ يەتكۈچە بار. قوناقلىقىغا كىرگەن ئىككى پۇتلۇق توڭگۇزنىڭ كىملىكىنى، ئۆزىنىڭ ھاجىلىقىنى، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرغۇچىنىڭ، مەھەللىدە يۈزىنى تۆكۈپ، يۈرگۈسىز قىلىۋەتكۈچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلماقمۇ ئاسان ئەمەس. ئەمدى قانداق قىلسام بولاركىن؟ بۇ توپان بالاسىدىن مېنى قۇتقۇزۇپ قالىدىغان نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى قەيەردىكىن؟ ئۆگزىدە يۈگۈرۈۋېتىپ، بىر بۇلۇڭدا تۇرغان قارا ـ قۇرا بىر نەرسىگە كۆزۈم چۈشتى. مانا ئامەت دېگەن! مەن خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغان قەلەندەردەك خۇشال بولۇپ، ئۇنى يۇلۇپ ئالدىم ـ دە، بېشىمدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، پەستە ۋارقىراپ كالتەكنى ئوينىتىۋاتقان نۇرۇللانىڭ بېشىغا ئاتتىم. نېمە بولغىنىمنى بىلمەيمەن. گەجگەمدىن بىرسى ئىتتەرگەندەك بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئۇچتۇم ـ دە، نۇرۇللانىڭ نەق ئۈستىگە چۈشتۇم. ۋاي كاساپەت، ئەسلىدە

ئۇ بىر كونا ئىگەر بولۇپ، قوشقۇنى بوينۇمغا كىرىپ قالغان ئىكەن ـ دە! تۇيۇقسىز كەلگەن زەربىدىن نۇرۇللا يەرگە چاپلىشىپلا قالدى. ئۇ چالا بوغۇزلانغان كالىدەك خارقىرايتتى. چىشلىرى بەزگەكنىڭكىدەك كاراسلاپ كەتكەنىدى. مەن بوينۇمدىكى ئىگەرنىڭ قوشقۇنىنى چىقىرىۋەتتىم ـ دە، سىقىراپ ئاغرىۋاتقان پۇتۇمنى سۆرىگىنىمچە بەدەر قاچتىم. دېڭىزنىڭ يۈزىنى ئەسلىتىدىغان ئاسماندا چېچىلىپ ياتقان يۇلتۇزلار بىزنىڭ بۇ يەردە بولۇپ ئۆتكەن قىسقىغىنە داۋاملاشقان بۇ جەڭدىن ھەيران بولغاندەك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قاراپ قېلىشقانىدى.

10

مېنىڭ ئىگەرگە باغلىنىپ ئۆگزىدىن ئۇچقىنىممۇ بوش يىقىلىش بولمىغانىكەن. ھەپتىگىچە ئۆرە بولالمىدىم. دەككە ـ دۈككە ئىچىدە سىرتقىمۇ چىقالمىدىم. قورولتاشتا نېمە يېڭىلىقلار بار؟ نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى؟ بۇنىمۇ بىلەلمىدىم. ئەمما شۇ ھالدا يېتىپمۇ ھەنپەخاننى ئويلايتتىم. بىچارە نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدىكىن؟ نۇرۇللا بەلكىم ئۆرە بولالمىغاندۇ. ئەمما ئىبراھىم ھاجىم چوقۇم بىچارە قىزىنى تاياققا تويغۇزۇۋەتتى. تېخى يېقىندىلا قىزىنىڭ تۇغۇتى ئېلىپ كەلگەن ئاھانەتلەر كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلمەي تۇرۇپ يۈز بەرگەن بۇ پالاكەتچىلىك ھاجىمغا جەزمەن ئېغىر كېلىدۇ. ھەي، بىچارە بوۋاي قىزىنى باشقۇرالمىغانىنىڭ دەردىنى يەنە تارتىپ يۈرۈۋاتامدىكىن؟ نېمىشقىدۇر ئىبراھىم ھاجىمغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. يېشى بىر يەرگە بارغان، كۈلكە ـ چاقچاقنى خۇش كۆرمەي ھەممىشە ئۇنتۇرۇۋەتكەندەك خاپىغان يۈرىدىغان بۇ مويسىپىتكە ئارقا ـ ئارقىدىن كۆڭۈلسىزلىك تېپىپ بەرگىنىمگە ئۆكۈندۈم. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئىشلار ئۈچۈن

قىزىغا قانداق مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىنى ئويلىسام، مەن ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەممە نېمىسىنى ئاتىۋەتكەن، مەن ئۈچۈن ھەممىگە ئاشۇ چىدامىلىق قىزنىڭ دادىسىنىڭ قولىدا تارتىدىغان ئازابلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم يۈرىكىم مۇزلايدۇ. بىچارە نۇرۇللا نەھالدىكىن؟ تۇغۇلغاندىن باشلاپ قىسمىتى تەتۈر كېلىپ، تاھازىرغىچە پېشكەلچىلىكلەردىن خالىي بولالمىغان بۇ بايقۇشنى ئويلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئاقىۋەت ئۆزۈمگىمۇ ئىچىم ئاغرىدى.

ئىبراھىم ھاجىم ئاشۇ چاغدا بىزنىڭ ئەلچىلەرنى رەت قىلمىغىنىدا ئىدى، بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ يۈز بەرمەيتتى. ئەسلى ماڭا تەئەللۇق بولغان ھەنپەخاننىڭ كۆڭلى ئىبراھىم ھاجىم تەرىپىدىن نۇرۇللاغا تەقدىم قىلىنغاندىن بېرى ماڭا بىردەممۇ ئارامچىلىق بولمىدى. نىھايەت مەن ھازىر پەقەت خەقنىڭ ئىلكىدىكى ئۆزۈمگە مەنسۇپ بولۇشقا تېگىشلىك بەختىنى ئىزدەپ يۈرىمەن. بۇنىڭغا باشقىلار ئارىلاشماسلىقى كېرەك ئىدى. . .

ئاشۇنداق خىيال سۈرۈپ ياتقان بىر كۈنى ئىبراھىم ھاجىم بوسۇغامدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۇچتەك ئاقارغان ساقاللىرى، ياشاڭغۇراپ تۇرغان ئورا كۆزلىرى ۋە يېلى چىقىپ كەتكەن چاقتەك ئېزىلىپ تۇرغان قامىتىگە قاراپ پۈتۈن بەدىنىمگە ئوت تۇتاشقاندەك كۆيۈشۈپ كەتتى. ھاجىمنىڭ نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى بىلەلمەي كۆڭلۈمگە ئەندىشە چۈشتى. شۇ چاغدا بىرەرى مېنى كۆرۈپ قېلىۋىدىمىكىن ياكى تازا قىيىن قىستاققا ئالغان بولسا ھەنپە مېنى پاش قىلغانمىدۇ؟ ئىبراھىم ھاجىمنىڭ بۇ يەرگە، مېنىڭ ئالدىمغا كېلىشى مەقسەتسىز ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇنداقتا. . . ئۇ مەندىن ھېساب ئالغىلى كەلگەنمىدۇ - يا؟ توغرا، ئۇ مەن تېرىپ بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۈچۈن ئەدىبىمنى بەرگىلى كەلگەن گەپ، ھاجىم ئەمدى مېنى قارغايدۇ، تىللايدۇ، ھەتتا قول سېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەستاغپۇرۇللا، ئەمدى قانداق قىلىمەن زادى؟

ئىبراھىم ھاجىم ئاستا مېڭىپ يېنىمغا كەلدى - دە، سۇپىنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى:

— يېتىۋاپسەن، مىجەزىڭ يوقمۇ ئوغلۇم؟ — دېدى ئىبراھىم ھاجىم يىرىك ئالقىنى بىلەن پېشانەمنى تۇتۇپ كۆرۈپ، ئۇ تولىمۇ سىلىق - سىپايە سۆزلىگەچكە، مەن ئۆز قولىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم.

— ھە. . . شۇ. . . ماللارغا ئوت سالىمەن دەپ. . . يىقىلىپ چۈشتۈم ھاجى ئاتا، — ئۇنىڭ كۈتكىنىمنىڭ دەل ئەكسىچە بولغان مۇئامىلىسى مېنى گاڭگىرىتىپلا قويغانىدى. شۇڭا كېكەچلەپ تۈزۈكرەكمۇ بىر نەرسە دېيەلمىدىم. ئارىنى سۈكۈت قاپلىدى. مەن نېمە دېيىشنى بىلمەي ھاجىمنىڭ ئاغزىغا قارىغىنىمچە كۆزلىرىمنى پارقىرىتىپ يېتىۋەردىم.

— ئوغلۇم، — دېدى ئىبراھىم ھاجىم گېلىنى قىرىپ، قىسقا يۆتىلىپ قويغاندىن كېيىن پەس ئاۋازدا، — بىر ساۋابلىق ئىش ئۈچۈن ئالدىڭغا كەلدىم. سېنى مەندىن ياردىمىنى ئايىماس دەپ ئويلايمەن، — ئۇ نېمىشقىدۇر سۆزدىن توختاپ، ئىچىگە تىنىپ بىر پەس ئولتۇرۇپ كەتتى. قارىغاندا مەن ياردەم قىلىشىم كېرەك بولغان ئىشنى ئېيتماق ھاجىمغا تەس كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى، — قايسى كۈنى ئۆيىمىزگە ئوغرىنىڭ نەزىرى چۈشكەنىكەن. ئېشەكلەرنىڭ ئەڭ ئەسكىسىدىن تۆرەلگەن پەس ئوغرى ئۆيدە ئادەم بار - يوقلۇقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ياڭاق تاشلاپتۇ. كىمنىڭكىگە دېمەمسەن، ھە، بىزنىڭ ھەنپەنىڭكىگە، دەل نۇرۇللا بالام قايتىپ

www.uyghurkitap.com

كەلگەن كۈنى دېگىنە، هارامدىن بولغان ئوغرى شۇنداق قىلىپ يۈرگۈچە ئالدىغىنىنى ئېلىپ يولىغا جۆنىسە بولماسمىدى؟ قارا باسقاندەكلا نۇرۇللا بالام يۈگۈرۈپ قوپۇپ ئوغرىنى قوغلاپتۇ. بالا دېگەن بەرىبىر بالىدە، «ئۆ... هۆ...» دەپ شەپە بېرىپ قويىسىغۇ ئىش تامام. ئوغرىمۇ قۇيرۇقىنى قىسىپ كېتىپ قالاركەن. ئەمما سەل ئەقىلسىزراق چوڭ بولغان بۇ بالا كاللىسىنى ئىشلەتمەپتۇ. ئۆزىمۇ ئۆگزىدىن چۈشكەن توقۇمىنىڭ ئاستىدا قېلىپ باش - كۆزىنى يېرىۋاپتۇ. شۇ ئاچچىقىدا ئۆيگە كىرىپ قىزىمنى تالاق ئېتىۋېتىپتۇ. بىر ئوغرى ئۈچۈن شۇنداق قىلىش يارامدۇ؟

— نۇرۇللا ھەنىپە خېنىمنى تالاق ئەتكەن بولسا ئۆزىنىڭ شورى. خېنىمغا ئەر چىقماي قالاتتىمۇ؟ — دېدىم دەككە - دۈككە ئىچىدە پۇچىلىنىپ تۇرغان كۆڭلۈم سەل - پەل ئىزىغا چۈشۈپ.

— سەن ئۇنداق دېگەن بىلەن، مېنىڭ نۇرۇللانى قولدىن چىقارغۇم يوق، — دېدى ئىبراھىم ھاجىم كۆزلىرىدىن مارجاندەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتكىنىچە، — نۇرۇللا ئىگە - چاقىسىز بالا. ئۇنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ قويسام كۆچىدىن پايدىلىنالايمەن. سەن بىلىسەن ئوغلۇم، مېنىڭ ھازىر قولۇمغا قول بولىدىغان شۇ نۇرۇللادىن باشقا ئادىمىم يوق. شۇڭا مۇشۇ ساقىلىم بىلەن ئۇنىڭغا يېلىنىپ يالۋۇردۇم. قوشنىلارمۇ سۆزلىدى. ئەھۋالنى ئۇققانلىرى نۇرۇللانى ئەيىبلەپمۇ كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ بالام ئاچچىقىنىڭ كەينىگە كىرىپ قېلىپ سالغان ئىشىدىن پۇشايمان يېدى. لېكىن ئىسلامدا ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن سۆزنى قۇرۇق پۇشايمان بىلەن قايتۇرغىلى بولمايدۇ. ئوق ئېتىلىپ بولغاندا ئۇنى تۇتۇۋېلىش بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. تالاقنى ياندۇرۇش ئۈچۈن تەلە قىلمىساق بولمىدى. ئەسلىدە مەھەللىدىكى ساۋۇر موللام ئىشنى يەڭ ئىچىدە توغرىلاپ ئۆزى تەلە قىلماقچى بولغانىدى. لېكىن، بەڭۋاش قىزىمىز سېنىڭ گېپىڭنى قىلىپ تورۇۋالغان ئوخشايدۇ. شۇڭا، كۆزنى يۇمۇپلا ئالدىڭغا كەلدىم. نۇرۇللا قولدىن چىقىپ كەتمىسىلا، بىر پادا قويۇم قارانچۇقسىز قالمىسىلا مەيلى، بۇ تارتقۇلۇقتا چىدىماي ئامالىم يوق. مۇشۇ ساقىلىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بېشىمنى بىر ساقايتىپ قويغىن بالام. ھەممە تەييارلىقلار مەندىن. كەچتە نىكاھ ئوقۇتۇپ قويساق، ئەتىلىككە سۆزنى بەرسەڭلا بولىدۇ. پۇل دېسەڭ پۇل، مال دېسەڭ مال، نېمە خالىساڭ شۇنى ئال. مۇشۇ ئىشتا ماڭا بىر ياردەم قىلىۋەت ئوغلۇم...

— لېكىن... لېكىن نۇرۇللا نېمە دەيدىكىن؟ — مەن تاسادىپىي كەلگەن بۇ ئامەتتىن خۇشال بولغان بولساممۇ، چاندۇرماي سورىدىم.

— «ئۆزۈڭ تاپقان بالاغا، نەگە بارىسەن داۋاغا» دېگەندەك، نۇرۇللانىڭمۇ باشقا ئىلاجى يوق. سەن خاتىرجەم بول ئوغلۇم، ياردىمىڭنى ئايىمىساڭلا نۇرۇللا سەندىن مىننەتدار بولىدۇ.

— ئۆزلىرى شۇنداق دېگەن يەردە، مەن نېمە دەيتتىم؟ بوپتۇ، مەن رازى.

— خۇدا مانا مۇشۇنداق خالىس قىلىنغان ياخشىلىقلار ئۈچۈن ئەڭ كاتتا ساۋابلارنى بېرىدۇ، — دېدى ئىبراھىم ھاجىم خۇشاللىق بىلەن، — خۇدا مەرتىۋەڭنى ئېگىز قىلسۇن بالام.

شۇ ئاخشىمى نىكاھ ئوقۇلدى. ئىبراھىم ھاجىم تەييارلىغان تويلۇق بىلەن قىزنى ئەمرىمگە ئالدىم. مانا شۇ نىكاھنىڭ خاسىيىتى بىلەن بىر ئۆيدە بولۇپ قالدۇق...

مۇسا سەۋدا قانداقتۇر بىر لەززەتتىن لېۋىنى تامشىپ، پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

— بىراۋنىڭ خوتۇنىنى ئۇنىڭ كۆزىچە تارتىۋالالىغان ئوغۇل بالىنى يەنە نېمە دەپ ئاتاش مۇمكىن، — دېدى ئۇ تەلىنى چاكىلدىتىپ، — ھەقىقىي ئەركەك، ئەركەكلەرنىڭ ئەركىكى دېسەكمۇ بولىدۇ.

— نېمە، ئىبراھىم ھاجىم بىلەن نورۇللا ھەنىپەخاننى سوراپ قايتا كەلمەپتۇ - دە، — ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالماستىن قاقاقلاپ كۈلگىنىمچە ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— كەلمەيدىغان ئىش نەدە بار؟ — دېدى مۇسا سەۋدا خىر - خىر كۈلۈپ، — ئەتىسى سەھەردە بىرى ئىشىكنى قاقتى. چىقىپ قارىسام ھاجىم ئىكەن. «تېخى تەلە بولمىدى. ئەتە كەلسىلە» دېدىم. خۇدانىڭ كۈنلىرىدە «ئەتە» دېگەن كېلىۋېرىدۇ ئەمەسمۇ؟! ئۆزى تاپقان بالاغا داۋا تاپالمىغىنى بىر نورۇللا ئەمەسكەن. بۇ تەقدىردىن ھاجىممۇ قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ھەنىپەخان كارامەت ئىشچان ئايال، خۇدانىڭ ئۇنى ماڭا بەرگىنى تەلىيىمنىڭ ئوڭدىن كەلگىنى ئىكەن. ھازىر ئېتىز - ئېرىقنىڭ ۋە ئۆينىڭ ھەممە ئىشلىرى ئۇنىڭغا قاراشلىق، ۋايساپ قاقشىشى يوق. ئەپتىدىن قارىساڭ جۇدەپ مومايغا ئوخشاپ قالدى. لېكىن يېشىنى ھېسابلىساڭ ئەمدىلا يىگىرمە بەشكە كىردى، بىچارە...

ئازمىدىن ئوخچۇپ چۈشۈۋاتقان سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى بىر خىلدا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قېلىن بىر قەۋەت بۇلۇتنىڭ كەينىگە مۆككەن ئاي قايتىدىن جامالىنى كۆرسەتكىنىدە ئەتراپ يەنە ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. تولۇن ئاينىڭ سۈت رەڭگىدە تۆكۈلۈپ تۇرغان نۇرلىرى ئىچىدىكى ھەممە نەرسە چەكسىز گۈزەللىكى بىلەن ماي قوڭغۇزىدەك يالتىراپ تۇراتتى.

— نورۇللانىڭ كېيىنكى خوتۇنلىرىنىڭ ئەھۋالىچۇ؟ — مەن رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بۇ مۇھەببەت ھېكايىسىغا قىزىقىپ قالغانىدىم. بەلكىم نورۇللا كېيىنكى خوتۇنلىرىدىنمۇ مۇشۇ يوسۇندا قىزىقارلىق ۋەقەلەر تۈپەيلى ئاجرىشىپ كەتكەن بولسا كېرەك، دېگەن خىيال مېنىڭ قىزىقىشلىرىمنى يەنىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى.

— تۇنجىسىدىن كېيىن، ئۇ ئارقا - ئارقىدىن تۆت خوتۇن ئالدى، — مۇسا سەۋدا سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئالغان خوتۇنلىرى تېشىدىن قارىماققا يامان ئەمەس بىر نېمىلەر ئىدى. ئۇ خوتۇنلارنىڭ نورۇللاغا نېمىشقا تەگكەنلىكىنى، نورۇللانىڭمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئۇلارنى نېمىشقا ئەمرىگە ئالغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيمەن. ئىش - ئەمگەكتە كۈچتىن قىسىلغاندا، يالغۇزچىلىق جانغا پاتقاندا، پايتىمىسى سۆرۈلۈپ تۇرسىمۇ ئاياللارغا ئەرلەر گۈل كۆرۈنەمدىكىن؟ ئادەم ئۆزىنىڭ تىزگىنىنى كۆڭۈلگە تۇتقۇزۇپ قويغاندا، ئۆزىنى نېمە قىسمەتلەرنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيدىغان گەپ ئىكەن. باشقىلارنىڭ ئەپقاچتى گەپلىرىدىن قارىغاندا، نورۇللا ئالغان خوتۇنلار زاكىسىدا بۇزۇلۇپ، چېچەكلىگەندە تۆۋەنگە چۈشۈپ قالغان بىر نېمىلەر ئىمىش. بۇ گەپكىمۇ تازا ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئەمما ئاشۇ خوتۇنلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى خۇددى ئۇنىڭغا ئۆچرەت ساقلاپ تۇرغاندەك تېگىشۋەردى. مەن بىلسەم بۇلارنىڭ ئالدى بىرەر يىل، كەينىمۇ بىر نەچچە ئايدىن ئولتۇرۇپ كەشنى توغرىلاشتى. راست گەپنى قىلغاندا ئۇلارنى نورۇللا ئۆيىدىن قوغلاپ چىقاردى.

مۇسا سەۋدا سۆزىنى نەدىن باشلاشنى ئويلىنىۋاتقاندەك سەلگىنە جىم بولغاندىن كېيىن ئۆزىچە كۈلۈپ كەتتى.

— نۇرۇللانىڭ كېيىنكى خوتۇنى خېلىلا قاملاشقان ئايال ئىدى. بۇ ئايالنىڭ ئىسمىمۇ ئۆزىدەك چىرايلىق ئىدى. «ئايگۈزەل» دېگەن ئىسىم ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ قورولتاشقا كەلگەندە، بۇ يەردە تېخى ئۇنداق ئىسىم يوق ئىدى. كۆپ ئۆتمەي قورولتاشتا تۇغۇلغان قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ كاتتا ئىسىم بىلەن ئاتالدى. ئاتا ـ ئانىلار قىزلىرى چوڭ بولغاندا ئايدەك گۈزەل ۋە نۇرلۇق بولسۇن دېگەن ياخشى نىيەتنىڭ كۈچىدىنمۇ ياكى نۇرۇللادەك كۆچلۈك، كۆڭلى يۇمشاق، قىزلىرىنىڭ دىلىنى ئەزمەيدىغان، قېنى سەن دەپ بولغۇچە لەببەي دەپ تۇرىدىغان ئەرگە تەگسۇن دېيىشتىمۇ ۋە ياكى چىرايلىق ئاڭلانغىنى ئۈچۈنمۇ، بىلمىدىم. «ئايگۈزەل» دېگەن ئىسىمنىڭ بازىرىنى چىقىرىۋېتىشتى.

بىر يىل ئۆتكەندە، بىزنىڭ نۇرۇللا ئاشۇ چىرايلىق خوتۇندىن ئاجراشتى. بۇ خەۋەر كەنتنى پات ـ پاراق قىلىۋەتتى. ئايگۈزەل ئاتلىق قىزلىرىنىڭ كەلگۈسىگە زور ئۈمىدلەرنى باغلاپ يۈرگەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۆڭلى غەشلىككە تولدى.

شۇ كۈنى بىز قورولتاشتىن يىگىرمە بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايلاشقان ئەمچەك دۆڭنى يېرىپ يول ياساش ئەمگىكىدىن قايتىپ كەلگەندۇق. نۇرۇللا تراكتوردىن چۈشۈپلا ھېچكىم بىلەن خوشمۇ دېيىشمەي ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى.

— ۋاي بايقۇش، خوتۇنىدىن ئايرىلغىنىغا ئون بەش كۈن بولماستا جان بەرگىلى تاسلا قاپتۇ ـ دە، — دېدى كىمدۇر بىرسى. ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشتى. پاجىئە دەل شۇ چاغدا يۈز بەرگەنىكەن. كېيىن نۇرۇللانىڭ بىزگە ھېكايە قىلىپ بېرىشىچە خوتۇنى ئۇنى مۇنداق قارشى ئاپتۇ...

تراكتوردىن سەكرەپ چۈشكەن نۇرۇللانىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتكەنىدى. ئۇ ئايگۈزەلنى شۇنچىلىك سېغىنغانىكى، ناۋادا كازىم تاش ئۇنىڭغا چىدىماسلىق قىلىپ يۈرمەي رۇخسەت بەرگەن بولسا، مۇشۇ ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئۇ ئۆيىگە بىر نەچچە قېتىم كېلىپ كەتكەن بولاتتى... مانا، كازىم تاشنى گىدەيتكەن ئىشمۇ ئاخىرى تۈگىدى. سېغىنىش ئەۋجىگە چىقىپ يۈرەك يېرىلاي دېگەندە، زېرىكىش جاننى ئېكەكدەپ ئۆلەي دېگەندە، ھارۋىكەشنىڭ قامچىسىغا ئۆگىنىپ قالغان قېرى بايتالدەك قاشاڭ دۆڭ ئاخىرى يېرىلدى. يوللار تۈزلەندى. ئەمدى بۇ يىللىق ھاشار مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگەرمىكىن؟! خوتۇنىنىڭ يېنىدا ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ، كېچىسى يېنىدىن ئايرىلماي، قاداق باسقان ئالىقانلار بىلەن تۇخۇمدىن يېڭى چىققان توخۇ چۈجىسىدەك يۇمران ئالمىلارنى سىلاپ يېتىپ تىنىق ـ تىنىققا قوشۇلۇپ كېتىدىغان كۈنلەر ئەمدى ھارام بولماسمىكىن؟ بىر نېمە دېمەك تەس... قوقاندا شامال چىقسا، بۇخارادا خامان سورۇشقا ئۇستا كەنت باشلىقىمىز قەيەردىندۇر تېپىپ كەلگەن، ئايىقتەك چوڭلۇقتىكى تامغىسى بار قەغەزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋەزىپە چۈشتى دېسە، ناننى خورجۇنغا تىقىپ، جۇۋىنى قولتۇقلاپ ماڭماي ئىلاج يوق...

شۇ خىياللار بىلەن ئالدىراش كېتىۋاتقان نۇرۇللا قانداقلارچە ئۆيى ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنى تۇيمايلا قالدى. ئىشىك ئىچىدىن تاقاق ئىدى. ئۇ قولىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى يەرگە تاشلىدى ـ دە، تاقەتسىزلىك بىلەن ئىشىكنى قېقىشقا باشلىدى.

ئۆينىڭ ئىچىدىكى سۇپىدا قىپ ـ يالىڭاچ ئىككى تەن قالايمىقانلىشىپ كەتكەن يوتقان كۆرپىلەر ئارىسىدا ھاسىراپ يېتىشاتتى. ئۆينىڭ ئىچى ھەم ئېغىر ھەم

قاڭسىق ھىدلارغا تولغانىدى. ئاجايىپ شېرىنلىككە تولغان ھۇزۇر - ھالاۋەت ۋۇجۇدلارنى لەش قىلىۋەتكەنىدى. كۆچلۈك بىلەكلەرنىڭ ياردىمىدە مەھكەم چاپلىشىپ ياتقان بۇ ئىككىسى تېخى تېنىدە غايىب بولۇپ ئۈلگۈرمىگەن لەززەتنىڭ قالدۇقلىرىنى كۆشىمەكتە ئىدى. ئىشكىنىڭ قاتتىق - قاتتىق قېقىلىشى ئۇلارنى چۆچۈتىۋەتتى.

— ئايگۈزەل، ھاي خوتۇن، مەن قايتىپ كەلدىم. ئىشكنى تېز ئېچىڭلار، تېز! — نۇرۇللانىڭ تىترەپ چىقىۋاتقان ئاۋازى ئىشكىنىڭ تاقىلدىشىنى بېسىپ كەتتى.

— ئە . . . ئېرىڭىزكەن، — دېدى قورقۇنچتىن لاغ - لاغ تىترەۋاتقان بۇرۇتلۇق يىگىت جىلە بولۇپ، — ۋاي ئىست، نېمىشقىمۇ بۇ پوقنى قاراپ تۇرۇپ يېگەندىمەن؟ ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

— ھاماقەت گاداي، دورا يېگەن بىلىقتەك تولا پىرقىرىماي ئىشتانلىرىنى كىيسىلە، دەيمەن، — ئايگۈزەل ئۇنىڭغا قەھرى بىلەن شىۋىرلىدى، — ھە، ئەمدى پايپاقلىرىنى كىيسىلە، ئەستاغپۇرۇللا، مايكىنى كۆڭلەكنىڭ ئىچىگە. . .

سىرتتا نۇرۇللا تىپىرلىماقتا ئىدى. ۋارقىراش ۋە تاقىلداشتىن ھاسىل بولغان كۆچلۈك سادا قورۇلتاش ئاخشىمىنىڭ پەيزىنى بۇزماقتا ئىدى. يىراق - يېقىندىن چۆچۈگەن ئىتلارنىڭ كاڭشىغان ئاۋازى كېلەتتى.

— ئەمدى ئاياغلىرىنى كىيسىلە، يائاللا، بوغۇچىنى سىرتقا چىقىۋالغاندا بىر نېمە قىلمامدىلا؟ تۇتسىلا ماۋۇ شاپاقتا ئوخشايدىغان شلەپىلىرىنى. سودىگەر دېگەنچۇ، يانچۇقىغا تۆت تەڭگىنى قىستۇرۇۋېلىپ، ئاغزىدا شە ئېلىپ يۈرگەن بىلەن مۇشۇك مياڭلىسىمۇ ئىشتىنىغا چىقىرىۋېتىدىغىنىدىن ئىكەن. ھە، بولدىمۇ؟ ئىشكىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتسىلە، تىن چىقارمىسىلا جۇمۇ.

ئايگۈزەل ئىشلارنى جاي - جايىدا بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، شلەپىلىك بەرگەن ئوتتۇز سومنى كىگىزنىڭ ئاستىغا تىقتى - دە، ھويلىغا يۈگۈردى.

— يائاللا، نېمانچە قەغىشلىك بۇ؟ بىردەم توختاپ تۇرمامدىلا؟ ئەمدىلا كۆزۈم ئىلىنىۋىدى، ئاچ قالغان كالىدەك مۆرەپ مەھەللىنى باشلىرىغا كىيدىلىغۇ؟ ئادەمگە بىردەممۇ ئارامچىلىق يوقتە بۇ ئۆيدە، ھە مانا. . .

ئۇ كوتۇلدىغىنىچە بېرىپ ھويلا ئىشكىنى ئاچتى. بۇقىدەك تۇرتۇپ كىرگەن نۇرۇللا ئۇنىڭغا تاشلىنىپ ئايگۈزەلنىڭ ھەرىنىڭكىدەك ئىنچىكە بېلىدىن تارتىپ قۇچاقلىدى.

— ۋاي سالۋاقۇش، ۋايجان، ھۇ ئېچىرقاپ كەتكەن قارا ھاڭگا، ئۆيگە كىرىپىراق دەيمەن. . .

نۇرۇللا خوتۇنىنى لىككىدە كۆتۈرۈۋالدى - دە، ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئايگۈزەل كەڭ ئالقىنى بىلەن نۇرۇللانىڭ كۆزلىرىنى ئېتىۋالدى.

— قېنى، دەپ باقسىلا، مەن سىلىگە قانداق تاماقلارنى ئېتىپ ساقلىدىم - ھە؟! — ئايگۈزەل ناز بىلەن سورىدى ۋە ئىشكىنىڭ كەينىدىكى شلەپىلىككە سىرتنى ئىشارە قىلدى.

— پولو. . .

— ياق، تاپالمىدىلا.

— لەڭمەن. . .

— ۋاي - ۋۇي مەلتەڭ قورساق، يەنە تاپالمىدىلا.

— ئەمىسە، سۇيۇقئاش. . .

— ۋاي ياق، — ئايگۈزەل ئۇنىڭ

كۆزىنى يەنىمۇ چىڭراق ئېتىۋالدى. ئەڭ دەھشەتلىك مىنۇتلار قىستاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ قاپقارا بىر جۈپ كۆزى پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، شەپە چىقارماستىن سىرتقا ماڭغان شىلەپىلىككە تىكىلىپلا قالغانىدى.

— مانتۇ. . . — دېدى نۇرۇللا ئۆزىگە تونۇش بولغان ئاراچ بىلەن مېڭىپ سۈپىنىڭ لېۋىگە كەلگەندە، — ئەمدىغۇ تاپقاندىمەن خوتۇن. . .

— ياق.

— ۋاي خۇدايىم، ئۇمۇ ياق، بۇمۇ ياق بولسا، زادى نېمە ئەتتىڭلا ئەمسە؟ ئادەمنى تولا ئوينىتماي غاچچىدە دەۋەتمەمسىلە؟

— ھېچ. . . ھېچنېمە، — دېدى ئايگۈزەل شىلەپىلىك ھويلا ئىشىكىدىن چىقىپ قاراڭغۇلۇق قوينىدا غايىب بولغاندىن كېيىن، نۇرۇللانىڭ كۆزىدىكى قولىنى بوشىتىپ، — قارىسىلا مانا، مىجەزىم يوق، ياتقىلى ئىككى كۈن بولدى، — ئۇ قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان يوتقان - كۆرپىلەرنى كۆرسەتتى، — سىلىنى ئويلاپ كۈن - كۈن يېتىپ كەتتىم. بىر كەتسىلە باغلاقتىن بوشانغان ئېشەكتەك يوقاپ كېتىپ پەيدا بولمايدىلا. سىلىنى سېغىنىپ يا كۆزدىن ياش قۇرىمىغان، يا گالدىن بىر نەرسە ئۆتمىگەن. مەن سىلىگە تەگمەي مۇشۇ ئىسلىشىپ كەتكەن تام - تۇرۇسلارغا تەگكەن ئوخشايمەن. زەپمۇ تويدۇمغۇ بۇ جاندىن.

— ھېچقىسى يوق جېنىم خوتۇن، قېنى كېلىڭلا. پولومۇ سىلە، لەغمەنمۇ سىلە، سىلىگە بىر تويۇۋالاي ئەمدى. . .

ئاياللار تېگىدىن ماختانچاق كېلىدۇ. كاللىسى كىچىككىنە ئىشلەپ قويدىمۇ، بولدى، جاھان شۇلارنىڭ. بىر قېتىملىق كوچا سۆھبىتىدە ئايگۈزەل ئىككى سۆھبەتدىشىغا ئاشۇ ئىشنى سۆزلەپ بېرىپ ماختاندى. قوشنا ئاياللار ئۇنىڭ ئەقلىگە، ئۇستاتلىقىغا ھەيران بولۇشتى. ئەمما، ئىشنىڭ تەتۈرلۈكى تەقدىر ئەۋۋىلىدە شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسا، ئايگۈزەلنىڭ ئۇنى تارتماسلىقىقا ھەددىمۇ؟

كۈنلەر ئۆتۈپ ئايگۈزەل ئاشۇ سۆھبەتدىشىنىڭ بىرى بىلەن جېدەللىشىپ قالدى - دە، ئۆزىگە ئۆزى قىلدى. ئاچچىقى راسا كەلگەن ھېلىقى چوكان قىلچە يۈز خاتىرە قىلىپ ئولتۇرماستىن ھېلىقى مەخپىيەتنى چىللاغا چىقاردى. نۇرۇللاغا نامەلۇم بولغان سېسىقچىلىقلار چۇۋۇلۇپ چىققىنىدا ئۇ ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالدى - دە، ئايالىغا ۋارقىرىدى:

— ئۈچ تالاق، ئوتتۇز تالاق، ئۈچ مىڭ تالاق!

كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان ۋاقىت قۇشى ئۇچۇۋەردى. كېيىنكى يىل نۇرۇللا …مبەس قىلىپ يەنە ئۆيلەندى. ئەمما خۇشال كۈنلىرى ئۇزاققا بارمىدى. قارىغاندا بۇ بايقۇش خوتۇندىن بىتەلەي ئوخشايدۇ. . .

مۇسا سەۋدا ھېكايىسىنى تۈگەتتى. كېچە خېلىلا بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ئاي بۇلۇتلار قوينىدىن ئۈزۈپ چىقىپ خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۈمۈش نۇرلىرى يىلان باغرى بولۇپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىگە چۆمۈلگەندە، يالت - يالت قىلىپ چاقناپ كېتەتتى. ئاينىڭ سۈپسۈزۈك نۇرىغا چۆمۈلۈپ ئۇيقۇغا كەتكەن سۆگەتلەرنىڭ كەڭ يوپۇرماقلىرى پارقىراپ كۆرۈنەتتى. ئازمىدىن چۈشۈۋاتقان سۇ زېرىكەرلىك ناخشىسىنى بىر قېلىپتا تەكرارلىماقتا ئىدى.

— ئەمدى قايتىپ ئارام ئالىلى، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — ھېلىمۇ نۇرۇللانىڭ غەيۋىتى بولدى دېگۈچە قىلىۋەتتىم. بىچارىنىڭ قۇلىقى قىزىپ

ئۇخلىيالمىغاندۇ ھەقىچان. . .

— مۇساكا، نېمىشقا نۇرۇللا ئالغان ھەممە خوتۇنلىرىدىن بۇرۇنغا يېدى؟ بەش خوتۇندىن بىرەرسى بولسىمۇ نۇرۇللاغا ئاش بولمىدىمۇ؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب نېمىدە؟

— نامراتلىق! — دېدى مۇسا سەۋدا بۇ سوئالىمدىن ھەيران بولۇپ، بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — سىلە بىلمەيدىلا ۋەلىجان ئۇكام، ئايالLارنىڭ كۆپىنچىسى ئاچكۆز كېلىدۇ. ئۇلار ياخشى يېيىشنى، ياخشى كىيىشنى، ياخشى خەجلەشنى خالايدۇ. ئىختىيارىغا قويۇپ بەرسەڭ، پۇتۇن دۇنيانى ئالدىغا قويساڭمۇ قانائەت قىلمايدۇ. باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇشنى، مەرتىۋىدە، كىيىم - كېچەكتە ئۇستۇن بولۇشنى كېچە - كۈندۈز چۈشەيدۇ. مانا شۇنداق ئايالغا ئۇچراپ قالغان يىگىتنىڭ ھالىغا ۋاي. ئايالنىڭ ئاشۇنداق تەلەپ - ئارزۇلىرى قاندۇرۇلمىسا، بۇنداق ئايال ئۆز تەلىپىنى قاندۇرالايدىغان ئەرنى باشقا ياقتىن ئىزدەشكە باشلايدۇ.

ئۇ ئايىغى ئاستىدا سوزۇلۇپ ياتقان چىغىر يولنىڭ مەھەللىگە تۇتۇشىدىغان ئۇچىغا قاراپ بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— نۇرۇللاغا كەلسەك، ئۇنىڭ بەش خوتۇنىنىڭ بەزىسى ئىختىيارىغا قويۇپ بەرسە ئۇنىڭغا ھەرگىز تەگمەيدىغانلار ئىدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ زورى بىلەنلا بولۇپ كەتكەن تويغا ئۇلارنىڭ رازىلىقى يوق، بەزىلىرى بولسا ئەرگە تەگكەن ئاتنى ئېلىش ئۇچۇنلا توي قىلىشقان. ئۇلارنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسى توغرا ئەمەس. شۇڭا بۇ خوتۇنلارنىڭ كۆڭلىدە نۇرۇللاغا ھەقىقىي ئورۇن يوق. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىزنىڭ بۇ بايقۇشتىمۇ بار. ئۇ كەمسۆز، قالتىس كۈچى بار ئىشلەمچى نېمە بولغىنىنى بىلەن ئەقلى - ھوشى سەل جايىدا بولمىغاچقا، ئىشلىگىنىنىڭ ھېسابىنى قىلالمايتتى. مال - مۈلكىنىڭ، بايلىقلىرىنىڭ كىمنىڭ قولىدا كۆككە سورۇلۇۋاتقىنىنى بىلەلمەيتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ نامراتلىقتا قېلىۋەردى ۋە خوتۇنلىرىمۇ قولىدىن چىقىپ كېتىۋەردى. مانا، شۇ ئىشلار بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن نۇرۇللا پالەچ كېسىلىدەك يېتىۋالدى. ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغان كىشىنىڭ تىلىمۇ پايتىمىغا ئايلىنىدۇ، كادىر غوجام.

مۇسا سەۋدانىڭ سۆزلىرى مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. سىلىق كېتىۋاتقان نۇرۇللا ھېكايىسى تۇيۇقسىزدىن نامراتلىق تېغىغا ئۇسسۇۋالدى. دېمەك، قۇرولتاشلىقلارنى بەختلىك قىلىش، ئائىلىسىنى گۈللەندۈرۈش ئۇچۇن بۇ تاغنى يىقىتماي بولمايدۇ. ئەمما ئۇنى قانداق يىقىتىش كېرەك! مانا بۇ جاۋاب بېرىش ئەڭ قىيىن، باشنى ئاغرىتىدىغان سوئال ئىدى.

## 11

قۇرولتاشنىڭ قىشلىق ھاۋاسى بەكمۇ ئوسال ئىكەن. سول تەرەپتىكى تاغ جىرالىرىدىن كېلىدىغان سوغۇق شامال ئادەمنىڭ يۈزىگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. قار كۆپ ياغمىغىنى بىلەن، قۇرولتاش پۈتۈن سۈرۈك بىر قىش قارنىڭ ئاچچىق شاملى قوينىدا ئۆتتى. يالىڭاچلانغان دەل - دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرىدا ئىزغىرىن شامال ھۇشقۇيتاتتى. ھوسۇللىرى يىغىۋېلىنغان ئېتىزلار قېلىن قىروۋ تېگىدە قىشلىق ئۇيقۇسىنى باشلىغان، توڭلاپ چويۇندەك قېتىپ كەتكەن ئېتىز قىرلىرىدا قاغىلار دۈگدىيىپ ئولتۇرۇشاتتى. كەنتنىڭ سول

www.uyghurkitap.com



تەرپىدىكى تۆپىلىكتىن نەزەر تاشلىغاندا قۇرۇلتاش قويۇق قومۇش كۆتەكلىرى بىلەن قاپلىنىپ تۇرغان زاراتگاھلىقتەك مۆڭلىنىپ سۇكۇتكە چۆمگەن، قەدىمىي ئېقىن بويلاپ سېلىنغان دېھقان ئۆيلىرى توڭلاپ ئۆلگەن تۆگە پادىسىغا ئوخشاپ قالغانىدى. مەھەللە تەرەپتىن بالىلارنىڭ خۇشال قى - چۇلىرى، ئات - ئېشەكلەرنىڭ كىشنىگەن، ھاڭرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلانمايتتى. پەقەت قۇرۇلتاشتا ھېلىمۇ ھاياتلىق بارلىقىدىن دېرەك بېرىپ، ئۆيلەرنىڭ مورىسىدىن كۆتۈرۈلگەن، ئىرىنچەكلىك بىلەن تولغىنىپ، ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ ھاۋاغا سىڭىپ كېتىدىغان تۈتۈنلەر كۆزگە چېلىقاتتى.

تۈنۈگۈن كېچە تۈنجى قار ياغدى. تاڭ ئاتقاندا بۇ يەردىكىلەر ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. دەممۇ دەم ئۇرۇپ تۇرغان شىۋىرغان كۆزنى ئاچۇرمايتتى. تۆپىلىكلەرنى، كونا ئېقىن ۋە ئۇ يەردە چوقچىيىپ تۇرغان ۋەيرانە ئۆيلەرنى قېلىن قار قاپلىغان بولۇپ، ھەممىياق ئاق پەرەنجىگە ئورالغاندەك چىرايلىق تۈس ئالغانىدى. ئاچچىق شامال ھۇشقىيتىپ، قار دانىچىلىرىنى توزۇتاتتى. ئاياغ ئاستىدىن زېرىكەرلىك ئاۋاز — قارنىڭ غىرىسلىغان نالىسى كېلەتتى. كازىم تاش بىلەن ئىككىمىزنىڭ قار كېچىپ قۇرۇلتاش ئائىلىلىرىنى يوقلاۋاتقىنىمىزغا يېرىم كۈندىن ئاشقانىدى.

— ئەمدى مۇنداق مېڭىۋەرمەيلى، — دېدى كازىم تاش توڭلاپ قېتىپ كەتكەن پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ دىڭگوكلاپ مېڭىشلىرىمىزغا قاراپ، — يېقىنراق يەردىن ئىسسىقراق بىر ئۆي تېپىپ ئارام ئالايلى. خىزمەت دېگەن بىر زورۇقۇشتا تۈگەپ كېتىدىغان نەرسە ئەمەس.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. راستىنى دېگەندە ئۆزۈممۇ بولالماي قالغانىدىم. كازىم تاشنىڭ بۇ مەسلىھەتى ماڭا مايدەك ياقتى. مەن قاقىرلاردەك بوينۇمنى سوزۇپ، ئالدى تەرەپكە قارىدىم. بىزدىن سەل نېرىدا، قاشا تاملىرى بۇزۇلۇپ، ھوۋۇلداپ قالغان تاشلاندۇق باغنىڭ يېنىدا بىر ئۆي تۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپ دەرھال ئېسىمگە ئالدىم.

— ئەنە، ئاۋۇ ئۆي بىزنىڭ نۇرۇللانىڭ-غۇ دەيمەن.

كازىم تاش قېلىن قار تېگىدە خۇددى مۆكچىيىپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان بۇ ئۆيگە قاراپلا قوشۇمىسىنى تۈردى.

— ھەي، تەلىيىمىز تەتۈر چىقتى مانا. نۇرۇللا دېگەن لەقۋانىڭ ئۆيىگە توغرا كېلىپ قاپتۇقغۇ ئەمدى. مورىسىدىن تۈتۈنمۇ چىقماپتۇ. قارىغاندا ئوتمۇ قالماي ياتقان بولمىسۇن بۇ خوتۇن تالاق.

جاۋغايلىرىدىن ئاققان شۆلگىيى ئېڭىكىدە چالما قاتۇرغان نۇرۇللانى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە مۇسا سەۋدانىڭ ھېكايىسى قۇلاق تۈۋۈمدە جاراڭلاپ كەتتى.

— قېنى، بەش خوتۇننىڭ ھوزۇرىنى سۈرگەن بۇ يىگىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قانداقكىن، بىر كۆرۈپ چىقمايلىمۇ؟ — دېدىم كازىم تاشنىڭ يېڭىدىن تارتىپ.

— شۇنداق قىلىلى بولمىسا، — دېدى كازىم تاش خۇشياقمىغاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — لېكىن بۇ ئۆيدە ئارام ئالغىلى بولماسمىكىن؟ توۋا، خۇددى خۇدا ئۇرغاندەكلا مۇشۇ ناكەسنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ قالغىنىمىزنى دېمەمدىغان، ھەي...

بىز ئىشىكتىن قىسىلىپ، كەپلىشىپ بىلەن تەسلىكتە ئۆيگە كىرگىنىمىزدە،

قورقۇنچلۇق چۈشكە ئوخشايدىغان ئاجايىپ مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن بىر - بىرىمىزگە لاپ قىلىپ قاراپ قويۇشتۇق. ئوت يېقىلمىغان ئوچاقنىڭ يېنىدا، كۈل ۋە ئەخلەت - چاۋالار چېچىلىپ ياتقان كىگىزنىڭ ئۈستىدە سوغۇقتىن توڭلاپ، چىرايى كۆكىرىپ كەتكەن، چىشلىرى كاسىلداپ تىترەپ تۇرغان نۇرۇللا مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپ ياتاتتى. ئۈستىگە كونا جۇۋا، مازلىرى تىتىلىپ كەتكەن يوتقان ۋە ئىشتان - كۆڭلەكلىرىنى يېپىنغان بولسىمۇ، ھۆتمە - تۆشۈك بولۇپ كەتكەن تاملارنىڭ ھەممىلا يېرىدىن سوقۇپ تۇرغان ئىزغىرىن شامال ئۆينى بەئەينى مۇزخانىغا ئايلاندۇرۇپ قويغاچقا ئۇ توڭلاپ كەتكەنىدى.

— بەللى نۇرۇللا، ئوچاقنى ئوت قالىمايلا ئىسسىتىۋېتەي دەپسەن - دە، — دېدى كازىم تاش ئۈيۈشۈپ كەتكەن قولىنى ئىشقىلاپ سەل ئىسسىتىۋالغاندىن كېيىن، توڭلاپ كۆمۈرچەكتەك قېتىپ كەتكەن قۇلىقىنى سىلىغىنىچە، — كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەن قوتۇر ئىتتەك تىترەپ ياتقۇچە ئوچاققا ئوت ياقساڭ بولمامدۇ؟

— ئوتۇن... ئوتۇن يوق.

— جاڭگالدا بار ئىدىغۇ. پۈتۈن سۈرۈك يىگىت بولغاندىكىن، بىرەر ئېشەك ئوتۇن دېگەننى غاچچىدە ئېلىپ چىقساڭ بولمامدۇ؟

— ئېشەك توڭلاپ ئۆلدى.

— ئەمدى جان قاپتۇ - دە، — كازىم تاش مەسخىرە ئارىلاش ھىجايدى.

— سىلىنىڭ ھىممەتلىرىدە ئۇمۇ چىقاي دەپ قالدى، — نۇرۇللا بارغانسېرى تۈگۈلۈپ جۇۋىسىغا چۆمكەلدى.

— ھاي لاتا بەل، مەن نېمە قىلدىم ساڭا؟ — كازىم تاشنىڭ ئاچچىقى كەلگەن بولسا كېرەك، نۇرۇللانىڭ ئۈستىدىكى جۇۋىنى يۇلۇپ ئالدى، — «سىلىنىڭ ھىممەتلىرىدە» دەيسەنغۇ، گېپىڭچە بولغاندا، سېنىڭ ئۆيۈڭنى مەن قۇرۇغداپ قويۇپتىمەن - دە؟

— دېمىسىمۇ شۇنداققۇ، — نۇرۇللانىڭ چىرايى ئازابلىق تۈس ئالدى. ئۇ ھەدەپ كازىم تاشنىڭ قولىدىكى جۇۋىغا ئېسىلىپ، ئۇنى بار كۈچى بىلەن تارتاتتى، — ئىشقىلىپ سىلىنىڭ كەينىلىرىدە يۈرۈپ مۇشۇ كۈنگە قالغان خەق بىز. جۇۋىنى بەرسىلە. مەن توڭلاپ ئۆلەي دېدىم.

مەن يەنە بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ لەۋلىرىنى ئۆمەللەۋاتقان كازىم تاشنىڭ قولىدىن جۇۋىنى ئېلىپ نۇرۇللانىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويدۇم. كازىم تاش ئاچچىقىدا ماڭا قاراپ بىر ئالايدى - دە، پۇشۇلدىغىنىچە سىرتقا ماڭدى. ئۆي ئىچى ھۇۋۇلداپ تۇراتتى. مەن ئوچاقنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قىڭغىر ياتقان قازاننى كۆرۈپ تۇۋاقنى ئاچتىم. قازاندا ھېچقانداق كۆكتات سېلىنمىغان، خۇددى شىلىمغا ئوخشايدىغان بىر چۆمۈچ ئوماچ قېتىپ قالغانىدى.

— نۇرۇللا، يەيدىغان تاماق مۇشۇمۇ؟ — مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— شۇ... شۇ... — دېدى ئۇ سوغ ھىجىيىپ قويۇپ، — مۇشۇنىمۇ تاپقانغا شۈكرى قىلىمەن، كادىر غوجام.

— ئاشلىقىڭىز ئەتىيازغىچە يېتەمدۇ؟

— ئەتىيازغىچە؟ — نۇرۇللا كۈلۈپ كەتتى، — ئەتىيازغىچە دەمدىلا، كادىر غوجام؟ نەق شۇ تاپتا خەققە بەش چارەك قوناق قەرزىم بار.

— نېمە؟ يەر تېرىمىغانمىدىڭىز؟ يا هوسۇل كەم چىققان گەپمۇ؟ ئۇنداقتا قىشنى قانداق چىقارماقچىسىز؟

— هوسۇلغۇ يامان ئەمەس چىققان، — دېدى ئۇ ئىسلىشىپ قارىداپ كەتكەن تورۇستىكى لىملارغا قاراپ ياتقىنىچە، — ئۈچ مو يەر ئۈچۈن مىڭ جىڭدىن ئارتۇقراق ئاشنى هۆكۈمەتكە ساتتىم. قولۇمدا ئازراقلا بىر نەرسە قالغانىكەن. تۆت ـ بەش چارىكى نىسپى ئىچكەن هاراقنىڭ هېسابىغا ئۆلگۈردى. قالغىنىنى يەپ بولۇپ، كاتەكنىمۇ قوشقۇزۇۋەتتىم مانا.

— ئاشلىق ساتقان پۇلچۇ؟

— كازىم تاشنىڭ هېساباتچىسى هېكىم بوغالتىرنىڭ دەپتىرىدە، — نۇرۇللا دىمى ئىچىگە چۈشكەن هالدا ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويدى، — يەر پۇلى، سۇ پۇلى، دېهقانچىلىق بېجى، باشقۇرۇش راسخوتى ۋە مەن ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان تۈرلۈك راسخوتلار ئۈچۈن تۇتۇپ قېلىنىدى. يەنە ئىككى يۈز سەكسەن كوي قەرزىم بار...

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز؟

— ئوغرىلىق قىلايمىكىن؟ — ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا سۆزلىدى، — ئاۋۋال كازىم تاشنىڭكىگە، ئاندىن هېكىم بوغالتىرنىڭكىگە بىر قېتىمدىن چۈشۈپ باققۇم بار.

— هەي نۇرۇللا، تولا چاقچاق قىلماڭ. بۇ دېگەن جىنايەت.

— جىنايەت؟ ياق، كادىرغوجام، مەن ئۇلارنىڭكىگە كىرسەم ئۆزۈمنىڭ نېسىۋىسىنى ئالىمەن. هەرگىز ئۇلارنىڭكىگە كۆز قىزارتمايمەن.

— قارىسىغا گەپ قىلماڭ، نۇرۇللا، هېچنېمىدىن هېچنېمە يوق مۇنداق دېسىڭىز تەسىرى يامان بولىدۇ.

— قارىسىغا دەۋاتقىنىم يوق، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ غەزەپ بىلەن، — سىلە بۇ يەردىكى باشقا دېهقانلارنىڭكىگىمۇ كىرىپ باقسىلا. سوغۇقتا تىترەپ ياتقىنى مەن بىرلا ئەمەس. ئاشۇ كادىرلار ئىشلە دېسە، ئىشلىدۇق. ئوتقا كىر دېسە سەكرىدۇق. ئەمما تاپقىنىمىز نەگە كەتتى؟ كىمنىڭ چۆنتىكىگە چۈشتى؟ بۇنى هېچكىم بىلمەيدۇ. يا يانچۇقتا يوق، يا بانكىدا. يا ئۆستەڭۋاشتا يوق، يا قازناقتا. بىزنىڭ قان ـ تەرىمىز كىمنى سەمرىتتى؟ ئەجرىمىزنىڭ مېغىزىنى كىم چاقتى؟ بۇنىڭغا هەتتا سىلىمۇ جاۋاب بېرەلمەيلا. مەن ئىلگىرىكى ئەقىلسىز نۇرۇللا ئەمەس. يۈز بەرگەن ئىشلار مېنىڭمۇ كۆزۈمنى ئېچىپ قويدى. بەزى ئىشلارنىڭ تېگىگە ئەمدى يېتىۋاتىمەن، كادىر غوجام.

مەن ئىندىمىدىم. نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ ئەمەلىيەتتىمۇ ئىشلار نۇرۇللا دېگەندەك بولۇۋاتىسا، يەنە كادىرلارنى ئاقلاپ ئولتۇرۇشقا رايىم بارمىدى.

— مېنى هەدېسە كولۇڭدىن چىقماي ياتىدىغان بىر نېمىكەن دەپمۇ ئويلىغاندىلا، — دېدى ئۇ ئارىدىكى بىر پەسلىك سۈكۈتنى بۇزۇپ، — مېنىڭمۇ تاش يەپ قۇم چىقىرىغان مۇشۇنداق چاغدا راسا ئىشلىگۈم كېلىدۇ. ئەمما ئىشلىسەم كۈچۈمنىڭ هارام بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلىمەن. مۇنداق دېسەم، ئىشلىسەڭ ئۆزۈڭنىڭ يېرىگە ئىشلەيسەنغۇ، دېيىشلىرى مۇمكىن. يەر ماڭا هۆددە بېرىلگەن بىلەن هوسۇل مېنىڭكى ئەمەس. خۇددى شىۋاقلىقتا پۇچقىقىڭنى تۇرسەڭ، نەشتىرىنى چىقىرىپ، پاشا ئولاشقاندەك،

هوسۇل تاغارغا ئېلىنىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا ئىگە چىقىدۇ. . . شۇڭا بەزگەكنىڭ ئۆزى بولۇپ يېتىۋالدىم. ئىشلەيدىغان كۈن كەلسە ئىشلەرمەن. بولمىسا ئىشتانغا بىقىپ پۇت سۇنۇپ، تاپالىسام داپ چېلىپ، تاپالمىسام تۇپرۇكنى يۇتۇپ كۈننى كۈن ئېتەرمەن.

— ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى كۆپرەك ئويلاڭ نۇرۇللا. ئەمدى ئىشلىگەننى ئالىدىغان چاغ كەلدى. سىز دېگەن ياش. . .

— ئىشلىگەننى ئالىدىغان چاغ كەلدى؟ قېنى دېسىلە كادىر غوجام. ئىشلىگەننى قانداق ئالىمىز؟

شۇ ئەسنادا سىرتتىن كازىم تاشنىڭ مېنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— خوش، مەن سىزنى يەنە يوقلاپ كېلىمەن نۇرۇللا. ئۇ سوغۇقتا ماڭا ساقلاۋاتىدۇ. كېيىن پاراڭلىشايلى. بولامدۇ؟

ئۇ سۆزسىزلا بېشىنى لىڭشىتتى.

سىرتتا شامال بارغانسېرى كۈچەيگەنىدى. ئاسماندا قاپقارا ئېغىر بۇلۇتلار ئېسىلىپ تۇراتتى. قارىغاندا كەچتە يەنە قار ئارىلاش جۇدۇن بولىدىغاندەك قىلاتتى. قوي تېرىسىدە تىكىلگەن سالۋا تەلپەك كىيىۋالغان كازىم تاش توڭلاپ قېتىپ كەتكەن پۇتلىرىنى ئىسسىتىش ئۈچۈن يەرنى تېپىپ سەكرىمەكتە ئىدى.

— نۇرغۇن ئۆيلەردە ئوتۇن قالماپتۇ، — دېدىم ئۇنىڭ ئالدىغا بارغاندا جۇۋىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، — بىر ئامال قىلمىساق، قۇرۇلتاشتا توڭلاپ ئادەم ئۆلىدىغان ئوخشايدۇ كازىمكا.

— نېمە ئامال قىلىمىز ۋەلىجان ئۇكام؟ كەنت مالىيىسىدە بىر تىيىنمۇ يوق. ئۆزىمىز ياردەم قىلايلى دېسەك، بىزگىمۇ قاراپ ئولتۇرىدىغان بىر خوتۇن، ئۈچ-تۆتتىن بالا بار. ئۇلارنى باقمىساقمۇ بولمايدۇ-دە، تىرىك ئادەم بولغاندىكىن، چاتىرىقنى چاڭگاللاپ يېتىشماي قىشنىڭ تەييارلىقىنى سوغۇق چۈشۈشتىن ئىلگىرى قىلىۋالىدىغان گەپ ئەمەسما ئۆزى؟ زادى بۇ خەق كېيىنلىكنى ئويلىمايدۇ.

— ئەمما كازىمكا، ئەمدى بولغاندا ئۇلارغا تاپا قىلساقمۇ، تىللىساقمۇ بەربىر. قۇرۇلتاشلىقلار مانا شۇنداق بېشىغا كۈن چۈشكەندە بىزگە بەكرەك موھتاج بولىدۇ. مۇنداق بولسۇن، مەن ناھىيىگە بېرىپ، ئىدارىدىكىلەرگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلاي. بەلكىم بىر ئامالى بولۇپ قالار.

— شۇنداق قىلغان بولساقمۇ ئىزلىرىمىزدىن گۈل ئۈنەتتى، — دېدى كازىم تاش بۇرنىنىڭ تۈكلىرىنى يۇلغۇنچە، — ئاڭلىسام قوشنا كەنتكە قايسىدۇر بانكىدىن كادىر چۈشكەنىكەن. ئۇ كىشى قالتىس ئىشلارنى قىلىۋېتىپتۇ. ئۈچ ئائىلىگە بىردىن باسما قۇدۇق كولاپ بېرىپ ئىچىدىغان سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپتۇ. قىش كىرگەندىن بىرى ھەر بىر نامرات ئائىلىگە بىر توننىدىن كۆمۈر، ئۈچ خالتىدىن ئۇن تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشكەنىمىش. . .

بۇ سۆزلەر ھېلىلا پىچىتىن ئېقىپ چىققان پولات ئېرىتمىسىدەك قەلب خانەمگە قۇيۇلۇپ، ئىچ باغرىمنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ بۇ سۆزلىرىدە ھېلىقى كادىر بىلەن مېنى يوشۇرۇن سېلىشتۇرۇپ، ماڭا دوق قىلىۋاتقاندەك ئىدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

*تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

مەلىكە ئوبۇلھەسەن

# سۆيگۈ سىرى

(ھېكايە)

«× ئالىي سىفەن تېخنىكوم مەكتىپى فىزىكا كافېدىراسىدىكى يالقۇن مۇئەللىمگە تېگىدۇ.

ئاخىرەتتىن»

ئايالىم كۆتۈرۈپ كىرگەن غەلتە ئادرېستىكى بۇ خەتنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن تۇرۇپ قالدىم. تومپىيىپ تۇرغان كونۋېرتنىڭ خېلىلا سالمىقى بار ئىدى. «قايسى بوۋام يازغان خەتكىنە بۇ؟» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. يۈرىكىم گۇپۇلدەپ سوقۇپ پېشانەمدىن بۇژژىدە تەر چىقىپ كەتتى.

مەن تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى ئاچتىم. قولۇمغا تۇنجى بولۇپ بىر قىزنىڭ سۇرىتى چىقتى. رەسىمدىكى قىزچاق قىزىل ئويما ياقىلىق ساراپان، ئاق كوپتا كىيىۋالغان بولۇپ، سىپتا ئۆرۈلگەن قاپقارا چېچى بىر جۈپ بوغما ئىلاندەك مۈرىسىدىن ساڭگىلاپ چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ ئوماق چېھرى، گىرىمسىز يۇمىلاق مەڭزىدىكى پۇرچاقتەك قارا خالى ئۇنىڭغا تولىمۇ سۆلكەت بېغىشلاپ تۇراتتى. شوخ كۆزلىرىدە، ھەم يىمىرىلگەن چىرايلىق لەۋلىرىدە ئادەم ھەۋەس قىلغۇدەك بىر تەبەسسۇم جىلۋە قىلماقتا...

— ھوي، بۇ سۇبھىنۇرغۇ؟ — دېدى ئايالىم سۈرەتنى كۆرۈپلا، — ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىنىمىزگىمۇ ئۈچ يىلدىن ئېشىپتۇ.

مەن باش لىڭشىتتىم. راستىنى دېسەم بۇ سۈرەتنى مەن سۇبھىنۇر مەكتىپىمىزدە ئوقۇۋاتقاندا تارتىپ قويغانىدىم. ئۇ شۇ چاغدا بەكلا خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ بۇ سۈرەتنى ماڭا ياندۇرۇپ بېرىپتۇ. نېمىشقا شۇنداق قىلدىكىنە؟

مەن قىزىقىش، ھەيرانلىق ئىلكىدە چىرايلىق قاتلانغان خەتنى ئاچتىم.

«يالقۇن مۇئەللىم، ياخشىمۇسىز؟ پەرىدە ھەدەم، ئوماق ئوغلىڭىز شەپقەت ياخشى تۇرىۋاتامدۇ؟ ئۆي ئىچى تىنچلىقمۇ؟

مەن گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەيۋاتىمەن. بىزنىڭ كۆرۈشمىگىنىمىزگە بىر نەچچە يىل بوپتۇ. ۋاقىت نېمە دېگەن تېز ئۆتكەن ـ ھە؟! بۇ خېتىم تۇيۇقسىز قولىڭىزغا تەگكەندە بەلكىم بەكمۇ ھەيران قالارسىز. ئېھتىمال سىز مېنىڭ بۇ خېتىمنى ھەيرانلىق، تەئەججۇپ ئىلكىدە ئوقۇۋاتقان چېغىڭىزدا مەن بۇ ئالەملىك كۆنلىرىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ باقىي ئالەمدىكى يېڭى ھاياتىمنى باشلىغىلى خېلى ئۇزاق بولۇپ قالار. شۇڭا ئەڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىم قالغاندا سىزگە غەلتە ئادرېستا خەت يېزىپ بىر چاقچاق قىلىۋالدىم، مېنى كەچۈرۈڭ.

ئەسلىدە مېنىڭ كۆڭلۈمدە شۇنداق گۈزەل ئارمانلار چوغ بولۇپ يالقۇنجىغانىدى. مەن شۇ ئارمانلارنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بارلىقىمنى ئاتىغان ۋە بۇ تۇپەيلى ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىمنى قەلبىمدىكى ھىجران ئازابى ھەدىيە قىلغان دەرد ـ ئەلەملەرنى ئۇنتۇپ كېتىشكە شۇنچە ئۇرۇنغانىدىم. بىراق ھايات ماڭا پۇرسەت بەرمىدى. مانا ئەمدى ھەممە ـ ھەممىسى «ئاق قان راكى» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكمىسىگە چۆكۈپ كەتتى. دوختۇرلارنىڭ سىرلىق پىچىرلاشلىرىدىن، ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۈنسىز يىغلاشلىرىدىن، دوستلىرىمنىڭ چوڭقۇر ئازاب يوشۇرۇنغان كۆزلىرىدىن مەن

ھايات دەرىخىنىڭ كەچ كۈز پەسلىدىكى ياپراقسىز، قۇرۇشقا باشلىغان ھالىتىنى كۆرگەندەك بولىمەن. ھايات بىلەن بۈگۈن - ئەتىنىڭ ئىچىدە خوشلاشسام كېرەك... ئەڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىمدا دۇنيادىن شۇنداقلا مېنىڭ خىلۋەت قەلبىمدە پىنھان مۇھەببەت ئويغاتقان، ھىجران، ساداقەت كۆچىتىنى بىخلاندۇرغان ئادىمىگە «خوش» مۇ دېمەي كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. يالقۇن مۇئەللىم، ھېچبولمىسا سىز ئۆزىڭىز خىيالىڭىزغىمۇ كەلتۈرمىگەن بىر نازۇك مۇھەببەتنىڭ، ناتىۋان بىر قىزنىڭ سىزنى قەلبىنىڭ تۆرىدە مەجنۇنلارچە ياخشى كۆرگەنلىكىنى بىلىپ قېلىڭ. مەن بۇ خېتىم ئارقىلىق سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزدا، قەلبىڭىزدە داۋالغۇش پەيدا قىلماقچى ئەمەسمەن. لېكىن نەچچە يىللار ئىچىدە تارتقان كۆلپەتلىرىمنى، دەرد - ئەلەملىرىمنى، ھىجران ئازابىدا تولغانغان تۇنجى مۇھەببىتىمنى، لەختە بولغان يۈرىكىمنى، ئاداققى تىنىقلىرىم قالغاندا بىر خىل قۇدرەتلىك سېھرىي كۈچنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن سىزگە كۆرسەتمەكچى-مەن. مەن بۇ سىرنى ئۆمۈرۋايەت يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا پىنھان ساقلىماقچى، تۇنجى قېتىم ئۇيقۇدا ياتقان يۈرىكىمگە مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلدۈرگەن سىزنى ئەبەدىي ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولغانىدىم. بىراق بۇ قولۇمدىن كەلمىدى. مەن سىزنى خىيالىمدىن چىقىرىپ تاشلاشقا شۇنچە ئۇرۇنغان بولساممۇ ئاقىۋەت ئېرىشكىنىم ئۆز - ئۆزىنى ئالداش، ئاچچىق ئازاب ۋە تېخىمۇ ئاچچىق بولغان كۆز ياش بولدى.

يالقۇن مۇئەللىم، مەن سىزنى سۆيەتتىم. چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرەتتىم. مانا ئەمدى بۇ ھاياتىم غازاڭ پەسلىنى كۈتىۋالدى. ئەمما شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى جېنىم تېنىمدىن ئايرىلغاندا روھىم يەنىلا زېمىندا ياشاپ سىزنى سۆيىدۇ. ئائىلىڭىزگە تېخىمۇ بەخت تىلەيدۇ. ئاخىرىدا شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، ئائىلىڭىزدىكى ئىناقلىق مېنىڭ بۇ خېتىم تۈپەيلىدىن بۇزۇلمىسۇن. مېنىڭ مۇھەببىتىمگە قىلچە ھېسداشلىق قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولماڭ. ئەمما مېنى ئۇنتۇپ قالماڭ! سىز مەڭگۇ پەردە ھەدەمگە مەنسۇپ. ئۇماق ئىنىم شەپقەت سىزدەك كۆيۈمچان دادىغا موھتاج!

مەن ئەزەلدىن تەقدىرگە ئىشەنمەيتتىم. تەقدىرنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن ئويۇنلىرى ئالدىدا تەمتىرىمەي ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىشقا تەييار ئىدىم. مانا ئاقىۋەت تەقدىر ماڭا جەڭ ئېلان قىلدى. بۇ تۇيۇقسىز زەربە ئالدىدا مەن ئاجىز كەلدىم. تەقدىر مېنىڭ قەلب ئېتىزىمدا، ساددا ۋە ئىش ئۇقماس كۆڭۈل دۇنيايىمدا سىزنىڭ خۇددى جەننەت مېۋىسىگە ئوخشاش شېرىن ئەمما قول يەتمەيدىغان ئازابلىق مۇھەببىتىڭىزنى بىخلاندۇردى. بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ ھەي ئىست... تۇنجى سۆيگۈم، ئېچىلدۇرغان بەخت گۈلۈم ئارمان پېتىچە خازان بولدى. يۈرىكىم ماڭا خاتىرە سۈپىتىدە ھېچ نەرسە قالدۇرمىدى. خۇدا مۇھەببەتنى ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ئاشىقلارغا ۋىسالىغا يېتىش يولى قالدۇرمايدىغاندۇ؟ يەنە نېمە ئۈچۈن ئادەملەرنى، تۇرمۇشنى، سۆيگۈنى شۇنچە زەنجىرسىمان يارىتىدىغاندۇ؟ مەن نېمە ئۈچۈن سىزنىڭ ئايالىڭىز، بالىڭىز بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاب بەرگۈدەك ماجالىم يوق. ئويلىغانسېرى تىت - تىت بولىمەن. ئون سەككىز ياشقا كىرگەن بىر قىزنىڭ يەنە كېلىپ سۆيگۈ ھەققىدە كىتابى بىلىملا بار، ئالدىدىن ھېچقانچە ئىش ئۆتمىگەن ساددا بىر قىزنىڭ قانداقلارچە ئوتتۇز ياشتىن ھالقىغان، سالاپەتلىك، بىلىملىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلىسى، ئايالى، بالىسى بار بىر ئەرنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىغا بەلكىم كىشىلەر ياخشى باھالارنى بەرمەس. ئەمما مەن

www.uyghurkitap.com



شۇنداق ئويلايمەن: بىر قىز ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ كىملىكىنى ھېچكىمگە بىلدۈرەلمىسە ۋە ھەتتا ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ ئۆزىگىمۇ سۆيگۈسى ھەققىدە ھېچنېمە دېيەلمىسە جاھاندا بۇنىڭدىن ئازابلىق ئىش بولمايدۇ.

ماڭا ئارام بەرمەيۋاتقان بىر تالاي سوئاللارغا بېرىدىغان جاۋابىم ناھايىتى ئاددىي، سۆيگۈنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى شۇ يەردىكى ئۇ مۇھەببەت، چېگرا تاللىمايدۇ. نام ـ ئاتاق، مال ـ دۇنيا كۆزلىمەيدۇ. ئۇ يەنە شۇنىمۇ تاللىمايدۇكى، ياش پەرقى، نىكاھ ۋە ئائىلىمۇ بەزىدە ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە. خۇدانىڭ كۆڭۈلگە شۇنداق ئەرك بەرگىنىگە ھەيرانمەن. شۇ سەۋەبتىن ئۆزۈممۇ ئۇقمىغان ھالدا سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ھېلىھەم ئاشۇ چاغلاردىكى ئازابلىق مىنۇتلىرىم ۋە ئۇنىڭغا ھاپاش بولغان سەرگۈزەشتىلىرىم كۆز ئالدىمدا زاھىر بولىدۇ...

× ×

1993 ـ يىلى تەقدىر ئىلاھى مېنى ئاسمىنىدا بوز تورغايلار چۇ ـ چۇلىشىپ، مەيىن شامال قومۇش بېغىشلىرىدا ئىسقىرتىپ ئوينايدىغان خىلۋەت سەھرادىن شاۋقۇن سۈرەنلەر ئەۋجىگە چىققان، ئادەملەر مىغىلدايدىغان K شەھىرىگە ئېلىپ كەلدى. مەن ئاشۇ سەھرايىمدىن تۇنجى بولۇپ ئالىي مەكتەپ قويىنىغا كىرگەن بىردىنبىر قىز بولۇپ قالدىم. كىچىك ۋاقىتلىرىمدا، دوستلىرىم بىلەن ياغلىقنى كەينىدىن چىگىپ «خانىم بولدۇق» دەپ ئويناتتىم. مانا ئەمدىلىكتە مەن راستتىنلا خانىم بولۇش ئالدىدا تۇراتتىم. ئوقۇش پۈتتۈرسەملا شەرەپلىك خىزمەت ـ ئوقۇتقۇچىلىق ماڭا قۇچاق ئاچاتتى. شەھەرگە كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە يېزىدا قالغان ئاتا ـ ئانامنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى، مەھەللەمنى شۇنداق سېغىناتتىم. كېيىنچە پۈتۈن زېھنىمنى يىغىپ ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتىم. يالقۇن مۇئەللىم، ستودېنتلارنىڭ يېڭى كەلگەن چاغدىكى قورۇنۇش، يالتىراش، ئۆز يۇرتىنى سېغىنىش، ئاتا ـ ئانىسىنى ئەسلەش ھېسسىياتلىرىنىڭ بېسىقىپ، رەسمىي دەرسكە بېرىلگەندىن كېيىنكى كۈنلىرىنىڭ قانداق ئۆتىدىغانلىقى سىزگە ئايانغۇ، ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى.

بىر كۈنى مەكتەپ مەيدانىنىڭ يېنىدىكى سېمونت ئورۇندۇقتا دەرس ئۆگىنىپ ئولتۇراتتىم. تۇيۇقسىز بىر كىچىك بالىنىڭ «ۋايجان...» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم ـ دە، مەيدانغا ياندىشقان ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ پەلەمپىيى يېنىدا ئالتە ـ يەتتە ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالىنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ ياتقىنىنى كۆردۈم. يۈرىكىم «قارت» تىنە قىلدى ـ دە، ئىتتىك بېرىپ بالىنى يۆلىدىم. ئەسلىدە ئۇ پەلەمپەيدىن سەكرەپ ئويناپ يىقىلىپ چۈشكەنىكەن. ئاغرىق ئازابىدىن ئۇنىڭ چىلانرەڭ لەۋلىرى پۈرۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ بىراق، پەقەتلا يىغلىمىدى. مەن ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىدىكى توپىلارنى قولياغلىقىم بىلەن سۈرتتۈم. شۇئان قاپقارا بۇلۇت كەينىدىن ئاي پارلاپ چىققاندەك ئۇنىڭ سۈت ئالمىسىدەك چىرايلىق يۈزلىرى كۆز ئالدىمدا ۋىللىدە ئېچىلدى. مەن ئۇنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز كىچىك ئىنىم ئەنۋەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. ئۇ ماڭا بەكلا ئامراق ئىدى. مېنىڭمۇ يۈرىكىم ئىنىم ئۈچۈن سۇ بولۇپ ئاقاتتى. شۇ تاپ بالىنى باغرىمغا بېسىپ، تەشنالىق بىلەن ھىم يىمىرىلگەن لەۋلىرىگە، ئاق پۇسىملاق مەڭزىگە، ئوقيادەك كىرپىكلىرىگە سۆيگۈم كېلىپ كەتتى.

ــ ئىسمىڭ نېمە؟ــ دېدىم ئۇنىڭ قايرىلىپ كەتكەن پۇتىنى ئۇۋۇلىغاچ.

ــ شەپقەت.

ــ پۇتۇڭ قايرىلىپ كەتسىمۇ نېمىشقا يىغلىمايسەن؟

— دادام، ئوغۇل بالا دېگەن يىغلىمايدۇ دېگەن.

ئۇ بەكلا زېرەك بالا ئىكەن. مەن سوئال سورىسام دۇدۇقلىمايلا چۆچۈك تىلىدا جاۋاب بېرەتتى.

شۇ ئارىداشەپقەت «دادام كەلدى. . . » دېدى. مەن بېشىمنى كۆتۈردۈم. كۆز ئالدىمدا يىگىرمە سەككىز ياشلار چامىسىدىكى قامەتلىك، قوشۇما قاشلىرى تېگىدىكى چوڭ كۆزلىرىدىن ئېغىر بېسىقلىق ۋە خاتىرجەملىك چىقىپ تۇرىدىغان، بوغداي ئۆڭ چىرايىغا پەس قىلىپ ياسىتىۋالغان قاپقارا چاچلىرى بەكمۇ ياراشقان بىرى قېشىمىزغىلا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ سىز ئىدىڭىز. شۇنىڭدىن كېيىن بىز تونۇشۇپ قالدۇق. سىلەر مېنى خۇددى بىر تۇغقان ئورنىدا كۆرەتتىڭلار. بەزىدە سىزنىڭ ئائىلىدىن ئېرىشكەن ھۆرمەت - ئېھتىراملارغا قاراپ، مەن شۇنىڭغا لايىقمۇ — دەپ ئويلاپ قالاتتىم. پەرىدە ھەددەممۇ ماڭا بەك كۆيۈنەتتى. شەپقەت مېنى كۆرسە قۇچىقىمغا چىقىۋېلىپ ئۇنى - بۇنى سورايتتى. بىز ھەقىقىي بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدۇق. سىزنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىڭىز، گەپ - سۆزلىرىڭىز، ھەتتا ئادەتتىكى بىرەر ھەرىكىتىڭىزمۇ مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇراتتى. مەن ھەمىشە سىز بىلەن پاراڭلىشىشنى، دەرسلەردىكى، تۇرمۇشتىكى ماڭا نامەلۇم بولغان، چۈشىنەلمىگەن مەسىلىلەرنى سوراشنى خالايتتىم ۋە سىزدىن سوئال سوراپ ھارغۇزۇۋېتەتتىم. سىزمۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن مېنىڭ ھەر بىر سوئالىمنى جاۋابسىز قالدۇرمايتتىڭىز. بەزىدە سىزنىڭ بىلىم دائىرىڭىزنىڭ كەڭلىكىگە قاراپ ئىچىمدە ئاپىرىن ئوقۇيتتىم.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا سىزنى بىرەر كۈن كۆرمىسەم پەرىدە ھەددەم بىلەن شەپقەتنى كۆرمىگەنگە قارىغاندا بەكرەك بىئارام بولىدىغان، سىزنى سېغىنىدىغان، يولىڭىزغا تەلمۈرىدىغان بولۇپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. مەيلى قەيەردە، نېمە ئىش قىلغان بولماي ھامان كۆز ئالدىمدا قاپقارا ئۇزۇن كىرپىكلەر قورشاپ تۇرغان، چەكسىز ئىللىقلىق ۋە كۆيۈنۈش تۆكۈلۈپ تۇرغان بىر جۈپ قارا كۆزنىڭ ماڭا تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندەك بولاتتىم. ئارقىدىن بۇ كۆزلەر تېخىمۇ چوڭىيىپ، قويۇق مەجنۇنتاللار قورشاپ تۇرغان، سۈپسۈزۈك سۇلىرى قۇياش نۇرىدا چىمىرلىشىپ تۇرغان تىلسىملىق كۆلگە ئايلىناتتى. مېنىڭ ئاشۇ كۆلنىڭ سۈيىدىن ئۇچۇملاپ ئىچكۈم كېلەتتى. لەۋلىرىمنى تەشنالىق بىلەن ياققۇم كېلەتتى. لېكىن مەن ھېچنېمە قىلالمايتتىم. . . ئىنسانى ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئالغاندا گەرچە مەن ئاشۇ كۆل بويىدا تەشنالىقتىن يۈرىكىم چاڭقاپ يېرىلاي دەپ قالغان بولسىمۇ، غۇبارسىز كۆل سۈيىگە لەۋلىرىمنى يېقىن يولاتماسلىقىم، قول ئۇزاتماسلىقىم كېرەك. . . شۇنىڭدىن كېيىن ئارامىم بۇزۇلدى. تىنچ كۈنلىرىم كەلمەسكە كەتتى. ئۆزۈمنى كۆزگە كۆرۈنمەس زەنجىر بىلەن كىشەنلەنگەندەك ھېس قىلىدىغان، ئۆزۈمدىن ئۆزۈمگە تىتىلدايدىغان بولۇپ قالدىم. مۇھەببەت، ئىللىقلىق بولدۇقلاپ تۇرغان قارا كۆزلەر، بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن مەجنۇنتاللار قورشاۋىدىكى سىرلىق كۆللەر دەممۇدەم ئالمىشىپ مېنى ئارامسىزلاندۇراتتى.

— ياق، ياق، ياق. سەن بۇنداق ھېسسىياتتا بولماسلىقىڭ، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىشىڭ كېرەك. ساڭا يۇنىڭدىن باشقا يول يوقمۇ؟ پەرىدە ھەددەم بىلەن شەپقەت ئاشۇ نۇرلۇق كۆزگە، مەجنۇنتاللىق كۆلگە تەشنا ئەمەسمۇ؟ سەن ئۆلۈمگە لايىق سۆبھىنۇر. . . سەن كۆل سۈيىنى بۇلغىما، خاتىرجەملىككە تولغان بىر ئائىلىنىڭ بەختىگە ئولتۇرما، ئۇلارنىڭ ئارامىنى بۇزما. . .

مانا بۇ قەلبىمنىڭ ئۆزۈمگە تونۇش بولمىغان يەنە بىر بۇرجىكىدىن ياڭرىغان سادا، مەن ئىككى خىل ھېسسىياتنىڭ جېدىلى قاپلىغان يۈرىكىمنى سۆرەپ يۈرۈپ، ئاقىۋەت سىزنى ئەبەدىل ـ ئەبەد ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. بۇ خىل كەيپىياتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، سىزنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن ماڭا تەلەپ قويۇپ قوغلىشىپ يۈرگەن بىرەرسى بىلەن ئارىلىشىپ كۆرۈش نىيىتىگىمۇ كەلدىم. ئەمما يۈرىكىمنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئويلىغىنىمدا سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنىڭ ئورنىنى جاھاندىكى ھەر قانداق ئادەمزات ياكى سېھرىي كۈچ ئىگىلىيەلمەيدىكەن. شۇڭا ئۆزۈمنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالداشنى خالىماي بۇ نىيىتىمدىن ياندىم. شۇ ۋاقىتلاردىكى دەردىمنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىر خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ.

ئاخىرى ئوقۇشۇم تۈگىدى. مەن ھىجران قېيىقىغا لىققىدە ھەسرەت يۈكىنى بېسىپ، ئاشۇ مەجنۇنتاللىق كۆل بويىدىن ئايرىلدىم. يۈرىكىمدىن قان تامچىدى. . .

يالقۇن مۇئەللىم، بىلەمسىز، گەرچە مەن سۆيگۈ گۈللىرىم ئارمانسىز سولاشقان بولسىمۇ، بىراق بەختىمنى باشقا بىر نۇقتىدىن ــ ئۆز كەسپىم ئوقۇتقۇچىلىقتىن تاپماقچى ئىدىم. مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۆز يېزامدا ئوقۇتقۇچى بولدۇم. بارلىقىمنى غۇنچىلارنىڭ قەلب ئېتىزىنى مەرىپەت بۇلىقى بىلەن سۇغۇرۇشقا بېغىشلىدىم. ئۆزۈمنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنى ئويلىسام قەلبىم كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولاتتى. ئەمما نېمىلا بولمىسۇن كۆز ئالدىمدىن بىر جۈپ سېھىرلىك كۆز، مەجنۇنتاللىق كۆل ۋە كۆل بويىدىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلىشىپ سۇ يۈزىدە كۆتۈرۈلگەن تۇمان ئارىسىدا غايىب بولغان يېگانە قېيىق سىزىلغان ئىنتايىن رومانتىك بىر سۈرەت نېرى بارمايتتى. مەن خىيالىمدا ئاشۇ سۈرەت بىلەن مۇڭدىشاتتىم. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى سۈرەت بارغانچە رەڭلەنمەكتە ئىدى. ئۇ سۈرەت قانچە يارقىن كۆرۈنگەنسېرى يۈرىكىمۇ چوڭقۇر ئازاب ئىچىدە ئۆرتىنەتتى. سىز سىزىپ چىققان بۇ سۈرەتكە يۈرىكىم ئۆز قېنىدىن رەڭ بەرگەن، پۈتكۈل مۇھەببىتى ھەم كۈچلۈك ھېسسىياتىدىن جان بەرگەنىدى.

يالقۇن مۇئەللىم، مەن ئىلگىرى بۇ سىرنى ئۆمۈرۋايەت ھېچكىمگە ئېيتماسلىققا ۋەدە قىلغانىدىم. بىراق. . . ئامالسىزمەن. مەن ئارزۇيۇمنىڭ دەل ئەكسىچە نەتىجىگە ئېرىشتىم. پاك مۇھەببەت ماڭا قۇچاق ئاچمىدى. غۇنچىلارنى ئارانلا ئۈچ يىل پەرۋىش قىلالىدىم. ھاياتىم ماڭا ئارانلا شۇنچىلىك پۇرسەت بەردى. ھازىر ئەرزائىلىنىڭ تىنىقلىرى يۈزۈمگە ئۇرۇلماقتا. مەن شۇ ھالدا يېتىپ سىزگە بۇ ئەڭ ئاخىرقى قولىيازمامنى قالدۇرۇش ئۈچۈن خەت يازماقتىمەن. قاراڭە، شۇنداق چىرايلىق ۋە ئېچىنىشلىق بىر پارچە سۈرەت. . . ئاھ تراگېدىيە، سۆيگۈ تېمىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز ئاستا ـ ئاستا چوڭقىيىپ، قوشۇلۇپ، بىر چىرايلىق كۆلگە ئايلىنىۋاتىدۇ. . .

ئەلۋىدا يالقۇن مۇئەللىم. ئەلۋىدا بۆشۈكىدىن چىقالمىغان ئارمان. . .

سىلەرگە بەخت تىلەپ: سۇبھىنۇر

خەتنى ئوقۇپ تۈگەتتىم. قەلبىمدە ئاجايىپ بىر خىل ھېسسىيات مەۋج ئۇرۇشقا باشلىدى. شۇئان ئاشۇ تۇمان ئارىسىدا پالاق ئۇرۇپ كېتىۋاتقان قىز كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىن تامچىغان قان كۆل سۈيىنى قىپقىزىل رەڭگە كىرگۈزدى. قان رەڭلىك سۇ دولقۇنلىرى سۇ يۈزىدە دەممۇدەم كۆتۈرۈلمەكتە. . .

ــ ئەلۋىدا سۇبھىنۇر، ئەلۋىدا، ساڭا ئەمدى خۇدا رەھمى ئەيلىسۇن، ــ دېدىم ئىچىمدە چوڭقۇر خورسىنغان ھالدا، ــ سەن نېمىشقىمۇ بۇ كىشەنگە ئۆز قولۇڭ بىلەن باغلانغان بولغىيدىڭ؟

تەھرىرى: *تۇرسۇنجان مۇھەممەت*

ھەبىبە مەمەتئەيسا

# سەيدەك ( II )

(ھېكايە)

كاتىپىم ھودۇققىنىچە ئىشخانامغا كىرىپ كەلدى:

— ھاكىم، سەيدەك يەنە كېلىۋاتىدۇ.

— سەيدەك؟

— شۇنداق، ھېلىقى سەيدەك، كىرگۈزۈۋېتەمدىم - يا؟ — ئۇ مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتمەيلا كەينىگە بۇرۇلدى، — يوق دەپلا يولغا سېلىۋېتەي ئۇنى!

— ياق، ئۇنى كىرگۈزۈۋېتىڭ، ئالدىغا چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋېلىڭ.

— ھە؟ — كاتىپىم تەئەججۇپلىنىپ تۇرۇپ قالدىيۇ، كېيىن ئۆزىنى رۇسلاپ چىقىپ كەتتى.

نېمىشقىدۇر مېنىڭ سەيدەكنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ئۇققۇم كېلەتتى. بەلكىم ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغان ئوخشايمەن. ھېلىمۇ ئۇنى كۆرمىگىنىمگە بىر يىلدىن ئېشىپتۇ.

سەيدەكنى كۆرۈپ دىلىم سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ بەكلا ئەدەبلىك بولۇپ قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇلتۇر كۆرگىنىمدىن ئازراقمۇ ئۆزگەرمىگەندەك قىلاتتى. تاتىراڭغۇ سارغۇچ چىرايى، قىسىق كۆزلىرى، شالاڭ ساقىلى، بېشىدىكى كۇيە چۈشۈپ كەتكەن تەلپىكى، ھەتتا چىپەرقۇت يەكتەكمۇ ماڭا ناھايىتى تونۇشلۇق ئىدى.

قىزغىن سالام سائەتتىن كېيىن ئۇ گەپ باشلىدى. مەن ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا چاي سۇنغاچ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇردۇم.

— ھاكىم، ئۆتكەندە سىلى راستىنلا ئۆيۈمگە بېرىپلا، ئەمگەكتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ قايتىپ كەلسەم ئايالىم شۇنداق دېدى. قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم دىسىلە، خاتا تونۇپ قالغان چېغى دېسەم، بىزنىڭ بوغالتىر راستىنلا سىلىنىڭ كەلگەنلىكلىرىنى ئېيتتى. پۈتۈن ئاچچىقىم، ھاردۇقۇم بىراقلا چىقىپ كەتتى دىسىلە! ئۆزلىرىگە مىڭ رەھمەت، ھەشقاللا!

— نەدىكى گەپنى قىلىسىز، ئۇلگۇرەلمەي قېلىپ سىزگە ياردەم قولۇمنى سۇنالمىدىم. شۇڭا ھازىرغىچە خىجىلمەن.

— ئاي. . . ، ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە ھاكىم، ئۆتكەندە سىلىگە بىر ئاز يىرىكلىك قىپ سالدىم. كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، ئوقۇمىغان ئادەم شۇنداق بەقەم ئوتتۇندەك كېلىدىكەنمىز.

— سىزلا كۆڭلىڭىزدە ساقلاپ يۈرمىگەن بولسىڭىز مەن ئۇ ئىشلارنى ھەرگىز قورسىقىمدا ساقلاپ يۈرمەيمەن. بولدى، بولدى. . . بۇ يەرگە كېلىشتە بىرەر ئىش - كۈش بارمىدى - يا؟

— يوقمۇ ئەمەس، ئۇنداقتا گەپنىڭ ئوچۇقىنى دەۋېرەي.

مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتسە تىرىكىدىغانلىقىنى بىلگەچكە گەپ قىستۇرماي ئولتۇردۇم. ئۇ ھاياجان بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن ئالدى بىلەن ئۆزۈمنىڭ ھەم پۈتۈن خەقلەرنىڭ رەھمىتىنى يەتكۈزگىلى كەلدىم. قايسى كۈنى شەھەرگە كىرگەندە مەن ھەممىنى كۆردۈم. يوندە - ئەخلەت تۆكىدىغان يەر ئاستى ئېرىقى ياسىلىۋېتىپتۇ. شۇ يەردە تۇرۇپلا سىلىگە دۇئا قىلدىم دىسىلە، ئۆتكەندە نېمە دەپ راست گەپنى دېمىسىلە؟ مانا تەلىپىمنىڭ بىرىنى قويماي ھەل قىلىپ بەردىلىغۇ؟ ئادەم تۇگۇل ئات - ئېشەكلىرىمىزمۇ قۇدۇق سۈيى ئىچەلەيدىغان بولدى. ئەقىل ئەمدى ھەرگىزمۇ بىزنى تاشلاپ كەتمەس!

قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمىگەندەك بولۇپ كەتتىم. يۈزلىرىم قىزىرىپ، يۈرىكىم سوقۇپ كەتتى. مەن ھاكىم بولغاندىمۇ

مۇنداق خۇشال بولۇپ كەتمىگەنىدىم. ئەگەر يەنە ۋالىي بولسامۇ مۇنداق خۇش بولۇشۇم مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى خەلقنىڭ رەھمىتىنى ئاڭلاش ماڭا ھەقىقىي يوسۇندا تېخى بۈگۈنلا نېسىپ بولۇۋاتاتتى!

سەيدەك ئالدىدىكى چاينى قولىغا ئالدى ـ يۇ، ئوتلىمايلا گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ قارىسام پۈتۈن يولغا تەۋە يەرنىڭ ھەممىۋاسى ئەينەكتەك تۈپتۈز قىلىپ ماي يانقۇزۇلۇپ ياسىلىپتۇ. ھەتتا بىزنىڭ ئىشىك ئالدىمۇ ياسىلىپ بولدى. يول ياساشتىن ئارتۇق ساۋاب يوق. ئۇكام بۇنىڭدا سىزنىڭ ئەجرىڭىز ئاز ئەمەستە؟

ئۇنىڭ مېنى «سىز» لىشىدىن «ئۇكا» دېيىشلىرىدىن ئۇنى ئۆزۈمگە تېخىمۇ يېقىنلىق ھېس قىلدىم. ئۇ ئېيول ئايلىرىدىمۇ تەلپەك، يەكتەك كىيگەچكىمۇ شورقىراپ يۈز ـ كۆزلىرىدىن تەر ئاقاتتى. مەن ئىلغۇچتىكى لۆڭگىنى ئېلىپ ئۇزاتتىم. ئەمما ئۇ پاك ـ پاكىز لۆڭگىنى ئېلىشقا قەتئىي ئۇنىمىدى. شۇڭا يېنىمدىن قولياغلىقىمنى چىقىرىپ تەڭلىدىم. ئۇ قولياغلىقنى تەسلىكتە ئالدى. مەن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ دېدىم:

ـ سەيداخۇن، مۇنچە ئىسسىقتا بەكلا قېلىن كىيىنىۋاپسىزغۇ؟ كىيىم ـ كېچەكتە قىينچىلىق بولسا ھازىرلا خەلق ئىشلار ئىدارىسىگە خەت قىلىپ بىرەي. ئۇلار. . .

ـ ياقەي ھاكىم، ـ ئۇ گېپىمنى بۆلۈپلا چۈشەندۇردى، ـ مەن ھازىدار بولغاچقا قارىلىق تۇتىۋاتىمەن.

ـ نېمە، يەڭگىمىز ئۇ. . . ـ يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ ئۆتكەندە مەن كۆرگەن غېرىبانە كۆرۈنۈش ئېسىمگە چۈشتى.

ـ ياق، ئايال ساق، ئۇنىڭ سىڭلىسى قازا قىپ كەتتى.

ـ نېمە؟ كېسىلى بارمىدى؟ ـ مەن ئەتەي پاراڭنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭدىن سورىدىم.

ـ ئۇنداقمۇ ئەمەس. ئەسلى ئۈچ بالىسى بار ئىدى. كېيىن يەنە ئىككى قات بولۇپ قاپتۇ. سىڭلىمىزنىڭ بەكلا پىلانلىق تۇغقىسى بار ئىدى دېسىلە! چۈشۈرۈۋېتىش ئۈچۈن دورا قىلماقچى بوپتىكەن. كەتتىمىزنىڭ پىلانلىق تۇغۇت كادىرى بىر ياش يىگىت ئىدى. قېيىنسىڭلىمىز ئۆزىچە ئەر كىشىدىن ئۇنداق گەپلەرنى سورىماي دېگەن چېغى، ئۆزى بېلىپ بازاردىكى يايمىدىن چۈتۈكچەر، سۇخەنسۇ، ياستا، لى تېلىن، ئىشقىلىپ جىقلا دورىلارنى يەپ بېقىپتۇ. پەقەت مەنپەئەت قىلماپتۇ. كېيىن كىمدىن ئاڭلىدىكىن، «قېتىققا كونا مىس داچەن (تەڭگە پۇل) نى سىېلىپ ھەپتە تۇرغۇزسا قېتىق يېشىل رەڭگە ئۆزگىرىدى-كەن، شۇنى ئىچسە بالا چۈشىدىكەن» دەپ مىس داچەن ئىزدەپ يۈرەتتى. كۆپ ئۆتمەي شۇنىڭدىن زەھەر تارقاپ كېتىپ قازا قىپ كەتتى. رىسقى شۇنچىلىككەن ئەسلىدە!

بېشىمدىن شۇررىدە سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. بايىقى شادلىقىمدىن ئەسەر يوق. ھەي! شۇنچە ئىشلىگەن خىزمەتلەر نەگە كەتتىكىن؟!

مەن ئامال بار كەيپىياتىمنى تىزگىنلەپ چاندۇرماسلىققا تىرىشتىم.

ـ قېنى، ئۇسساپمۇ قالغانسىز، چاي ئىچىڭ.

ـ ئاپلا، قاراڭ ماۋۇ ئۇنتۇغاقلىقىمنى ئۇكام.

ـ ۋۇي، نېمە بولدى؟

ـ ئاتايەن سىزگە ئاتاپ ئاق ئۈرۈك ئېلىپ كەپتىم. ئەتىدىن بەرمەي ئولتۇرۇپتىمەن ـ يا! ـ ئۇ سۆزلىگەچ يەكتىكىنىڭ پېشىنى قايرىپ پوتىسىنى يېشىپ بىر قولياغلىق كەلگۈدەك سۇپسۇزۇك پىشقان ئۆرۈكنى ئۇستەل ئۇستىدە قويدى.

گەپنىڭ راستىنى قىلماي بولمايدۇ. ھەر قانچە پاك بولۇپ كەتتىم دېگەندىمۇ يەشىك ـ يەشىك ئالما، سېۋەت ـ پۇلۇقلاردىكى ئۈزۈم، شاپتۇل، ئۆرۈكلەر-نىڭ سەرخىلىدىن ئۆيۈمگە توشۇلۇپ تۇراتتى، ئەلۋەتتە. بىراق مەن ھېچقاچان مۇنداق ھېسسىياتقا كەلمىگەن. بۇ يەردىكى مەسىلە ئەقىدە مەسىلىسىدە ئەلۋەتتە! مەن سۆيۈنۈشۈمنى چاندۇرماي ئۇنىڭغا ئېيتتىم.

ـ مەن بارغاندا ئۆي ئەتراپىدا ھېچبىر مېۋىلىك كۆچەت تۇرغاندەك قىلمايتتى. بۇ نەدىن پەيدا بولغان ئۆرۈك ئەمدى؟

ـ قوشنىمىزنىڭ بېغىدىن ئېپ چىققان. يېشىم بۇ يەرگە كەلگەندە داۋۇ ـ دەرەخ تىكىمەن دەپ نېمە قىلارمەن؟ ھە

راست، ئۇكام سىز مېنى يوقلاپ كەتكەندىن بېرى سېكرىتارمۇ، ئادۇيجاڭمۇ، بوغالتىرمۇ ھەممىسى مېنى بۆلەكچىلا ھۆرمەتلەپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي ئايالنى دوختۇرخانىدا نەچچە كۈن داۋالىتىپمۇ بەردى. بەزىلەر تېخى مېنى «ھاكىم بىلەن تۇغقانكەن، يېڭىدا تېپىشىپتۇ» دەپمۇ گەپ تېپىپتۇ. مەنمۇ ئارتۇق بىر نەرسە دېمىدىم. مانا ھازىر بىر تۇغقاندىن چارە بولۇپ كەتتۇققۇ - ھە!

— ھەئە، — دەپ قويدۇم ئاغزىمنىڭ ئۇچىدا.

— شۇڭىمىزە كەنتتە قانداقلا ئىش بولسا مەن خەۋەرسىز قالمايدىغان بولدۇم. ھەر قانداق يىغىنغا مەن قاتناشماي قالمايمەن. ھە راست، ئۆيۈمگە تېخى توك (لامپۇچكا) قاداپ بەردى. ئىشقىلىپ خىزىرنىڭ ئايىغى تەگكەندەك ئۆيۈمگە بىرلا كېلىپ قويغاندىكىنز، ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن ئىززەتنى كۆردۈم.

ئۇ يەنە سۆزلەيدىغاندەك قىلاتتى. بىراق مەن بۇ قېتىم قائىدىنى بۇزدۇم.

— ئاشۇنداق كەلسە - كەلمەس يىغىن-لارنى ئاڭلاپ سىزگە نېمە كەپتۇ؟ سىز نېمىگە ئېرىشتىڭىز؟ ئەگەر سىز ئۆز قولىڭىز بىلەن بىر توپ كۆچەت يېتىشتۈرۈپ مېۋىسىدىن بىر تالنى ئەكەلگەن بولسىڭىز ئۇ چاغدا كاتتا خوش بولار ئىدىم. مىننەتدار بولار ئىدىم.

— نېمە ئېرىشتىڭىز دەيسىزغۇ؟ مەنمۇ شۇ سىزنىڭ غېمىڭىزنى يەۋاتىمەن، — ئۇ بىر ئاز بىئارام بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

— مېنىڭ؟

— ھەئە. تېخى ھەممە ئىشلار ھەل بولۇپ كەتكىنى يوق. ئاشۇ ئىشلارنى ئوبدان ئوقۇپ ئاندىن سىزنىڭ قولىقىڭىزغا سېلىپ قوياي دېگەنىدىم.

— قايسى ئىشلار ئىكەن ئۇ؟

— مانا مەندەك بەقەم ئوتتۇنلارمۇ ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ قانداق بولىدىغىنىنى ئوبدان بىلدۇق. ھەممىمىز بالىلىرىمىزنى ئوقۇتساق دەيدىغان بولدۇق. لېكىنزە، دېھقان دېگەننىڭ بىرەر كالىسى، تۆت - بەش قويى، نەچچە ئون توخۇسى بولسىلا باي ھېسابلىنىدۇ.

ئاشۇ بىر توخۇنىڭ پۇلىغا بالىنىڭ بىر قېتىملىق كىتاب سېلىقى تۈگىمىسە، چوڭ مەكتەپكە ئۆتسە ھەممە نېمىسىنى ساتسىمۇ ئوقۇتالمىسا قانداق قىلىدۇ؟ شۇڭا ھەممە ئادەم كىچىك يومران چېغىدا ھۈنەرگە تازا پىششۇرۇپ ھۈنەرۋەن قىلىش ئۈچۈن ئوقۇماي يۈرىۋاتامدۇ؟ بولسا پۇل دېگەننى ئاشۇ بالىلارنىڭ خىراجىتىگە ئىشلەتسىڭىز ئاندىن جايىدا بولاتتى! يەنە تېخى شەدە بىر بېدىك تونۇشۇم بار ئىدى. يېقىندا بازار باشقۇرۇشتىن ئۇنىڭغا كىشىلەر دائىم ئەخلەت تۆكىدىغان ھېلىقى دوقمۇشنى دۇكان سېلىشقا خەتلەپ بېرىپتىكەن، بىچارىنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقىشىپ جان دەپ بىر كاۋاپخانا سېلىپتىكەن، تىجارىتى يۈرۈشۈپ ئوقمىتى ئالدىغا ئەمدىلا مېڭىۋىدى، بازار باشقۇرۇشنىڭ قاسقان موزىلىرى «بۇ يەردە دۇكان ئاچساڭ بولمايدىكەن» دەپ بۇزدۇرۇۋېتىپتۇ. كېيىن ئۇقسا قايسىدۇر بىر چوڭام ئۈرۈمچىدىن كېلىپ ھەممە يەرنى تەكشۈرۈۋېتىپ «مۇنداق دوقمۇشنى تارچىلىق قىلىپ دۇكان سالسا نېمىشقا يول قويدۇڭلار، شەھەر مۇھىتىڭلار نېمە دېگەن ناچار» دېگەنىكەن. شۇ گەپ بىلەنلا ئۆزى بىلگەننى قىلسا بولامتا؟ بۇ شەنى سىز باشقۇرامسىز قانداق؟ يا ئاشۇنداق كەلدى كەتتا خونلارمۇ؟ بىر ئوبدان يول تاپقان ئادەمنى. . . !

ھەي! مۇشۇ قاسقان موزىلارمۇزە زېرىكىپ قالسا دامكا ئوينىغاندەك تىجارەتچىلەرنى ئۇياقتىن - بۇياققا يۆتكەپ ئوينايدىكەن. بۇنىڭغا خەقنىڭ پىكرى چىقمۇۋاتسا سىز بىغەم يۈرەمسىز؟

ئۇ سۆزلىگەنچە قىزىشىپ كەتتى. مەنمۇ ئاڭلىغانچە تاتىرىپ كېتىۋاتاتتىم. ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ كەسكىن ئېيتماقچى بولدۇم.

— بۇ دېگەن خىزمەت ئېھتىياجى، — دېدىم ئۇنىڭغا تىكىلىپ.

بىراق ئۇنداق گەپنى ئۇ ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلالمايتتى. پەقەت دىلىمدا ئۇنىڭغا سۆزلەيتتىم.

— ھەممە ئىشلار تەدرىجىي ئۆزگىرىدى-كەن، سەيدەك سەن نېمىشقا ئۆزگەرمەيسەن؟ بۇ ئىشلارنىڭ سەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟

سەيدەك، ھەي سەيدەك، سەن قاچانمۇ ئۆزگىرەرسەن - ھە! . . . ئارىنى جىمجىتلىق باستى. تاماكىنى قولۇمغا ئالدىم.

تەھرىرى: *مەتسېلىم مەتقاسىم*

مەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

# يۇرۇڭقاش

(لىرىك داستان)

كۆكنى تىرەپ تۇرىدۇ ھەيۋەت،
قاتار ـ قاتار قۇرۇم تاغلىرى.
يالتىرايدۇ ئۈستىدە قار ـ مۇز،
يانباغرىدا ياشنار باغلىرى.

ئۇرغۇپ ئاقار تاغلار باغرىدىن،
توققۇز تارام بىر دەريا بولۇپ.
شىددەت بىلەن ئاقار شارقىراپ،
گاھى تىنچ، گاھ دولقۇنلىنىپ.

كۆكتە گويا چاقماق چاققاندەك،
قىرغاقلارغا ئۇرۇلار دولقۇن.
گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك،
تاغلار غولاپ، يانىدۇ يالقۇن.

تاغلار غولاپ، بولار نامايان،
يېشىل، قارا، ئاپئاق قاشتېشى.
ئېلىپ كېلەر تاشلارنى ئېقىن،
بۇ دەريانىڭ شۇنداق كەچمىشى.

ئانا دەريا، ئەزىم دەريا ئۇ،
ئەلگە مەشھۇر، نامى ــ يۇرۇڭقاش.
قوينى ئۇنىڭ بايلىق كانىدۇر،
خاسىيەتلىك ئۇندىكى ھەر تاش.

* *

ئەي يۇرۇڭقاش ــ ئەزىم دەريا سەن،
چوققىلاردىن ئېقىپ كېلىسەن.
ئانام كەبى ئىللىق باغرىڭنى،
يۇرت باغرىغا يېقىپ كېلىسەن.

سەن ئاقىسەن بەزىدە خۇشال،
لەرزان قوشاق قېتىپ، شاۋقۇنلاپ.
سەن ئاقىسەن غەزەپكە تولۇپ،
بەزەن شىددەت بىلەن دولقۇنلاپ.

سەن ئاقىسەن قەدىم تارىختىن،
ئەۋلادلارغا سۆزلەپ رىۋايەت.
سەن ئاقىسەن باھادىرلىقتىن،
ئەجدادلارغا قىلىپ ئىشارەت.

دولقۇنۇڭدا باغرى ئېزىلگەن،
دەردمەنلەرنىڭ كۆز ـ ياشلىرى بار.
شاۋقۇنۇڭدا ئەجدادلار مىنگەن،
تۇلپارلارنىڭ كىشنەشلىرى بار.

ساھىلىڭدا مىليون مەردلەرنىڭ،
قەبرىلىرى ھەم ئىزلىرى بار.
قىرغىقىڭدا ئەجدادلار تىككەن،
دەرەخلەرنىڭ يىلتىزلىرى بار.

* *

ئەي يۇرۇڭقاش ــ خوتەن دەرياسى،
نامىڭ مەشھۇر ئەزىم دەريا سەن.
گۈزەل يۇرتقا بولۇپ قان تومۇر،
ئېقىپ كەلگەن قەدىم دەريا سەن.

يېتىپ كەپتۇ توپان بالاسى،
جىمى بارلىق سۇغا چۆكۈپتۇ.
كېمە بىلەن ئۈزۈپ نوھ ئاتام،
ساھىلىڭدا يەرگە چۈشۈپتۇ.

ئافراسىياپ بويۇڭغا كېلىپ،
قاشتېشىڭنى تاۋاپ ئېتىپتۇ.
كۈچ تېپىپتۇ سۈيۈڭدىن ئىچىپ،
سىياۋۇشنى قوغلاپ يېتىپتۇ.

ئوغۇزخانغا يول باشلاپ بۆرە،
غاردىن ئۇدۇل بويۇڭغا كەپتۇ.
«بۇ سۇ سېنىڭ ئوغۇز سۈتۈڭ، ئىچ،
ئەمدى زەپەر سېنىڭكى» — دەپتۇ.

سۇتۇق بۇغرا ئىچىپ سۈيۈڭدىن،
ساھىلىڭدا قىپتۇ ئىبادەت.
يۈزلىنىپتۇ پەرۋەردىگارغا،
ئەلگە تىلەپ ئىزگۇ - سائادەت.

شائىرلىرىڭ ھۆپلەپ سۈيۈڭدىن،
قاندۇرۇپتۇ تەشنالىقىنى.
قىرغىقىڭدا پۈتۈپتۇ ئەشئار،
ئىزھار قىلىپ ئاشنالىقىنى.

دولقۇنۇڭنى قىلىپ تاماشا:
«بەھرۇن — نجات» دەپتۇ ناۋائى.
لەززەت تېپىپ شېرىن سۈيۈڭدىن:
«بەھرۇل — ھەيات» دەپتۇ ۋەفائى.

«زەمزەم» دەپتۇ مەشرەپ، قەلەندەر،
«كەۋسەر» دەپتۇ نەۋبېتى ھەزرەت.
ساتارىنى چېرتىپ بويۇڭدا،
پۈتكەن ئىكەن مۆئجىزى ھېكمەت.

تاغ كەسكۈچى پەرھاد سۈيۈڭدىن،
ئۆستەڭ تارتقان چاھار بېغىغا.
سۈلىرىڭدىن ئېلىپ كۈچ — قۇۋۋەت،
مېتىن ئۇرغان ئەرمەن تېغىغا.

ئەجدادلىرىم قەدىم زاماندىن،
كېمە ياساپ باغرىڭدا ئۈزگەن.
دادام ئاتلىق سېنى كەچكەندە،
سۇ ئىچىدىن قاشتېشى سۈزگەن.

* *

ئەي يورۇڭقاش — خوتەن دەرياسى،
نامىڭ مەشھۇر، ئەزىم دەريا سەن.
گۈزەل يۇرتقا بولۇپ قان تومۇر،
ئېقىپ كەلگەن قەدىم دەريا سەن.

ئىككى يېقىڭ ئاجايىپ دىيار،
جەننەت نىشان — خوتەن ۋادىسى.
ئۇ، سېھىرلىك گۈزەل چىمەنزار،
ئۇ، شائىرنىڭ يۈرەك پارىسى.

ئۇندا چەكسىز كەتكەن ئېكىنزار،
ئۇندا يېشىل گۈلىستانلىقلار.
ئۇندا توغراقلىقۇ، يۇلغۇنزار،
ئۇندا ئورمان - خىيابانلىقلار.

كۆك كۆچكەندەك غۇبارسىز كۆللەر،
يېكەنلىكلەر، قومۇشزارلىقلار.
تولۇپ ئاققان ئېرىق - ئۆستەڭلەر،
شاللىق، جىگدە — كومۇشزارلىقلار.

ئەلمىساقتىن بۇ يېشىل ۋادا،
سېنىڭ بىلەن ھاياتلىق تاپقان.
سارغايغاندا بىرەر يوپۇرماق،
سېنىڭ بىلەن نجاتلىق تاپقان.

ئەلمىساقتىن ئەجدادۇ ئەۋلاد،
ئەقىل تاپقان ئىچىپ سۈيۈڭدىن.
توپان ياغقان، قۇم باسقاندىمۇ،
ئايرىلمىغان ئەسلا بويۇڭدىن.

ساھىلىڭدا ئەزىمەتلىرىڭ،
ساغداق ئېسىپ، ئوقيالار ئاتقان.
سۇلار كېچىپ، داۋانلار ئېشىپ،
ئوۋ - ئوۋلىغان، ياۋنى يوقاتقان.

ساھىلىڭدا قىز - چوكانلىرىڭ،
پىلە بېقىپ، ئەتلەس توقۇغان.
گىلەم توقۇپ دەستىگاھىدا،
گۈزەللىكتىن دەرس ئوقۇغان.

ساھىلىڭدا بوۋاي - مومايلار،
قەغەز ئىشلەپ چىققان يېپەكتىن.
ئالتۇن چايقاپ، تاجلار ياسىغان،
ئەۋلادىغا ئوتلۇق تىلەكتىن.

ساھىلىڭدا ئۆسكەن بۇ ئەلنىڭ،
دىلىدا يوق قىلچە غۇبارى.
خاسىيەتلىك سۈيۈڭنى ئىچكەچ،
قاشتېشىدەك گۈزەل رۇخسارى.

uyghurkitap.com

ساھىلىڭنى تەنگە ئوخشاتسام،
تومۇرىدا ئاققان قېنى سەن.
خىزىر تاپقان ئابىھاياتتەك،
تەبىئەتنىڭ ئەزىز جېنى سەن.

ئابىھايات ئىچكەندەك خىزىر،
ۋۇجۇدۇمغا جان تاپتىم سەندىن.
كەۋسەر سۈيى ئىچكەندەك گويا،
تومۇرۇمغا قان تاپتىم سەندىن.

شاۋقۇنۇڭنى ئاڭلاپ تۇغۇلدۇم،
بويلۇرۇڭدا ئۆسۈپ يېتىلدىم.
ئەقىل تاپتىم سۈيۈڭنى ئىچىپ،
يىگىت بولۇپ ئەلگە قېتىلدىم.

* *

ياز ئاخشىمى چىقىپ ئۆگزىگە،
شاۋقۇنۇڭنى ئاڭلاپ ياتاتتىم.
گىرۋىكىڭنى سۆيۈپ خىيالەن،
دولقۇنۇڭدا بىللە ئاقاتتىم.

ئەمدى قالدىم سەندىن يىراقتا،
شاۋقۇنۇڭنى ئاڭلىيالمايمەن.
يالاڭغىداق قۇملارنى كېچىپ،
بويلۇرۇڭدا ئوينىيالمايمەن.

ئۇچسام ساڭا قانات چىقىرىپ،
ئايرىلمىسام ئەسلا بويۇڭدىن.
قېنىپ - قېنىپ ئىچسەم ئۇچۇملاپ،
سېنىڭ ئاشۇ كەۋسەر سۈيۈڭدىن.

ئەجدادلىرىم قەدىم زاماندىن،
كېمە ياساپ، باغرىڭدا ئۈزگەن.
دادام ئاتلىق سېنى كەچكەندە،
سۇ ئىچىدىن قاشتېشى سۈزگەن.

* *

ئەي يۇرۇڭقاش — خوتەن دەرياسى،
نامىڭ مەشھۇر ئەزىم دەريا سەن.
گۈزەل يۇرتقا بولۇپ قان تومۇر،
ئېقىپ كەلگەن قەدىم دەريا سەن.

سەن ھاياتنىڭ مەنبىيى، كانى،
سەن ھاياتنىڭ پۈتمەس دولقۇنى.
سېنىڭ ئۇچۇن يانار قەلبىمدە،
مۇھەببەتنىڭ ئۆچمەس يالقۇنى.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

بىشارەت ھۆسىيىن

# شېئىرلار

## جانان ساڭا تىلەيمەن بەخت

ئۇچۇم بولغان ئارمانلىرىمغا،
دۆۋە - دۆۋە ئىزتىراپ يۈكلەپ -
قاچان مەندىن كەتتىڭسەن تېنىپ؟
شۇندىن بېرى كىرپىكىمدە ياش،
ئۇزۇن كېچە يۇرىكىم چاك - چاك،
تاڭ ئاتىدۇ سېنى سېغىنىپ.

ساڭا ئايان بىزنىڭ بۇ سەھرا،
سۇغا تەشنا قۇمساڭغۇ تۇپراق،
سەنمۇ نەچچە كۆرگەنتىڭ كېلىپ،
سەنسىز كۈنۈم ئېغىر - بەك ئېغىر،
تاپانلىرىم كەتتى قاپىرىپ،
نېمە ئىش بۇ كۈن چۈشسە باشقا،
زېمىنىڭمۇ كەتكىنى قېتىپ.

مەيلى تانغىن مېنىڭدىن جانان،
ئەقىدەمگە دېمەيمەن «ئىسىت».
تارام - تارام ياش تۆكۈپ تۇرۇپ،
كەلگۈسىڭگە تىلەيمەن بەخت.

## قايتا تەنھا قېلىش

يېقىنلاپ كەلمەكتە قەدەم تىۋىشىڭ،
ھەم لەرزان، ھەم نازۇك يېشىل چۈش بولۇپ.
ئىشكىم چېكىلسە بىردىن، ئېھتىمال -
ئاچارمەن يا يىغلاپ ۋە ياكى كۈلۈپ.

بوسۇغا ئاتلارسەن كېپىنەك بولۇپ،
كارۋىتىم چۈشىگە كىتەرسەن سىڭىپ،
ئەتىسى ئويغانساڭ ئۇمۇچۇك قىزچاق،
تاملارنىڭ ھەممىگە توشقۇزۇپ قويار،
قايسىبىر مەقسەتتە ئىسمىڭنى يېزىپ.

يۈيۈنماق بولارسەن (ئاپلا مۈنچا يوق)،
تۈيۈقسىز قالىدۇ كۆزۈڭ ياشلىنىپ.
باشلىنار تەنھالىق قايتىدىن يەنە،
چۈنكى سەن شامالغا كېتىسەن سىڭىپ.

## ئاق چىكىت

ئۈخلىۋالغىن،
يۈرىكىمگە بېشىڭنى قويۈپ.
سۈبھى تامام كۆيگەن سەھەردە،
ئىزدەش ئۈچۈن،
چۈشلىرىڭدىن كەپسىز چۈشۈمنى،
بېرىپ كېلەي قايناق شەھەرگە.

سېنتەبىرنىڭ،
تۈمان باسقان بىرىنچى كۈنى،
كىپ بولىمەن چوقۇم قېشىڭغا.
ئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلىدەك،
قاپتاللارغا شۈڭغۈغان نۈردەك،
پىچىرلايمەن ئاستا ـ بەك ئاستا،
نۈرغۈن گەپلەرنى ـ
سېنىڭ ئۇماق قۇلاقلىرىڭغا.

## چىغىر يول

تىنىقلاردىن ھاسىلدۇر ئۈچقۈن،
يۈرەكلەردە دەريا دولقۈنى.
قارچۈقلاردا يانار مۈھەببەت،
تومۈرلاردا سۆيگۈ ئۈپقۈنى.

جۈپ گەۋدىدىن پۈتكەن چىغىر يول،
تۈتۈشىدۇ ھەر كەچ ئۈپۈققا.
تۈن يېرىمدا ھارغىن كېچىنى،
چىغىر يولدا يىقىتار ئۈيقا.

جۈپ گەۋدىدىن باشلىنىپ بۇ يول،
جۈپ يۈرەككە بارىدۇ ئۈدۈل.

تەھرىرى: *دىلنۇر ئابلىز*

تۈردىمۈھەممەت ئاۋۇت

# ئىككى شېئىر

## گۈگۈملاردا تىنەپ قالغان مۈھەببەت

ھەسرىتىڭدىن تىرىلگەنمۇ مۈھەببەت،
ياكى ئەمدى ئويغانغانمۇ يۈرىكىڭ.
ئۆتمۈشلەرنى چىللاپ كەلدىڭ قايتا رەت،
خاتىرەمدىن قاتلانغاندا سۈرىتىڭ.

مۈگدەپ قالغان سۆيگۈلەرنىڭ ئاخشىمى،
ئويغىتالماس قەلبلەرنىڭ كۈيىنى.
ئېزىپ قالغان ئارمانلارنىڭ ناخشىسى،
تاپالمايدۇ مەشۈقىنىڭ ئۆيىنى.

چۆلدەرىگەن ئورمانلاردا تەنها قۈش،
چانقىدا كۈتۈشلەرنىڭ مۈسىبەت.
تىنىقلارنىڭ دوقمۈشىدا ھودۇقۇش،
گۈگۈملاردا تىنەپ قالغان مۈھەببەت.

## نەسىھەت

يۈرىكىڭنى ئېلىپ قولۇڭغا،
دانكۇ بولماق بولۇپسەن ئەتەي.
چاچالمىغاچ ئۇتقاش، يورۇقلۇق،
بولۇپ قاپسەن ئاخىر بىتەلەي.

دۈرۈس بولماي نىيىتىڭ ھەر چاغ،
چۈشەپ كەلگەچ شۆھرەت تاجىنى.
نېسىپ بولماي سۆيۈملۈك «ئامەت»،
ئاياپ قويدى سەندىن بارچىنى.

نەسىھىتىم بىر ئېغىز ساڭا،
تىرىش ـ تىرماش، بىلىم ئىگەللە.
ئەل ۋەتەنچۈن ئايىما جاننى،
شۇدۇر بەخت ـ ئەڭ بۈيۈك پەللە.
تەھرىرى: *دىلنۇر ئابلىز*

ئىدرىس رۇسۇل تەمكىن

# ئىككى شېئىر

## سېنىڭدىن بالقىدى زېمىنغا قۇياش

(«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان
چىققانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

يۈرۈڭقاش باغرىدا پورەكلىتىپ گۈل،
قەلبلەر تۆرىگە سىلجىدىڭ مەغرۇر.
يۈز قېتىم چېچەكلەپ مەي بولدى مېۋەڭ،
تىكلىدىڭ دىللارغا پۈكۈلمەس غۇرۇر.

يۇلۇنۇپ جۇدۇنلۇق تۈنلەر قوينىدىن،
يول ئالدىڭ دىللاردىن ئۇپۇققا تۇتاش.
تونۇتتۇڭ كۆپ نىمە گۈزەللىك نىمە،
سېنىڭدىن بالقىدى زېمىنغا قۇياش.

چۈشەندىم سېنىڭدىن ئادەملىكىمنى،
كۆردۈم ھەم سېنىڭدىن ئەكسىمنى تولۇق.
زەمزەمدە چايقالدىڭ، چايقىدىڭ مېنى،
ئىشەنگىن مەن سەندە تىكلەنگەن ئۇتۇق.

1998 - يىل 19 - ئاپرېل، خوتەن

## ئەتىنى سېغىنىش

ھەسرىتىڭنى بەرمە كېچىگە،
سىردىشايلى كەلگىن قەدىردان.
ئادرېسىڭنى قويما يىتتۇرۇپ،
ئۆۋلىمىسۇن قېنىڭنى توپان.

يېزىپ قويغىن تەرجىمىھالىڭنى،
نۇر ئوخچىغان دىللار تەكتىگە.
يۈرىكىمدىن بۈيۈك شېئىرنىڭ -
ياندىشايلى كەلگىن ئەتىگە.

ئازغۇنلارغا دىل بەرمەيلا قوي،
سىردىشايلى كەلگىن قەدىردان.
باللىقتا قايتىپ بىر نۆۋەت،
چۈشكۈن روھقا كىر گۈزەلى جان.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئايشەم ھەسەن

# ھىجران

ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايدۇ تۈندە،
ئاي كۆكسىدىن نۇر تامغان دۇنيا.
ئۆيىقا قاچقان كۆزىدىن زىنھار،
قىز قەلبىدە يېگانە سىما.

ئۆي ئىچىدە لەيلەيدۇ تۈنەك،
يىگىت پاتقان چەكسىز خىيالغا.
تەلپۈنىدۇ قەلبى پىراقتا،
بەخت تىلەپ قالغان جانانغا.

چەكسىزلىككە سوزۇلغان خىيال،
ھېتىرقاشتا بولىدۇ سەرسان.
ئۇھسىنىشنىڭ رەڭسىز شولىسى،
قوزغار دىلدا ۋەھىمە ئىسيان.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئوۋچى

# قالدۇق شېئىرلار

1

سەھەردىكى ئىزگۇ ھاياجان،
خاتىرەمدە چوقۇم كۆيۈك قار.
قايتىپ كېلىپ جىمجىت پەسلگە،
تەقدىرىمدىن چەكمەكتىمەن تار.

تۇمان ئىچرە چاقنىغان قەترە،
چىقار يېشىل سەھەر لېۋىدىن.
ئورمانلىقتا پاتقاندا قۇياش،
كۈي - كۈيلەيمەن كېچە تىلىدىن.

2

ساڭا سۆيگۈ ئىزھار قىلىشىم،
مەسخىرىلىك چاقچاق ئۆزۈمگە.
ياكى سەندىن مەدەت تىلىشىم،
ماڭغىنىمدۇر قاراپ ئۆلۈمگە.

لەۋلىرىڭگە سۆيۈۋاتقان پەيت،
يالغان كۈلۈپ يىغلاۋاتقىنىم.
سەن ئىشەنگەن سۆيگۈ ھەم بەخت،
زۇلمەت تامان غۇلاۋاتقىنىم.

كىچىككىنە شېئىر چاقچىقى،
ئىشەندۈردى سېنى تامامەن.
لېكىن ماڭا تەقدىرنىڭ تىغى،
قانسىرىتار قەلبىمنى جەزمەن.

3

جۇدالىقتا بېغىشلانغان خاتىرە،
مۇجۇپ تۇرار يۈرىكىمنى دەممۇ دەم.
لەيلىمەكتە سەرسانلىقنىڭ ئاۋازى،
قار قاپلىغان يوللار ئۈزىرە تىترەپ ھەم.

ھاراق ئارىلاش تاراپ كەتكەن تەبەسسۇم،
سوغۇق قولىنى پۇلاڭلىتار تۇماندا.
مۇزلاپ كەتكەن يۈرىكىمنى خىيالى،
بىرسى تۇرار چىڭ سىقىملاپ ئورماندا.

كۆپۈكلەرگە دەسسەپ كەلسەم يول بويى،
ئىزگۇ كۈيىنى شىلدىرلاتتى ئاق كېچە.
جاراھەتلىك مىسرالارنى يوشۇرۇپ،
گاچائوخشاش ئۈنچىقمىدىم بۇ كېچە...

تەھرىرى: *تۇرسۇنجان مۇھەممەت*

ھۈسەيىن ئەسئەت

# ئانامغا

ئاغرىپ يېتىپ قالدىڭمۇ ئانا،
غېرىبسىنىپ ھويلا ئارامىلار
سۈپۈرىكسىز ئىشىكنىڭ ئالدى،
قۇياش يوقلاپ كىرگەندۇ بەلكى

تۇنجى بولۇپ ئېسەنلىك سوراپ،
چىللاپ ھېرىپ قالغان خورىزىڭ.
قوندىقىدىن چۈشۈپ كەتكەندۇ،
شوخلۇقىدىن قالغان ئوغلىقىڭ

مەرەپ قويار مەيۈس، ئۈمىدلىك.

بارالمىدىم قېشىڭغا پات - پات،
يۈرىكىمنى سوۋغا قىپ ساڭا.

تىكىلگەندە كۆزۈڭ ئىشىككە،
سېرىق غازاڭ لەيلەپ كىردىمۇ؟
ياق دە، ئانا، ياق دېگىن ئانا!
سېرىق ئەمەس يېشىل يوپۇرماق.
ئۇچۇپ كىرسۇن ئىشىك ـ تۈڭلۈكتىن،
مېھرىڭ جاندەك كېرەكتۇر ماڭا.

بارالمىدىم قېشىڭغا يوقلاپ،
كەچۈرۈشنى قويدۇم ئۆزۈڭگە.
بارغىنىمدا ئالدىڭغا بىر كۈن،
ئايىماستىن كاچاتلا مېنى .
ماڭا تەگكەن ھەر بىر كاچىتىڭ،
تاڭدا بەرگەن ئوغۇز سۇتۇڭدەك
سىڭىپ، تاراپ، تومۇر، تېنىمگە،
كۈچ بېغىشلار ئەبەدىي ماڭا.

ئوغۇل بولۇپ تۇغۇلغىنىمدا،
خوشلۇقۇڭدىن پاتماي تېرەڭگە
قۇت ـ بەختكە چۆمگەن مىنۇتلار،
كىرىپ قالغاندۇ ئېسىڭگە مانا.
ھېچ كىمىڭ يوق قېشىڭدا شۇتاپ،
يالغۇز دېمە ئۆزۈڭنى ئانا
يۈرىكىمنى سېلىپ لىپاپقا،
ئەۋەتىمەن پوچتىدىن ھازىر.
يېرىم دىدار بولار ئېھتىمال
كۆرۈشىمىز ھامان بىر كۈنى.
ئامان بولغىن، ئامان بول ئانا،
يىراقتىكى تەنھا ئوغلۇڭنىڭ
چىن يۈرىكى ھەمراھتۇر ساڭا.

تەھرىرى: *مەتسېلىم مەتقاسىم*

ئابدۇللا سالىھ

## ئۇستاز

بىر ئۆيدە تۆرىدۇ يېگانە قۇياش،
ئالىملار نامىنى يالغۇز كۆتۈرۈپ.
بىر يولغا سالىدۇ ئاخىرى ئوخشاش،
سەن كەتكەن مەن ماڭغان يوللارنى يىغىپ.

قەلەمىنىڭ بىر ئۇچى مەشئەل بوپ يانار،
بىر ئۇچى ئەل ئۈچۈن يىغلايدۇ ھامان.
دېڭىزدەك شاۋقۇنلاپ تۇرار ئارمانلار،
ئىزلىرىڭ ھاياتتا خار ھەم قەدىردان.

كۆكرەكلەر ئەۋجىدە سېنىڭ يۈرىكىڭ،
ئەجدادلار ئەۋلادقا ئۇلانغۇچە تا ـ
بىر ئۆمۈر كەينىڭدىن ماڭىدۇ خەلقىڭ،
ماڭىدۇ مۇشۇنداق ھەتتا بىر دۇنيا.

جاھالەت پىرلىرى چۈشۈرگەن تەگبىر،
سۇنىدۇ ئاقىۋەت سېنىڭ قولۇڭدا.
سەن باشلاپ ماڭغان بىر تىكەنلىك چىغىر،
ئايلىنار ئاقىۋەت داغدام بىر يولغا.

يىقىلىپ چۈشسەن خەندەكلەر ئارا،
ئاقىدۇ نەچچە رەت قېنىڭ شۇرقىراپ.
تەلىيىڭ كاج كېلەر پەقەتلا ساڭا،
يۈرمەيسەن ھېچقاچان تەقدىرگە يىغلاپ.

«ئون قەدەم يىراقتىن بېرىمىز سالام»،
قەلبىڭدە ئېسەدەپ تۇرار ئۆكتەبىر.
يورۇتار دىللارنى يۈرىكىڭ داغدام،
قان بولۇپ ئاقسەن تومۇردا بىر ـ بىر.

بور توزان ئىچىدە ئاقارغان سوڭەك،
رومانغا ئايلىنىپ كەتكەن گۆشلىرىڭ.
كۆزلىرىڭ بىر دېڭىز ئۇ گويا ئىستەك،
مەرىپەت ئالىمى تامام پاك دىلىڭ.

ئازابقا ئىلىنىپ تۇرار كىرپىكلەر،
نادانلىق ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ چۇقان.
ئەزرائىل تىۋىشىنى يىراققا كېتەر،
سەن بولغاچ يېگانە بۈيۈك بىر ئىنسان.

تەھرىرى: *دىلنۇر ئابلىز*

ئالتۇنگۈل رەجەپ

# كېچىكىپ ئوقۇلغان خەت

(ھېكايە)

سەئىدە گۈل تەشتەكلىرىگە سۇ قويۇۋېتىپ، سىرتقا قارىغاندا ئوچۇق دېرىزىدىن كىرگەن مەيىن شامال ئۇنىڭ يۇمران يۈزلىرىنى سۆيدى.

ئۇدۇلدىكى قىسقا يوللۇق يېزا قاتناش بېكىتىنىڭ يولۇچىلار ئالدىراش كىرىپ - چىقىشىۋاتقان يوغان دەرۋازىسى ھاڭقىيىپ تۇراتتى. ماي يولىنىڭ ئىككى يېقى ھەر خىل مېۋە شوپۇكلىرى بىلەن بولغانغان، باققاللارنىڭ سېۋەت، ھارۋىلىرىدىن يول شۇنچىلىك تارچۇقلاشقان، بۇ يەردە تاڭ يورىغاندىن تاكى كۈن پاتقۇچە ئادەم مىغىلداپ تۇرىدۇ. قەدەمدە ئالىي سۈپەتلىك ئېسىل پىكاپلار توختاپ ئۈستى تال، كاۋا غازاڭلىرى بىلەن يېپىلغان، يوغان - يوغان سېۋەتلەر يەشىكلەرگە ئالمىشىپ، ماشىنىنىڭ ئارقا ساندۇقلىرىغا قاچىلىنىدۇ.

سىرلىرى چۇشۇپ، دېرىزە ئەينەكلىرى سۇنغان ئەبجەق بولكىۋاي، جاقىلداپ سىلكىنىپ دەرۋازا ئالدىدا پەيدا بولدىمۇ ۋاي تۇۋا! قاشاڭ باققاللار گۆشكە ئولاشقان سېرىق ھەرىدەك، تەرەپ - تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ماشىنىغا يېپىشىدۇ. نېمە ئامال، ئۇلارنى ئەيىبلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزى ئەخمەقلىق. ياشاش ئۈچۈن پۇل كېرەك. پۇل تېپىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا، رىقابەتلىشىشكە توغرا كېلىدۇ. بىر سېۋەت مېۋە ئۈچۈن ياقا سىقىشىشلار، تالاش - تارتىشىپ كۆچ كۆرسىتىشلەر ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كۈرەش قىلىش، رىقابەتلىشىش. . .

سەئىدە قوش قاناتلىق دېرىزە ئەينىكىنى يېپىۋەتتى. ئۇنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئاتام - ئانام، قەۋمى - قېرىنداش، چۆپقىتىم - شېرىكىم دېمەي ياقا سىقىشىپ، ئالا - تۇۋا كۆتۈرۈپ ئالەمنى بېشىغا كىيىدىغان جېدەل - ماجرالىرى يېتىپ ئاشاتتىغۇ ئۇنىڭغا.

قىزنىڭ كۆڭلىنى غەشلىك چۇلغىۋالدى. ئۇنىڭغا ئالەم — يەر - زېمىننى جېدەل - ماجرا قاپلاپ كېتىۋاتقاندەك، قۇلىقىغا قىيا - چىيا، يىغا - زارە ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقاندەك سېزىلدى. ئۇ ئۈستىلىگە قارىدى. ئەنزىلەر دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقىغا لەسسىدە تاشلاندى. سەئىدە مۇزدەك تاختاي ئەينەككە چېكىسىنى تىرەپ بىر پەس جىممىدە ئولتۇردى. ھايال ئۆتمەي يەنە ئىشىك چېكىلدى.

— تاك - تاك - تاك!

— كىرىڭ، ئىشىك ئوچۇق، — سەئىدە بېشىنى كۆتۈردى. قىيا ئېچىلغان ئىشىك ئارىسىدىن قىرىق ياشلاردىكى ئاق پىشماق ئايالنىڭ يېشىل گازياغلىق چەگكەن بېشى كۆرۈندى.

— كىرىڭ، كىرىۋېرىڭ، — سەئىدە ئايالغا باش ئىشارىسى قىلدى.

— ئاجراشتۇرىدىغان ئىشخانا مۇشۇمىكىن؟ — ئىنچىكە سىزىلغان قاشلىرىنى لىپىلدىتىپ ئۇچۇرۇپ سورىدى ئايال، سۆزلىگەندە ئۇنىڭ قات - قات مەرۋايىت مارجان سالغان توم بويۇنلىرى سەل كۆتۈرۈلدى.

— ھە، نىكاھ ئىشىڭىز بارمىدى؟ — بارماقلىرى بىلەن چېچىنى تۈزەشتۈرگەچ ئايالغا بۇرۇلدى سەئىدە.

www.uyghurkitap.com



— خوش! مېنىڭ شۇ ئازراق ئەر - خوتۇنچىلىق مەسىلەم بار ئىدى، — ئايالنىڭ ئاۋازى زەردىلىك، گۆشلۈك ئېڭەكلىرى تىترەيتتى.

— ئولتۇرۇڭ، ئالدىرىماي سۆزلەڭ، — ئايال زەر گۈللۈك شىپون كۆڭلىكىنى بېلىگىچە قايرىپ، دېۋانغا تاشلانغاندا قىزىل خاڭدەن كالتە ئىشتانلىرى كۆرۈنۈپ قالدى.

— ئىسمىڭىز؟ — قىزنىڭ ئاۋازى مۇلايىم ئەمما ئۇرغۇلۇق ئىدى.

— ئىسمىم ئايزىمخان! — ئالاھىدە ۋەزىن بىلەن تەلەپپۇز قىلدى ئايال ئىسمىنى، تىرناقلىرىدىكى سىر خېنىنىڭ يۇقىلىرىنى تاتىلاۋېتىپ. قارىماققا ئۇ ئۆزىنى چىدام بىلەن تۇتۇۋالغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ھە. . . ھە، ئېسىمگە كەلدى. ھېلىقى ئاسىم ئاكا، يولدىشىڭىزنىڭ ئىسمى ئاسىم راخمانغۇ؟

سەئىدە نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك، ئەنزىلەر قېتىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

ئايال «دىڭگىدە» چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئالدىدىكى ئاق يۇزلىرى تولۇپ كەلگەن، قوي كۆز قىز سەئىدەگە چەكچىيىپ قارىدى.

— قىزىق، ئاسىم ئاكىڭىزنى سىزمۇ تونۇيدىكەنسىزدە! — ئايالنىڭ ئاۋازى قەھرلىك، كۆزلىرىدىن كۆكۈش ئۇچقۇن يېنىپ تۇراتتى.

— سىلەرنىڭ ئەنزەڭلارنى كۆرۈپ چىقتىم. دەۋا تەلەپىڭىز يولدىشىڭىزدىن ئاجرىشىش ئىكەنغۇ؟ يولدىشىڭىزنىڭ ئىسمى، تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ئىكەنلىكىنى تەرجىمىھالىدىن ئوقۇتۇم، — سەئىدە ئىختىيارسىز ئورنىدا قىمىرلاپ قويدى.

— سىزنىڭ كۈيەرىڭىز نەدە؟ — قىيپاچ ئولتۇرغان ئايال كۆكسىنى سەل قوپۇرۇپ تىكلەندى.

— مەن تېخى ياتلىق بولمىدىم، — قىزنىڭ يۈزى لىپپىدە قىزىرىشتى. ئۇ ئەمدى ئايزىمخانىنىڭ نېمە مەقسەتتە كوچىلاپ سوراۋاتقانلىقىنىڭ تېگىگە يەتكەنىدى.

راست، «كۈنچىلىكى بولمىغان مۇھەببەت روھسىز تەنگە ئايلىنىپ قالىدۇ» دېگەن گەپ بار. لېكىن ئىشقى مۇھەببەتتىكى شەخسىيەتچىلىكى كۈچلۈك بۇ تۇيغۇ تۇتقاقلىق كېسەلگە ئايلىنىپ روھنى چىرمىۋالغاندا گۇمان تومانلىرى كۆزنى باغلىۋالىدۇ. گۈزەللىك بىلەن پاكلىقمۇ كىشىنىڭ كۆزىگە رەزىللىك ۋە يىرگىنچلىك بولۇپ تۇيۇلىدىغان گەپ. بۇنى سەئىدە ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ مىجەزى سالماق، بېشەم خوتۇنلار بىلەن ياۋۇز ئاتىلارنىڭ شەخسىيەتچىلىكى تۈپەيلى زېمىننى تىترىتىۋاتقان يېتىملارنىڭ كۆز يېشى ئۇنى مومايلاردەك سوغۇق قان، ئانىلاردەك مېھرىبان بولۇشقا ئۆگەتكەن.

— بەش - ئالتە كۈندىن كېيىن تويىمۇ قىلارمەن، مېنىڭ يىگىتىم بار، — مەقسەتلىك قوشۇپ قويدى سەئىدە سۆز ئاخىرىدا.

— مۇھەببەت تۇتتۇم دەڭ، ئۇ ئۆزى نەدە ئىشلەيدۇ؟ — ئايزىمخانىنىڭ سېمىز ساغرىسى دېۋاندىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

— مۇناسىۋەتسىز پاراڭلارنى كېيىن قىلىشايلى! — ئەتەي گېلىنى قىرىپ قويدى سەئىدە. ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ ئېسىلگەندەك كۆرۈنەتتى، — ھازىر مېنىڭ ئەمەس، سىزنىڭ ئەنزىڭىز توغرۇلۇق سۆزلىشىدىغان ۋاقىت! خوش، ئەرزىڭىزدە «يولدىشىمدىن ئاجرىشىمەن» دەپسىز. ئاساسىڭىز بارمۇ؟ دېمەكچىمەنكى نېمىشقا ئاجراشماقچى بولۇۋاتىسىز؟ — گەپنى ئاساسلىق تېمىغا يۆتكىدى سەئىدە.

— نېمىشقا؟ — بېشىنى شىلتىڭشىتتى ئايال، — بىزنىڭ ئۇ گادايىنىڭ قولىنىڭ ئۇدۇمى بار ئوپېراتسىيىچى! خەقلەر «پىچاقچى»، «پىچاقچى» لا دەيدۇ جېنىمنى چىقىرىپ، — غودۇڭشىپ قويدى ئۇ سۆز ئاخىرىدا، — دېسەم باغۇ شەخسىي دوختۇرخانا ئاچقانلار قالتىس بېيىپ كەتتى.

مەن تولا بېشىنى ئاغرىتىپ پېنسىيىگە چىقىۋىدى، ئالتە كۈن بولغاندا چىداشمىدى. بەزەنلەرنىڭ يۈرىكىگە دەز كەتتى. يەنە ئىلتىماس قىلىشىپ ئېلىپ كەتتى. ئۇنى، بۇنى كىم قىلدى بىلەمدىلا؟ دوختۇرخانىنىڭ ئايال باشلىقى — دېرىزە كۆز خوتۇن تۇنىسە — تۇدەيغۇ! — لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرگەندە ئايزىمخاننىڭ كۆزلىرى قىسىلدى، — ۋاي كىمتى ئۇ، ناھايىتى تەتۈر پېشانىلىكىدىن ئېرىنىڭ بېشىنى يېگەن تۇل خوتۇنغۇ، بۇنىمۇ ئاز دەپ كېسەل كۆرپىسى خوتۇنلارغىمۇ بوپ بەردى دېسە، دوختۇرخانىدا بىزنىڭ ئاسىمدىن باشقا دوختۇر يوقتەك، ھەتتا ئېغىر قاتلىرىنىڭمۇ ئۇنىڭ قولىدا يەڭگۈگىسى بار، — تامغاقلىرىنى چېكىلدىتىپ ئەلەملىك كۈلۈپ قويدى ئايال، — دوختۇر دېگەننىڭ بارغۇ ئاجايىپ يۈزى قېلىن بولىدىكەن قاراڭ. ئەر خەقنىڭكىنىغۇ تۇتسا ماقۇل، ئايال دوختۇر يوقتەك ئي ئايال خەقنىڭمۇ يالىڭاچ قورساق - مۇرساق، ساغرا - ماغرىلىرىنى تۇتۇپ، سىيلاپ، مۇجۇپ. . . ۋىيى! شۇلارنى ئويلىسام ئىچىمدە بىر تونۇرنىڭ ئوتى گۇرۇلدەپ كۆيۈپ، يۈرىكىمنى ئاچ مۈشۈك تاتىلايدۇ مېنىڭ، — پۇتلىرىنى مىنىگەشتۈرۈۋېلىپ، سۆزلىدى ئايال، — قايسى كۈنى بىزنىڭ گاداي دىجورنىلىك قىلىمەن دەپ كېتىپ قالدى. تاماققا كەلگەندە بەك زېرىكىپ، قورسىقى ئېچىپ كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ ئىسسىق سۈتنى چايدان قاچىسىغا ئېلىپ، تۇخۇم پىشۇرۇپ شۇ كېچىدە كىچىك ئوغلۇمنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇدۇللا دوختۇرخانىغا باردىم دېسىلە، ما ئىشنى كۆرۈڭ! ئاپئاق كارىۋاتتا بەدەنلىرىمۇ ئاپئاق، گىدە چاچ، تولغان بىر خوتۇن ياتماسمۇ، ۋاي ئۆلەي! ئالىقانچىلىكلا ئۇچ بۇرجەك كالتە ئىشتىنى پۇلدەك يېرىنىلا يۆگەپ تۇرۇپتۇ، ئىشخانىنىڭ ئىچىنى ئەتىر ھىدى بىر ئاپتۇ. بىزنىڭ گاداي ئۇ خوتۇننىڭ كۆڭلەكلىرىنى بېلىگىچە ئۆرۈپ يالىڭاچ قورساقلىرىنى تۇتۇپ - سىلاپ ئولتۇرماسمۇ قاراڭ. ئۇ خوتۇن باغۇ ۋايجىنى - ۋايغا تولۇپ يېتىپتۇ. كىم بىلىدۇ، خوش يېقىپ نازلىنىۋاتامدۇ تېخى سەت جىنگوك! — لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ يېنىغا چىرتتىمدە تۈكۈرۈۋەتتى ئايال، — قەھرىم مىلىڭ گەز ئۆرلىدى. لېكىن دەل شۇ چاغ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا تۇدەيغۇ دېگەن دېرىزە كۆز خوتۇن يېنىمدا پەيدا بولۇپ قالدى دېسە، ئۇ خوتۇن يولۇمنى توسۇپ «بۇ بىر بېشىغا كۈن چۈشكەن ئايال كەنەي، تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن بۇ يۇرتقا كەلگەنىكەن، قايتماقچى بولۇپ ئايرودرومغا چىققاندا بىقىنى ئۇشتۇمتۇت قاتتىق ئاغرىپ بولالماي قاپتىكەنەي، باشقىلار ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەپتۇيەي. . . » دەپ ۋەز نەسىھەت قىلىپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. ۋۇي ئالدى پەش سۈيىيغى دەللال! بېشىغا كۈن چۈشكەن ئايال بولسا ئۆزىمۇ ئايال دوختۇر تۇرۇپ، نېمىشقا تۇتۇپ، سىلاپ تەكشۈرمەيدۇ دەيمەن، چىدىمىدىم. بىلمەس بولدۇم، كۆرمەس بولدۇم، شۇنچە يىل بولدى مۇشۇنداق خورلۇق ئازابىنى تارتىپ جېنىم بىر تومۇردا قالغان خوتۇنمەن. . . — ئايزىمخان دەسلىپى مىشىلداپ كېيىن كەپتەردەك بۇقۇلداپ ئېسەكىگەندە سېمىز گەۋدىسى ئۆپكىدەك لىغىرلاپ تىترەپ كەتتى.

سەئىدە ئۇنچىقماي ئايالنىڭ گېپىنى تىڭشاپ ئولتۇراتتى. چىرايىدا نە مايىللىق، نە نارازىلىق ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈنمەيتتى.

— ئاسىم ئاكىغىمۇ نېمە ئامال؟ دوختۇر بولغاندىكىن شۇنداق تۇتىدىغان، مۇجىدىغان، سىلايدىغان گەپ. ئۇلار ئۈچۈن بىمار دېگەن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن بەرىبىر. . . — سەئىدە ئىلاج بار ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، يۇمشاق تەلەپپۇزدا چۈشەندۈردى ئايالغا.

— «ئاچىنىڭ دەردىنى توق بىلمەس» دەپ شۇنداق دەيسىز ئۇكام، قالدىسى سىزمۇ

www.uyghurkitap.com

تەگكەندە بىلىسىز! ئېرىڭىزنى ئاشۇنداق ياپ - ياش بىر چوكاننى تۇتۇپ سىلاپ ئولتۇرغان ھالىتىدە كۆرسىڭىز...

ئا - ئە! ئايزىمخان قول ياغلىقىنى چىقىرىپ سۈيۈپ قېلىۋاتقان بۇرنىنى ئېرىتتى. كۆز ياشلىرىنى بېسىپ - بېسىپ سۈرتۈۋەتتى.

— بۇ يىل قانچە ياشقا كىرگەندىلە ئايزىمخاناچا؟ — ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى سەئىدە.

— ۋاي تاڭەي، ئىشقىلىپ سىزنىڭ يېشىڭىزدا ئىككىنچى بالامغا ئانا بولغانمەن، — قوللىرىنى سىلكىدى ئايال.

— قاچان توي قىلغان؟

— كىم بىلەن؟

— ئاسىم راخمان بىلەن بولمايچۇ؟

— «بولمايچۇ» دېسىزا ئۇكام، پېشانەمگە ئاسىم راخمان بىلەنلا توي قىلىش پۈتۈلگەندەكلا. بۇ ئىستىلى بۇزۇق بىلەن قاچان توي قىلغان بولغىيتتىم، — چىمچىلىقى بىلەن بۇرنىنى كوچىلاۋېتىپ ئويلاندى ئايزىمخان. — شۇ... شۇ ئۆرۈك پىشىشقى! شۇنداق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ شۇ چاغ! — ئايزىمخاننىڭ چېھرىدىكى ئەلەم بۇلۇتلىرى تاراپ چېقىن ئاپتاپتەك ۋىللىدە ئېچىلدى، — توي كېچىسىنىڭ ئەتىسى ئانىكام رەھمەتلىك «كۆڭلى ئاچچىق - چۈچۈكنى خالايدۇ» دەپ ئىككى چېنىدە لىققىدە ئالىغورا سالغان ئۈگرە ئاش ئەكىرىپتىكەن قاراڭ، بىزنىڭ گاچا ئۈچكىلىرىنى چېقىپ، مېغىزلىرىنى ماڭا يېگۈزۈپ قويغانتى قاراڭ...

— ئاشۇ قايسى يىلى بولغىيتتى ئايزىمخاناچا؟ توي خەتلىرىدىكى يىل نامىگە سۇ چاچراپ كەتكەنمۇ — نېمە ئۆچۈپ قاپتۇ. — سەئىدە قىزىل رېزىنكە تاشلىق كىنىشكىگە يېنىشلاپ قاراۋېتىپ ئايزىمخانغا سوئال نەزىرى بىلەن باقتى.

— ۋاي تاڭەي قايسى يىلدىكىن! — تىرىكتى ئايال، — دوڭغاق جىگدىدىن يىلىم كولىغاندەك كوچىلاپ سوراۋەردىڭىز ئۆزخېنىم، قىز تەگكەن ئېرىم توختى دېڭگىلدۆڭدىن ئاجراشقاندا ئارقا مېڭەمگە بىر مۇشت يېگەن شۇ، كاللامدىن كەتتىم. ئالاھازەل قويۇق - سۇيۇقى بولۇپ ئۇن ساندۇقتىن ئارتۇق دورا يېگەندىمەن، ھېچ پايدىسىنى كۆرمىدىمغۇ تاڭ، — ئايزىمخان تامغاقلىرىنى چاكىلداتقاچ ياغلىق ئۈستىدىن بېشىنى قاشلاپ قويدى.

— ئەنزە دېگەننى مۇشۇنداق ئىشلەيدىغان گەپ، بولۇپمۇ نىكاھ مەسىلىلىرىدە بەزى ئىنچىكە تەرەپلەرنى تېخىمۇ كوچىلاپ سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ - دە، ئايزىمخاناچا، — قىز مېيىغىدا كۈلۈپ قويدى، — ئاسىم راخمان بىلەن ئۆزۈڭلار تونۇشۇپ توي قىلغانمۇ؟.

— بۇنى بىر سورىماڭ ئۆز ئالتۇن خېنىم! — ئايال كۆرسەتكۈچ بارماقلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ يېنىك تولغاندى. — ئۆزىمىز تونۇشۇپ، مۇشۇنداق ئىملىشىپ، چىملىشىپ، خۇۋالىشىپ تويلاشقان ئۇ ئوغرى بىلەن. ھەر ئىككىلىمىز بىر نىكاھلىق بولغاندا رىسقىمىز قېتىلىپ قالدى دەڭ، مېنىڭ نەشكەش ئېرىم تاياقچى، ئۇنىڭ ئارتىس خوتۇنى بۇزۇق چىقىپ قېلىپ دەرد تارتىپ يۈرگەن كۆنلەرنىڭ بىرى ئانام ئۆت كېسىلى بىلەن دوختۇردا يېتىپ قالدى دېسە، شۇ چاغدا ئىسسىق ئۆتۈشۈپ ئىملىشىپ قالدۇق، ئاجايىپ پەيزى چاغلىرىم ئىدى. پۇرچاقتەك تولغان، تەگسەم نى - نى نوچىلار بار ئىدى، نوچىلاردىن ۋاپا كەلمىگەچكە سەت كۆرمەي مەندىن خېلىلا چوڭ بولسىمۇ مۇشۇ گادايغا تەگكەن. مانا ئۈچ بالىغا ئانا بولۇپ قېرىپ ھۆسنىمدىن كەتكەندە، بۇمۇ قىلىدىغىنىنى قىلدى... — ئايزىمخان خىتىلداپ يىغلىغاندا زاڭاقلىرى تىترەپ كەتتى.

سەئىدە كورۇشكىغا ئىسسىق چاي قۇيۇپ ئايزىمخانغا تۇتتى. ئايال چايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. — بۇ ئادەمنىڭ تەڭتۇشلىرىنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ بارغۇ، ئۇن بارمىقىدا ئۇن ئۈزۈك،

بىلەكلىرىدە خام بىلەيزۈك، توي - توكۈنلەرگە بارساق چەت ئەلدىن كىرگەن «تاكسى» دېگەن ماشىنىنى ياراتماي «چۈزۈ - چۈزۈ» دەپ قول كۆتۈرۈپ «شالى» ماشىنىدا ئولتۇرىدىغان بولۇشتى. بىزچۇ؟ ئەسكى هارۋىغا مىنگىشىپ ماڭىمىز شۇ! بىچارىنىڭ كۆڭلىكى دۈمبىسىگە چاپلىشىپ كېتىدۇ. خوپ بولدى دەيمەن ئىچىمدە ئاشۇ گىدە چاچ خوتۇنغا خەجلەپ بەرگەن تۆت مىڭ كوي پۇلىمىز بولغان بولسا چوقۇم بازارغا كىرىپ قىپقىزىل «شىمپۇ» موتودىن بىرنى ئالماسمىدۇق، كەينىدە پۇتلىرىمنى ئالماپ ئولتۇرۇپ كەتسەم شامالدا ئەتلەس، شىپۇن كۆڭلەكلىرىم يەلپۈنۈپ تۇرسا، دوست - دۈشمەنلىرىمنىڭ كۆزلىرى توك ياغ سالغان قايناق چايدەك پارقىراپ كەتمەسمىدى؟! مانا نەچچە يىلدىن بېرى يېمەي - ئىچمەي يىغقان تۆت مىڭ كوينىڭ چېكىنى تۆمۈر ساندۇقۇمدا ساقلاپ يۈرەتتىم، ئەتە - ئۆگۈن دوختۇرخانا ئاچساق لازىمى بولار دەپ ئويلىغان. «جىددىي پۇل لازىم بولۇپ قالدى، دوختۇرخانا ئاچىدىغان ئىشقا ئىشلىتىمەن» دەپ پۇلنى ئېلىۋالدى. نەدىكىنى دوختۇرخانا ئاچىدىغان ئىش، كېيىن ئۇقسام مېنى ئالداپ بېشىمغا لاتا ئارتىپ، ئۇ پۇلنى ئۇشتۇمتۇت ئاغرىغان شۇ چاڭغا باش خوتۇنغا خەجلەپ بېرىپتۇ... خوپ بولدى! ئۇ خوتۇن دوختۇرخانىدىن چىقىپلا غېپپىدە كېتىپ قالدى. بۇ گاداي يەنە قىپ قالدى. كونىلار توغرا دەپتىكەن خېنىم «ئۇسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ، سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ» دەپ، يەنە بىز ئېشىپ قالدۇق، ئەر خەقكە ئىشەنگۈچە باغلاقتىكى ئىتتىڭغا ئىشەنگۈلۈككەن، مېنى - مېنى ئاجراشتۇرۇپ قويۇڭ خېنىم، بۇ ئادەم بىلەن ئۆي تۇتالمىغۇدەكمەن، «ساقايمىغان كېسەلنىڭ ئۆلگىنى ياخشى». چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى مېنىڭ، مەزلۇمچىلىك دېگەن بەك يامانكەن، ئاھ خۇدا! قانداق قىلاي... —

ئايالنىڭ يىغىسى ئەۋجىگە چىقىپ خىزمەت بىناسىنىڭ تارچۇق كارىدورى تىترەپ تەۋرەنگەندەك بولدى.

— يىغلىمىسىلا ئايزىمخاناچا، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا، ئىش ئەسلى سىلى ئويلىغاندەك ئەمەس، ئاسىم دوختۇرنى بىھۇدە ئەيىبلەۋاتىدىلا، — سەئىدە ئورنىدىن قوزغىلىپ ئايالغا يانداش ئولتۇردى، — ماڭا قارىسىلا ئاچا!

— ھېلىغۇ سىزكەن، شەنجاڭ، ۋالىي كەلسىمۇ مېنىڭ كاللام تاش - تۆمۈر ئۇكام! ئاجراشمىسام ئىت - ئېشەك بولۇپ كېتەي ئىلاھىم! ۋاي نېمە قىلىمەن ئۇ گادايغا جىگدە يېلىمىدەك چاپلىشىۋېلىپ، جان دېگەن كېچىسى چېچەكلەپ كۈندۈزى خەمەكلەمتى؟! باللارنى تۇغۇپ ئاش - نان دېگۈدەك قىلىپ قويدۇم. ئۆزىگە ئادەم بولدۇ. مېنى دوختۇر ئالمىسا باجگىر ئالا، ئۇ ئالمىسا ساتىراش، باققالغۇ ئالا، ئەرنىڭ نېمىلىكىنى ئوبدان بىلىپ قويدۇم، ئەر ئالمىسا ئۆلەتتىمۇ كىشى، ناھايىتى ئانامدىن قالغان ئۆيدە ئولتۇرۇپ سەمرىۋالىمەن، قۇرت - قوڭغۇزنىڭ رىسقىنىمۇ خۇدا بېرىدىكەن، بىر جېنىم كېتىپ بارا... ئۇز ئۇكام بىزنى ئايرىپ قويۇڭ، كېسىپلا ئايرىۋېتىڭ، جۈتتىكام - جوت! — يىغىدىن كۆزلىرى قىزىرىپ قاپىقى ئىششىغان ئايال ئالىقانلىرىنى شاقىلدىتىپ مۇشتلىدى.

— ... تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى! سەئىدە لەسسىدە بوشاشتى. بىر ئائىلىنىڭ پاجىئەلىك يىمىرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان تەقدىر بورىنى ئاشۇ بەختسىزلىكنىڭ قۇربانى — بىگۇناھ ناتىۋانلارنى، بىغۇبار ئوماقلارنى يېتىملىك چۆلىدە سەرسان قىلىۋېتەرمۇ؟!...

قىزنىڭ يۈرىكى ئىچىشتى. بېشى چىڭقىلىپ، چېكە تومۇرلىرى لوقۇلداپ كەتتى. ئۇ زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان بېشىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ جىممىدە ئولتۇردى. ئايال ھېلىھەم مىشىلداپ يىغلاۋاتاتتى... شۇ تەرىزدە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن تاڭ، سەئىدەنىڭ يۇمۇقلۇق

كۆزلىرى لىپپىدە ئېچىلىپ كەتتى، قىزىق قانلىرى يۈزىگە تەپتى. — ھەي! — ئالىقانلىرىغا مۇشتلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - ئۇ، — ئىسىت! ما دۆتلىكىمنى، نېمىشقىمۇ بۇرۇنراق ئېسىمگە كەلمىگەن بولغىيتتى؟! — قىزنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ چېھرىدىكى غەم بۇلۇتلىرى قاياققىدۇر يوقاپ، جۇپ زىناقلىرىدا شادىيانە بىر تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

ئۇ ئالدىدىكى دېلو بېتىنى ئالدىراش ئاختۇرۇپ، سېرىق تاشلىق كونۋېرتنى قولىغا ئالدى - دە، ئايالغا بۇرۇلدى.

— ساۋاتلىرى بارمۇ ئايزىمخاناچا؟ — سورىدى سەئىدە نېمىگىدۇر تەقەززا بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدىكى كونۋېرت سۈس تىترەيتتى.

— نېمە، ساۋاتى بار خوتۇن ئېرىنى كۆنلىمەيدۇ، ئەردىن ئاجراشمايدۇ دېگەن گەپ قايسى كىتابلارنىڭ قايسى قۇرىغا پۈتۈلگۈككەن ئۇكام؟ دەيدىغاننى دېگۈزۈپمۇ بولدىلا، يەنە نېمە دەپ ئاجراشتۇرۇش خېتىمنى كېسىپ بەرمەيدىلا چىرايلىققىنا خېنىم! — ئايال يەنە تىرىكتى.

— دېمەكچى بولغىنىم مەن مۇنۇ خەتنى ئوقۇپ بەرسەم جىنىدەك تەختىر قىلىپ ئاڭلاپ باقسىلا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاجرىشىمەن دېسىلىمۇ كېچىكمەيدىلا، مەن ئاجراشتۇرۇش رەسمىيىتىنى دەرھال ئۆتەپ بېرىمەن!

ئېنىقكى سەئىدە خەتنى ئوقۇشقا شۇنچىلىك ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. شۇ تاپ ئۇنىڭ پۈتۈن ئارزۇ - ئۈمىدلىرى مۇشۇ بىر پارچە خەتكىلا باغلانغاندەك بۇ بىر پارچە خەت بۇ بىر ئائىلىنىڭ يىمىرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

— دېگەنلىرى راستمۇ؟ لېكىن بۇ نېمە خەت؟ نېمە دەپ ماڭا ئوقۇپ بېرىدىكەنلا ئۇكام؟ — ئايزىمخان قىزغا گۇمان نەزىرى بىلەن قارىدى.

— بۇ بىر ئايالنىڭ ئاسىم ئاكىغا يازغان خېتى! بۇنى بىزگە ئاسىم ئاكا ئۆزى تاپشۇرۇپ بەرگەن. بۇ خەت سىلىگە ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ ئايزىمخاناچا!

— نېمە؟ ئېرىمنىڭ ئاشنىلىرىدىن كەلگەن سۆيگۈ مەكتۇپىنى ماڭا ئوقۇپ بېرىپ نېمە قىلىدىلا؟! سارالىڭ كۆرۈۋاتامدىلا مېنى؟! — ئايال قەھرى بىلەن ۋارقىرىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئايزىمخاناچا!! — سەئىدەنىڭ ئاۋازى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۈنلۈك چىقىپ كەتتى. سوغۇق تاملاردىن ئەكس سادا قايتتى. ئايالنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىدىن ئاچچىق ئۇچقۇن يېنىپ تۇراتتى. زاڭاقلىرى تىترەپ چىشلىرى كاسىلدايتتى.

— ئولتۇرسىلا ئايزىمخاناچا! جاھىللىق قىلماي مۇنۇ خەتكە قۇلاق سالسىلا، ناۋادا خەتنى ئاڭلىماي بىر ئۆمۈر ھەسرەتتە قېلىشتىن قورقمىسىلىرى مەيلى، — قىزنىڭ ئاۋازىدىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى. ئارىنى بىر پەس سوغۇق جىملىق باستى. ئايزىمخاننىڭ ماغدۇرى قاچقان تىزلىرى پۈكلەندى. ئۇ دىۋاننىڭ لېۋىدە قىيپاچ ئولتۇرۇپ، چۈشىنىكسىز بىر ئىپادىدە قىزنىڭ چىرايىغا قاراپ قويدى.

سەئىدە ئايالغا ياندىشىپ ئولتۇرۇپ چىرايلىق پۈكلەنگەن قەغەز بەتلىرىنى شىرىقلىتىپ ئاچتى.

سالام سىزگە ئاسىم دوختۇر!

مېنى ئەجەل قولىدىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىڭىز ئۈچۈن بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى بىر ئۆمۈر تەشەككۈرگە قەرزدارمىز! «بۇ دۇنيا بىر ساراي، بىز ئىنسانلار بۇ سارايغا كەپ - كېتىپ تۇرىدىغان يولۇچىلارمىز» لېكىن بىز يەنىلا ھاياتنى سۆيمەي تۇرالمايمىز. بولۇپمۇ مەن! شۇ چاغ، ھايات قېلىشقا شۇنچىلىك موھتاج ئىدىم ئاسىم دوختۇر، چۈنكى ماڭا ئانىسىغا موھتاج ئىككى يۈرەك پارەمنىڭ چوڭى تېخى ئالتە ياش، كىچىكى ئارانلا ئۈچ ياش! ئۇلارنىڭ لەۋلىرىدىن ئوغۇزۇمنىڭ ھىدى كەتمىگەن تۇرۇقلۇق ئۆلۈپ كەتكەن بولسام كۆزۈم ئارمان بىلەن ئوچۇق قالغان، باقى ئالەمدە بىر كۈنمۇ ئارام تاپمىغان بولاتتىم.

سىز مېنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز ئاسىم دوختۇر! پىچاق تۇتۇپ ئەجەل بىلەن كۆرەش

قىلىۋاتقان شىپالىق قوللىرىڭىزدىن گۈل ئۈنسۇن! مەن قايتا تۇغۇلدۇم. دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى، ئادەملىرىمىزنىڭ ئالىيجانابلىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلدىم!

ھاياتلىق ئالىمىدە ۋاپادارلىق تۇگەپ كەتمەپتۇ! ئاسماننىڭ ئاستىدا ياخشى ئادەملەر تۈگەپ كەتمەپتۇ، پۇلدىن مېھىر - شەپقەتنى ئەلا بىلىدىغانلار تېخىمۇ تۈگەپ كەتمەپتۇ! . . . بىلىمەن سىز ئۇلۇغلۇقتا سەلتەنەت ئىگىسى، مەنىۋى دۇنيانىڭ شاھ سۇلتانى بولۇشقا لايىق! لېكىن ماددىي دۇنيادىچۇ؟! ماددىي دۇنيادا ئەڭ - ئادەتتىكى بىر ئادەمسىز! ئائىلىڭىزدىكى بەش جان سىزنىڭ ئازغىنە مائاشىڭىزغا قاراشلىق ، تۇرمۇشىڭىز ئايدىن - ئايغا ئاران ئۇلۇشۇۋاتقاندۇ. شۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ ئۇن سېلىپ يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ مېنىڭ!

ۋاپادارلىق بابىدا بىز قىز - ئاياللارنىڭ كۆڭلى - كۆكسىمىزگە دۇنيا سىققىنى بىلەن، پۇل ئىقتىسادقا كەلگەندە كۆزىمىز كىچىكرەك. لېكىن مەن شۇ مىنۇت سىزنىڭ ئاشۇ بىر قېتىم دىدارلىشىشقا مۇيەسسەر بولالمىغان ئاق كۆڭۈل ۋاپادار ئايالىڭىزغا قول قويماي تۇرالمايمەن. چۈنكى ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئانا ئەجەل قولىدا تېپىرلاۋاتقاندا بىر ياقتا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرمىدى! ئۆزى يېمەي - ئىچمەي يىغقان تۆت مىڭ يۈەن پۇلنى سىز ئارقىلىق ماڭا ئەۋەتىپ ھالقىلىق پەيتتە داۋالىنىش راسخوتىمنى تولدى. ئۆز قولى بىلەن پىشۇرغان ئىسسىق شورپىلارنى سىز ئارقىلىق ئەۋەتىپ خالىس دوستلۇق مېھرىنى يەتكۈزدى. مەن ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرىمەن! ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن!

يولدىشىم ئىستامبولدىكى تىجارەتنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ يولۇمغا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئىككى ئومىقىم جان - جىگەرلىرىم يولۇمغا قاراپ تۇرۇپتۇ! مەن ئۇلارغا ھەممىنى سۆزلەپ بەردىم. قولۇم - قوشنا، يارۇ - بۇرادەرلەر ئۆزى نامرات بولسىمۇ، سېخىيلىق ۋە مەردلىكتە تارىختىن تارتىپ نامى بار ئاق كۆڭۈل خوتەنلىكلەرنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى!

قەرزىمىز تۆت مىڭ يۈەنگە ئاز بولسىمۇ يەنە ئون مىڭ يۈەن قوشۇپ ئائىلەڭلارغا ئەۋەتتۇق. بۇ بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئاددىي كۆڭلى! لەۋزىمىزنى ھالال بىلىپ قوبۇل قىلغايسىزلە. ئاڭلىسام ۋېلىسىپىتىڭىز بەك كونىراپ كېتىپتىمىش، ئاددىيراق بولسىمۇ موتسىكلىتتىن بىرنى سېتىۋالارسىز. ھە راست، يەڭگەمگە بىر جۈپ ئالتۇن ئۈزۈكمۇ ئەۋەتتىم. بىر جۈپتى مېنىڭ بارمىقىمدا. دوستلۇق سوۋغىتى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمەن!

ئاسىم دوختۇر، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى ھەر تاڭدا تەڭرىدىن سىلەرگە بەخت - سائادەت، ئاق كۆڭۈل خوتەنلىكلەر-گە تىنچلىق تىلەيمىز!

خەير

سىز ئەجەل قولىدىن قۇتقۇزىۋالغان بىمارىڭىز ئاتىكەم

يولدىشى: ئەخمەتجان

پەرزەنتلىرى: ئەلفىرە

ئەكرەمدىن

1997 - يىل 19 - فېۋرال

ئۈرۈمچى.

ئىككى قوللاپ قاماللىۋالغان بېشىنى دىۋان يۆلەنچۈككە تاشلاپ كۆزىنى يۇمۇۋالغان ئايال بىر قاراشقا ئۇخلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن سەئىدەنىڭ ئاۋازى بېسىقمىشى بىلەن تەڭ ئۇ پاڭگىدە ئېتىلىپ ئۆزىنى كاچاتلاپ داد - پەرياد كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

— ۋاي ئۆلەي، مەن ئەمدى قانداق قىلاي! نى - ئات، نى - نومۇس. ئۆلۈم ئارتۇق ئەمەسمۇ ماڭا! ئۆز خېنىم مۇشۇ ھالقا دېگەن كاساپەت سوغۇق كېلىپ مېڭەمگە قورۇغلۇق يېتىپ قاپتۇ مېنىڭ. . . — ئايال يىغلاپ چالۋاقايتتى. — مەن . . ئاجراش-مايمەنغۇ قانداق! قېنى كىمكەن ئۇ مېنى مەجبۇرىي ئاجراشتۇرۇۋېتىدىغان، ئۆلۈپ بېرىمەن! مۇشۇ مەيداندا ئۆلۈپ بېرىمەن! . . .

مانا «ئادەتتە قىز - ئاياللارنىڭ قەلبى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەچ كۆزدىكى نىپىز مۇزغا ئوخشاش ئاسانلا ئېرىپ، ئاسانلا سۇنىدىغان نەرسە. لېكىن، ئۇلارنىڭ تەرسالىقى تۇتقاندا بازغان بىلەن ئۇرۇپمۇ چاققىلى بولمايدىغان قارا چويۈن قۇلۇپقا ئايلىنىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇنى بازغان بىلەن ئەمەس، ئاچقۇچ بىلەن ئاچقان تۈزۈك» .

سەئىدەنىڭ قوي كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش كەلدى. سۇس لەۋ بوياق سۈرتۈلگەن ئەتلىك لەۋلىرى تىترىدى.

ئېيتاۋۇر ئۇنىڭ چېھرىدە كۈلۈمسىرەشكە ئوخشاپراق بىر ئىپادە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ۋاھالەنكى ئۇ كۈلۈمسىرىدىمۇ، يىغلامسىرىدىمۇ بۇ ئىپادە ئارىلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغانىدى. شۇتاپ كۆزىگە نېمە كۆرۈندىكىن؟! مېھىر - شەپقەت مۇئەككىلى ئۇنىڭغا قاراپ كۆز قىسىپ جىلمىيىۋاتامدىكىن ۋە ياكى يېتىملىك گىردابى ئالدىدىن ئۇنىڭ مېھنىتى ئارقىلىق ئامان قالغان سەبىي ئوماقلارنىڭ شادىمان روھى ئالدىغا قۇچاق ئېچىپ كېلىۋاتامدىكىن؟! . . .

— ياخشى ئويلاپلا ئايزىمخاناچا، — قىزنىڭ ئاۋازى تىترەيتتى، — مانا ئەمدى بولدى! يارىشىپ قالسىلا! لېكىن بىر گەپ — كۆڭلى - كۆكسىلىرى كەڭرەك بولسۇن! — سەئىدە ئېچىلىپ كۈلگەندە ياشلىق كۆزلىرى ئاجايىپ نۇرلاندى.

— ۋاي، نېمانداق چىرايلىق خېنىم سەن! ئۆزۈڭ تېخى ئۇز، گېپىڭ ئاندىن، كۆز مۇنچاق ئېسىپ قويغاي بوينۇڭغا! ئەتىدىن بېرى ئۆز ھالىم بىلەن تۈزۈكرەكمۇ زەڭ سالماپتىكەنمەن دېسە. . . ۋاي ئىسىت ئوغلۇم چوڭراق بولغان بولسىمۇ كېلىن قىلىۋالاركەنمەن بۇ ئاق يۈمىلاقنى، ھە ئۇز خېنىم، بىر مەسلىھەت بىرە ماڭا، ھېلىقى ئېرىمگە خەت يازغان خانىمغا پاكىز قۇرۇغان كىشمىش ئۈزۈم بىلەن قەغەز ياغاقتىن بىر خالتا قىلىپ بىر كىيىملىك ئەتلەس بىلەن بىرگە ئەۋەتسەم يارىتارمۇ؟ — ئايزىمخان دىقماق قوللىرىنى ئۇزىتىپ قىزنىڭ يۇمشاق ئېگىكىنى شوخلۇق بىلەن چىمداپ قويدى - يۇ، ئوتنى تۇتۇپ سالغان ئادەمدەك دەررۇ قولىنى تارتىپ، يەرگە قارىۋالدى، — بەك سەت ئىش بولدى خانىم، — ئايالنىڭ چېھرىدە پارلاپ تۇرغان شادلىق كۈلكىسى ئۆچتى. ئۇ، ئوڭايسىز بىر ھالەتتە تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ بويىنىنى قىستى.

— خۇدا ھەققى بۇ سەتچىلىكنى بىر ئۆزلىرىدىن باشقا ئىنسى - جىن ئۇقماي قالسا. مەنغۇ بىر ساراڭ خوتۇن، لېكىن بالىلىرىمنىڭ دادىسى خېلى تۈزۈك نامى بار ئادەم، — ئايالنىڭ قوڭۇرەڭ كىرپىكىدە ئېسىلىپ تۇرغان ئىككى تامچە يېشى مەڭزىنى بويلاپ زاڭىقىدا توختاپ قالدى، — دېسەم بارغۇ چىرايلىق خانىم، ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟ ئۆيۈمگە قانداق كىرىمەن، بالىلىرىمنىڭ دادىسىنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ «ئۆزۈم كەتكەن يارەي، ئۆزۈم كەلگەن يارەي» دەپ باشتا شۇنچە يالۋۇرۇپ يولۇمنى توسسا ئۇنىماي. . . — ئايالنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىدە چەكسىز مۇڭ ئىزتىراپ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— ئۇ دېگەن ئۆز ئۆيلىرى، ئۇ دېگەن ئۆز تەن، ئۆز جان ئەرلىرى، ئۈچ بالىنىڭ دادىسى! — سەئىدە ئاران شۇنىلا دېيەلىدى. ئۇلار يانمۇيان مېڭىپ پەلەمپەيدىن چۈشكەندە تىمتاس ئىشخانا بىناسى لەرزىگە كەلدى.

— ئۆيلىرى نەدە ئايزىمخاناچا؟

— بوستان يولىدا.

قىزىل كىرا ماشىنىسى ئىككى قاسىنقى بۆككىدە سۆگەت بىلەن قاپلانغان ئاسفالت يولدا غۇيۇلداپ يۈرۈپ كەتتى.

چايرەڭ ئەينەكلى يېرىم چۈشۈرۈلگەن دېرىزىدىن كىرگەن مەيىن شامال سەئىدەنىڭ نەمخۇش چاچلىرىنى سەگىتتى. . .

ئۇ ئەتىگەن ناشتىدا بىر پىيالە ئىسسىق سۈت ئىچكەن. مانا ئالتە سائەتتىن ئاشتى، ئۇنىڭ قورسىقى كۈكۈراۋاتقاندەك قىلاتتى. يانىدىشىپ ئولتۇرغان ئايزىمخان قىزنىڭ يۇمشاق قوللىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، مۇرىسىگە بېشىنى قويۇپ يېنىك ئېسەدىدى. دەل شۇ چاغ قىزنىڭ قەلبىنى ئاجايىپ يارقىن بىر سېزىم تاتلىق جۇغۇلداتتى.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

## نەسرلەر نەسرلەر نەسرلەر نەسرلەر

**ھاشمجان ئابدۇراخمان**

1

كۆز يېشىم شادلىق دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرىغا ئېسىلىپ قالدى. ئۇ سەھەردە يالتىراپ تۇرىدىغان سۈزۈكلۈكى بىلەن، يوپۇرماقلارنىڭ چاڭقاق لەۋلىرىگە مەلھەم بولدى.

ئاھ، كۆز يېشىم، سۆيۈشكە تەمشەلگەن لەۋلەر ئۈستىدىن نۇر ئېمىپ، بىھوش تەنلەرنى ئويغاتقىن.

2

دەرەخ سايىسى، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى مەۋجۇدىيەت ئالىمىدە ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن، قۇياش بىلەن ئاينىڭ نۇرىنى سۈمۈرۈپ، كىشىلەر ئالدىدا قەدىر - قىممىتىنى تەنتەنە قىلىدۇ.

3

ھاياتىمنىڭ تۇنجى غۇنچىسى ئېچىلماي تۇرۇپلا ئۇنى ياخشى ئاسرىيالمىغانلىقىم ئۈچۈن قارا بوراننىڭ قۇربانىغا ئايلاندى؛ غولى ياپراقلىرىدىن ئايرىلىپ، بەئەينى تېنــــى سوۋۇغان كىشىگىلا ئوخشاپ قالدى. ئۈمىد ئۈچقۇنلىرى يېلىنجاشتىن توختاپ، يىلتىزلىرى ئەسەبىي يەر بىغىرلىغۇچىلارنىڭ ئوزۇقىغا ئايلىنىپ كەتتى. . .

ئۇپۇق قىزىل رەڭگە كىرگەندە، زېمىن يۈزىنى سۆيۈپ ئۆتكەن سەلكىن شامال ماڭا:

— ئۈمىدسىزلەنمە، سېنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ، ئۆزىنىڭ ئىللىق باغرىدىن ساڭا يېڭى ھاياتلىق بېرىشكە ئىنتىزار بولۇۋاتقان، ياپيېشىل لىباستىن تون كىيىپ، سېنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇرغان جانانىڭ تاتلىق پىچىرلاشلىرىغا، سۆيۈشلىرىگە، سۈكۈت ئىچىدە جاۋاب قايتۇر؛ قارا بوران پاجىئەسىنى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن يامان چۈش دەپ بىل، شۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالىساڭ، ئۈمىد چىرىغىڭ قايتا نۇر چېچىپ، ھاياتىڭ گۈللىرى بېغىڭغا رەڭگارەڭ تون ياپىدۇ، — دەپ شىۋىرلىدى.

4

ئىككىمىز خۇددى رول ئېلىۋاتقان ئارتىسلارغا ئوخشاش، دېڭىز بويلىرىدا دولقۇنلارنىڭ يېقىملىق كۈيلىرىگە جۆر بولۇپ ناخشا ئېيتىپ، مۇھەببىتىمىزنى سەھنىگە چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشتۇق. فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان قەلب ئىزھارىمىز، دېڭىز دولقۇنلىرىغا قوشۇلۇپ قىرغاق لېۋىگە سۆيۈش ئاتا قىلدى. . .

رومانتىك مۇھەببىتىمىز، رېئاللىق قوينىدىن كەڭرى زېمىنغا ئېرىشىپ، مەڭگۈلۈك ناخشىسىنى دېڭىز دولقۇنلىرىغا ھەدىيە قىلدى.

5

كۆزۈمدىن قۇيۇلغان رەڭدار ياش، ماڭا تىكىلىپ تۇرغان غۇۋا كۆلەڭگەم مەڭزىدە قېتىپ قالدى. . .

سەھەردە، ياپراق لېۋىدىن ۋىسال قۇچقان شەبنەم تامچىسى قۇياش نۇرىنىڭ يېنىك سىلاشلىرىدىن ياپراق ئايغىنى باغاشلىدى. . .

زېمىن ئۇپۇق قىزىللىقىغا چۆمـگـەنـدە، ئىككى تـامـچە يـاش تـۇپـراق قـويـنـىـغا سىڭىپ كەتتى. . .

6

تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭ شەبنەم تامچىسىنىڭ چەمبەرسىمان نۇرلىرىغا ئوخشاش، كۆزنى چاقنىدىغان گۈزەل سىما، سەن ئۈچۈن بەخت مەنبەسى. . .

گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمگەن، سۈكۈت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقان كېچە قوينىـــدا، ئالماستەك نۇر چېچىپ، شەپەقتەك قىزارغان يۈزلىرىدىن تەبەسسۇم يوللىغان گۈزەل سىما، مەن ئۈچۈن ھاياتلىق بۇلىقى. . .

تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز

ئابدۇخەبەر تاھىرى

# تام

(نەسىر)

ئەي تام، سېنى تۈنجى قېتىم بىنا قىلغان نامەلۇم ئىنسان سەن ئارقىلىق رەزىللىكنى يوشۇرماقچى بولغانمۇ ياكى گۈزەللىكنى مۇداپىئە قىلماقچى بولغانمۇ؟

سەن شۇ تاپتا، رەسىدىلىك كوچىسىنىڭ سۆيگۈ ئىسكەنجىسىدە قىرىق بىر ئۇستىخىنىنىڭ ھەر بىر ھۈجەيرىسى بىردىن كۆزگە ئايلىنىپ، تەشنالىق نۇرلىرى بىلەن باققان بىر گۈزەلنى قورشاپ ياتماقتىسەن. تىنىمسىز ئاڭلىنىۋاتقان «تۈگىمەس ناخشا» نى سۆيۈملۈك دېرىزەڭ بىلەن يوللاپ تۇرۇۋسەنۇ ــ لېكىن، ئىككى نىكاھ، ئىككى دىدار، ئىككى يۈرەكنى ئۇچراشتۇرماسلىق ئۈچۈن، پۈتۈن تىرىشچانلىقىڭ بىلەن قېلىنلاپ بارىسەن. بۇ دەم گۈزەل كېلەچەكنى كەينىگە سۈرمەكتىسەن.

سەن شۇ تاپتا، سۆيۈملۈك نىگارى بىلەن ئەمدىلا «دادا» ــ دېگەن يۈرەك پارىسىنى تاشلاپ قويۇپ، ھايۋانى نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىۋاتقان يارامسىز دادا بىلەن، ئۆز ۋۇجۇدىنى ئويۇنچۇققا ئايلاندۇرۇپ، تۇرمۇشنىڭ مىتىسى بولۇپ قالغان پاھىشە نامىلىق ئالۋاستىنى كىشىلەرنىڭ نەپرەت كۆزىدىن يوشۇرۇۋاتىسەن. بۇ دەم سەن، ئەڭ پەسكەش قىلمىقلارنىڭ ھامىيسى بولۇۋاتىسەن.

شۇ تاپتا سېنىڭ سىرتىڭدا لەپىلدەپ قار يېغىپ، جاندىن ئۆتىدىغان رەھىمسىز سوغۇق ھەيۋە قىلىپ ھۆۋلىماقتا. كىيىم ـ كېچەكلىرى جۇل ـ جۇل بىر بىچارە ساڭا ئۈمىد بىلەن بېقىپ، بىر قانچە قېتىم ئايلانغان بولسىمۇ، سەندىن ھېچ سادا چىقمىغاندىن كېيىن سوغۇق گەۋدەڭگە يۆلەنگەن پېتى ئاپئاق قارغا كۆمۈلمەكتە. بۇ دەم سەن، ئاخىرقى تىنىقىمۇ سوغۇۋاتقان بۇ جان ئىگىسىنى ئۆز قوينۇڭغا ئالمايۋاتىسەن.

ئەي تام، سەن قاچاندىن بېرى ئىنسانلار تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنسەن، قاچاندىن بېرى ئىنسانلارنى ئۆز ئىلكىڭگە ئالغانسەن! ؟ قاراپ باقسام، ئىنسانلار ساڭا ھەقىقەتەن كۆڭۈل بۆلىدىكەن. سىرتىڭنى مەر ـ مەر تاشلار بىلەن زىننەتلەپ بېزىسە، ئىچىڭنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن سۇتتەك ئاقارتىدىكەن. بەزىدە يۈزۈڭگە كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان گۈزەل مەنزىرىلەرنى چاپلىسا، بەزىدە ئۇتقاشتەك گىلەملەرنى ئاسىدىكەن. ئويلاپ قالىمەن: بۇلارنىڭ بىرەرسى سېنىڭ ئەسلى ماھىيىتىڭنى قىلچىلىك ئۆزگەرتەلىگەنمىدۇ؟

شۇ تاپتا مەنمۇ سېنىڭ ئىچىڭدە، مەن ساڭا قاراۋاتىمەن. ئەجەب ئىش، سەن تۇيۇقسىزلا تارىيىشقا باشلىدىڭ، تارايدىڭ، تارايدىڭ. . . مەن سىقىلماقتىمەن، ھەقىقەتەن سىقىلىپ كەتتىم. پەرىزىمچە سەنمۇ سىقىلىپ سەرەڭگە قېپىغا ئوخشاپ قالغاندىڭ. مەندىكى تاقەت تامامەن تۈگىدى. ساڭا تىكىلدىم. ئىلاھى نەزەر بىلەن تىكىلدىم. سەن، تىكىلىشلىرىمگە بەرداشلىق بېرەلمەي چاك ـ چاك يېرىلدىڭ. . . يېڭى تاڭنىڭ ئارامبەخش ساباسىدا چاڭ ـ توزانغا ئايلىنىپ، ئۇچۇپ تۈگىگىنىڭدىن قارىغاندا سەن، ھەقىقەتەن. . .

تەھرىرى: *دىلنۇر ئابلىز*

ئەنۋەر توختى

# ئويغانغان تىنىق

(نەسىر)

مەن سېنى قوغلاپ، سەن ئۇنى قوغلاپ جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە بارغىنىمدا ھالسىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدۇق. ئالدىمىزدا بىز كۈتكەن بەخت ئەمەس، بەلكى ياۋايى ھايۋاندەك قوترىغان بىر توپ مەخلۇقلار بىر ـ بىرىنىڭ يۈرىكىنى غاجىلاۋاتقان ھالدا پەيدا بولدى. . .

*　　　*　　　*

دوقمۇش!

ھەر كۈنى شۇ دوقمۇشتىن ئۆتىمەن. ئەقلىمگە كەلسەم ئۇ يەردە بىر ئەما بوۋاي ئولتۇراتتى. مانا ئەمدى ئۇ يەرنى قەۋەتلىك بىنا قاپلىغان بولسىمۇ، پەرەنجە ئىچىگە يۆگىنىۋالغان بىرسى ماڭا قولىنى

سوزۇۋاتىدۇ.
— سەدىقە بەرگىن، ياخشى ئىنسان،— تۇۋا، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن تونۇدۇم. ئۇ مېنىڭ سۆيگۈنۈم ئىدى.

* * *

كۈل، قاقشا ئۆزۈڭنىڭ ئىشى. بىراق، كۈلكەڭ ئادەمگە ھوزۇر، يىغاڭ ئادەمنى ئويغا سالالايدىغان بولسۇن.

* * *

قاچانلاردا بۇ زامان ئادەملىرىدىن يىراقلاشقانلىقىم ئېسىمدە يوق. ئەپسۇس، قالتىس سالاپەتلىك ھالدا ئۆز تۇپرىقىمغا قەدەم باسقىنىمدا كىشىلەر ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ كېتىپ قالدى.

* * *

— سۆيۈملۈكۈم، مەن سېنى سۆيىمەن،— دېدىم. ئۇ مەنسىتمىگەن ھالدا، — قەدىرلىكىم سىز مېنى سۆيۈشتىن ئىلگىرى ئۆزىڭىزنى سۆيۈپ باققانمۇ؟— دېدى. راست، مەن ئۆزۈمنى سۆيۈپ باققانمۇ،— دېدىم ئاستاغىنە.

* * *

مېنى يېزىشقا زورلاۋەرمە قىز. ئەسەر يېزىش كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن، ئويناش ئۈچۈن ئەمەس. ئۇ يۈرەكنىڭ مەۋج ئۇرۇشىدىن چاچرىغان قان.

* * *

كاككۇك قانچە مۇڭلۇق سايرىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ پەسكەشلىكى ھەممىگە ئايان، قەدىرلىكىم. بىز تۇرمۇشتا كاككۇك بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنايلى.

* * *

قەسىدىگە باغلىنىپ قالغان شائىردىن ئۈمىد ئۇچقۇنى ئەمەس، بىر تۇتام ياۋا بىخ چىقىدۇ. ئۇ قانداقمۇ ئاۋام خەلقىنىڭ روھى كۈچىگە كۈچ قوشۇپ يىراق ئۇپۇق سىزىقىغىچە قارىتالايدىغان قىلسۇن؟!

شېئىر ياز سۆيۈملۈكۈم. ھەر مىسراسىدىن ئالەم چېقىلسۇن. زېمىن كۈلسۇن. چۈنكى شېئىر — پەيغەمبەرنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى ئەمەسمۇ!

**ئايشەمگۈل ھەسەن**

## نەسرلەر

ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزى بىر سوئال، دۇنيا ئەنە شۇ سوئاللارنىڭ گىرەلىشىپ كەتكەن زەنجىرسىمان تۈگىنى.

× × ×

سەن، ۋاپاسىزلىقنى ساداقەتتىن ئەلا بىلگەن ئاشۇ مىنۇتلاردا مەن كۆز ياشلىرىم بىلەن دىلىمدىكى قەبرەڭگە يوپۇق يېپىۋاتاتتىم...

× × ×

مېنىڭ ھەققانىيەت ئۈچۈن سۇنۇلغان قوللىرىم قايرىپ تاشلانغاندا، ئۇنىڭ تەمەخورلۇق ئىچىدە خۇشامەت بىلەن سۇنۇلغان قوللىرى ئىنئام مەئىشەتلىرى بىلەن تولغانىدى...

× × ×

سەن بەختىڭنى باشقىلاردىن ئىزدىمەي، ئۆز روھىڭدىن ئىزدەشنى ئۆگىنىۋال، شۇ چاغدىلا ھەقىقىي بەختكە ئىگە بولالايسەن...

× × ×

ئۇ يىقىلغانىدى، مەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم. مەن يىقىلغانىدىم، ئۇ مېنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ كىيىم - كېچەكلىرىمنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

بۇ ۋاقىتتا مەن ئۆزۈمنى كىيىم - كېچەكلىرىمدىن توزىۋاتقان چاڭ - توزانلارغا قوشۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم...

تەھرىرى: *تۇرسۇنجان مۇھەممەت*

www.uyghurkitap.com

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# يازغۇچىنىڭ قەلب خەزىنىسىدە

نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ھېكايە، پوۋېستلىرى يازغۇچىنىڭ دادىللىق بىلەن ئىزدىنىش ھەم يېڭىلىق يارىتىش روھىنى نامايان قىلىدۇ. بىز بۇ ئەسەرلەردىن يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب يارىتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. مەن «يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت» ناملىق كىتابنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا (1989 ـ يىلى 8 ـ ئايدا) بۇ يازغۇچىغا خەت يازغانىدىم. ئۇ مېنىڭ تەلىپىم بويىچە خېتىمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان سوئاللارغا جاۋاب يېزىپ، ئەۋەتىپ بەرگەنىدى. مەن بۇلارنى ئازراق رەتلەپ، كىتابخانلارغا ئەينەن سۇندۇم، ئۇنىڭ دەۋرداشلىرىمغا ياقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

**سوئال:** سىزنىڭ «بەش توپ سەگۇ تېرەك» ناملىق ھېكايىڭىزدا تەسۋىرلەنگەن مەسۇم تۇمۇچۇق ئوبرازى مېنى ئۆزىگە ئالاھىدە قىزىقتۇرغانىدى. مەن بۇ ھېكايىڭىز توغرىسىدا بىر پارچە ئوبزورمۇ يازغانىدىم. بىر قېتىم سىز بىزنىڭ بۆلۈمدە مۇشۇ ھېكايىڭىزدا يارىتىلغان بەزى پېرسوناژلارنىڭ پىروتوتىپى بار دېگەنىدەك قىلىۋېدىڭىز. سىز ئالدى بىلەن بۇ ھېكايىڭىزنىڭ دۇنياغا كېلىش جەريانىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟ سىزنىڭچە، مەسۇم تۇمۇچۇق ئوبرازى قانداق ئۆزگىچىلىككە ئىگە؟

**جاۋاب:** مەن «بەش توپ سەگۇ تېرەك» دېگەن ھېكايىنى 1986 ـ يىلى كۈزدە جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈش مەقسىتىدە يازغانىدىم. شۇ چاغلاردا خوتەن يېزىلىرىدا تېرىلغۇ يەرلەرنى دېھقان ئائىلىلىرىگە ھۆددىگە بېرىش ئومۇملاشقان، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى دېھقانلارنى بېيىتىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ شوئار ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەنلا گېزىت سەھىپىلىرىگە، رادىئو خەۋەرلىرىگە دېھقانلارنىڭ باي بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر تۇشۇپ كەتتى. بۇ ھال سىرتتىن كۆزەتكەن ئادەمگە خۇددى ھەممە دېھقان باي بولۇپ كەتكەندەك، يېزىلاردا بىرمۇ نامرات ئادەم قالمىغاندەك، ھەسرەت ـ نادامەت، دەرد ـ ئەلەم، جاپا ـ كۇلپەت بىر كېچىدىلا يوقاپ، ھەممە يەرنى شاد ـ خۇراملىق، باي ـ باياشاتلىق قاپلىغاندەك تەسىرات بېرەتتى. ئەمەلىيەتتە ئەھۋال قانداق ئىدى؟ گەرچە پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇرۇنقى داشقازان دەۋرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا تۇرمۇش كۆپ ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن قورساق غېمى، كىيىم غېمى يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. مەن ھېكايىنى يېزىشتىن ئىلگىرىكى ئىككى يىلدا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ بىر مۇئاۋىن سېكرېتارىغا كاتىپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ خوتەن يېزىلىرىنى تەپسىلىي ئارىلاپ چىققانىدىم. ھەر قايسى يېزىلارنىڭ رەھبەرلىرى بىزنى ئۆز يېزىسىدىكى بېيىغانلارنىڭ ئۈلگىسى ــ «10 مىڭ يۈەنلىك ئائىلە» لەرگە باشلاپ باراتتى. بۇ يېزىلاردا ھەقىقەتەنمۇ بېيىغان ئائىلىلەر بار ئىدى. لېكىن مەن ئاستا ـ ئاستا شۇنى ھېس قىلدىمكى، بىز زىيارەت قىلغان «10 مىڭ يۈەنلىك ئائىلە» لەر ئىچىدە دېھقانچىلىق بىلەن بېيىغانلار ئاز ئىكەن. ئۇلارمۇ خۇمدانچىلىق، بورداقچىلىق، قوشۇمچە تىجارەت قاتارلىق يوللار ئارقىلىق بېيىپتۇ. قوشۇمچە تىجارەت قىلالمايدىغان ھۈنەرسىز، يەرگىلا باغلىنىپ تۇرىدىغان ساپ دېھقان بولسا، يەنىلا غورىگۇل ھالەتتە ئىكەن. سىرتقى جەھەتتە ئاش غېمى، قەھرىتاندا كىيىم غېمى يەنىلا ئۇلارنى بوغۇپ تۇرىدىكەن. راست ئەمەسمۇ، ئادەم كۆپ، يەر ئاز ۋە ئۈنۈمسىز ئەھۋالدا ئالىقانچىلىك يەرگە تايىنىپ، قانداقمۇ بېيىغىلى بولسۇن؟!

دېمەك، بىزنىڭ شەھەردە تۇرۇپ تۇرمۇشقا چۆكمەي ھاسىل قىلغان بىر تەرەپلىمىلىك ئەھۋاللارنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، بىر ھېكايە يېزىشنى نىيەت قىلدىم. يېزىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى، ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانلارنى بېيىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى، دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىدىكى تىرمىشىشلىرىنى، پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى ئىچىگە سوقۇنۇۋالغان نەپسانىيەتچىلىرىمىزنىڭ دېھقانلارنى قاقشىتىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولدۇم. مانا بۇ مېنىڭ «بەش توپ سەگۇ تېرەك» نى يېزىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىمنىڭ جەريانى.

لېكىن ھېكايىنى نەدىن باشلاش كېرەك؟ يېزا ئەھۋالىنى قايسى نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك؟ مەن بۇلار ھەققىدە ئۇزۇنغىچە ئويلاپ يۈردۈم، لېكىن قولۇمغا قەلەم ئالالمىدىم. يېزا تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان دېتاللارنى ئايرىپ چىقالمىدىم. ھازىر ئويلاپ كۆرسەم، ئاشۇ چاغدا تېخى ئىلھام پەرىسى قەلب تارلىرىمنى چېكىپ ئۈلگۈرمىگەنىكەن، ھەۋەس گۈلخىنىمغا ئوت تۇتاشتۇرغۇچى ئىلھام ــ چاقماقتىن تېخى ئۇچقۇن چاچرىمىغانىكەن.

شۇ كۈنلەردە خوتەندە كادىرلارنىڭ شەخسىي يەر ئىگىلەپ، خۇسۇسىي ئۆي سېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇ دولقۇندىن بىزمۇ چەتتە قالمىدۇق. ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئۆي سالىدىغان يەرگە ئىگە بولدۇق. ئۆي سېلىش ئۈچۈن خىش، تاش، ياغاچ، سېمونت ۋە باشقا نەرسىلەر كېرەك ئىكەن، بولۇپمۇ ياغاچ ھەممىدىن مۇھىم ئىكەن. بىزنىڭ خۇسۇسىي ئورمانلىقىمىز بولمىسا، ياغاچنى نەدىن ئالىمىز؟ ئازغىنا كىرىمىمىزگە تايىنىپ، قىممەت باھادا ياغاچ سېتىۋالالايمىزمۇ؟ بۇ شۇ كۈنلەردە قەلبىمىزدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان سوئاللار ئىدى.

بىر كۈنى ياغاچنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا شائىر ئابدۇللا سۇلايمانغا مەسلىھەت سالدىم. ئۇ ماڭا: «قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بىلەن ياخشى ئۆتىمىزغۇ، ئۆزىمۇ ئانچە - مۇنچە شېئىر يېزىپ يۈرگەن ئادەم. شۇنىڭغا دەيلى. بەلكىم ياغاچ ھەل قىلىپ بېرەر» دېدى. كېيىنرەك ئابدۇللا سۇلايمان ھاكىمنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇ كىشى «ھازىر ئورمانلار دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىۋېتىلدى. شۇلاردىن تارتىۋېلىپ، شۇلارنى قاقشىتىپ تۇرۇپ، ئېلىپ بەرسەم بولىدۇ. باشقا ئامالىم يوق. . .» دەپتۇ. بۇنى ئابدۇللا سۇلايمان ماڭا سۆزلەپ بەردى. ئۇ ياغاچقا ئېرىشەلمەپتۇ. لېكىن ئاشۇ گەپنى ئاڭلىغان كۈنى مەن ئىلھامغا ئېرىشتىم. ھاكىمنىڭ ھېلىقى سۆزلىرى ماڭا ئىلھام پەرىسىنى يولۇقتۇردى. بىلەمسىز، ئىلھام دېگەن ئاشۇنداق بىر ئۇيقۇلۇق تۇيغۇكەن. ئۇنى ئويغىتىش ئۈچۈن كىچىككىنە بىر تىۋش لازىم ئىكەن. بىز كۆپ ھاللاردا ئاشۇ تىۋشقا يولۇقالماي، قولىمىزغا قەلەم ئالالماي يۈرىدىكەنمىز. ئۇنىڭغا ئۇچرىغاندا، ئاشۇ تىۋش قەلبىمىزدىكى ئىلھام پەرىسىنى ئويغىتىۋەتكەندە بولسا، قەلىمىمىز تەپەككۇر قۇشىغا ئەگىشىپ پەرۋاز قىلىپ كېتىدىكەن. مەن شۇ كۈنى كېچىسى «بەش تۈپ سەگۈ تېرەك» نى يېزىپ پۈتتۈردۈم. كېيىن قايتا - قايتا ئۆزگەرتتىم. سىز ئوبزور يازغان بۇ ھېكايىنىڭ تۇغۇلۇش جەريانى ئاشۇنداق.

مەسۇم تومۇچۇقنىڭ پروتوتىپى بار دېگەنلىكىم ئېنىق يادىمدا يوق، لېكىن بۇ پېرسوناژنىڭ پىروتوتىپىمۇ يوق ئەمەس. 1977 - يىلى پەيزاۋات ناھىيىسىگە خىزمەتكە بارغان بىر دوستۇم ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، ئەترەتتە ئۇزۇن يىل سېكرېتار بولۇپ ئىشلەپ قېرىپ كەتكەن بىر پېشقەدەم كوممۇنىستىنىڭ يالغۇز ئوغلى ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەندە گۆڭشې ئورگىنىدىكى دەرۋازىغا ئۇسسۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى يىغلاپ تۇرۇپ ھېكايە قىلىپ بەرگەنىدى. نېمىشقىدۇر ئاشۇ ھېكايە يادىمدا ساقلىنىپ قاپتۇ. مەن 1956 - يىلدىكى كوپېراتسىيە ۋەقەسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. يەنە تاغام (دادامنىڭ ئاكىسى) نىڭ بىر ئۆمۈر جاپا چېكىپ، بايمۇ بولالماي، شاد - خۇراملىقنىمۇ كۆرەلمەي، ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئېشەك ھارۋىسىنىڭ چاقىنى سېتىۋالغان بولسىمۇ، ئېشەك سېتىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى يادىمدا ئىدى. مەن «بەش تۈپ سەگۈ تېرەك» نى يېزىۋاتقاندا، ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى كۆز ئالدىمدا قايتا گەۋدىلەندى. مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەسۇم تومۇچۇقنىڭ كەچمىشلىرىگە قېتىپ قويدۇم. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەسۇم تومۇچۇقنىڭ پىروتوتىپى دېسەم ئارتۇقچە بولماس. سىز بىلىسىز، پىروتوتىپ دېگەن بىرلا ئادەم بولۇشى ناتايىن. مەن يەنە نۇرغۇن ئاجىزجاڭلارنى، قادىر قوتازلارنى، كىچىك ھاكىملارنى كۆرگەن. شۇڭا ھېكايىدىكى ئاجىزجاڭ، قادىر قوتازلارنىمۇ پىروتوتىپسىز دەپ ئېيتالمايمەن. تولۇقلىما ئەلۋەتتە ئەمەلىي تۇرمۇش ئاساسىدا بولىدۇ.

مەسۇم تومۇچۇق ئىجابىي ئوبرازمۇ، سەلبىي ئوبرازمۇ ئەمەس، ئۇ پەقەت ھاياتتىكى تىرىك ئادەمنىڭ ئوبرازى. ئەدەبىياتىمىزدا ئوبرازلارنى «ئىجابىي»، «سەلبىي» دەپ ئايرىپ تەھلىل قىلىدىغان رامكىغا قارشى ئوبزورلار خېلى كۆپ ئېلان قىلىندى. شۇڭا بۇ يەردە ئۇ ھەقتە توختالمايمەن. مەسۇم تومۇچۇق ھاياتنى، باي - باياشاتلىقنى، باللارنى سۆيۈش بىلەن ئىجابىي، لېكىن ھايات يولىدا توسقۇنلۇقلارغا قارشى دادىل كۈرەش قىلالماسلىقى بىلەن سەلبىي. ئۇ ھەتتا لۇشۈننىڭ ئاكىيوسىغىمۇ يەتمەيدۇ. ئاكىيو ھېچ بولمىغاندا «ئىنقىلابچىلار مېنى ئويغاتماي كېتىپتۇ» دەپ خاپا بولىدۇ. مەسۇم تومۇچۇق بولسا، ھەتتا ئۆزىگە كەلگەن پېشكەللىكلەردىن ئاغرىنىشنىمۇ بىلمەيدۇ، لېكىن مەن ئۇنى قامچىلىمىدىم، ئۇنىڭغا پەقەت ئېچىندىم، خالاس.

كېيىن ئۇنى «يېڭى قاشتېشى» دىكىلەر ئىشلەتتى. بۇ ھېكايەم «تارىم» نىڭ «تەرمە گۈللەر» سەھىپىسىگىمۇ تاللاندى. سىز ئۇ ھەقتە ئوبزورمۇ يازدىڭىز. مېنى ئەڭ مەمنۇن قىلغان ئىش يەنىلا كىتابخانلارنىڭ ئىنكاسى بولدى. يادىڭىزدا بارمۇ، ھېكايىدا مەن «بىر تۈپ سەگۈ تېرەكتىن سەككىز مېتىرلىق بىر دانە لىم، تۆت مېتىرلىقتىن ئىككى بالا، يەنە بىر دانە تۈۋرۈك چىقتى دەپ يازغانىدىم. يىراق يېزىدىكى بىر تونۇشۇم ماڭا خەت يېزىپ، مېنى «سىز سەگۈ تېرەكنى كۆرمىگەنمۇ؟ سەگۈ تېرەك ئەڭ ئېگىز ئۆسسە، 15 مېتىرچە ئۆسىدۇ. ئەڭ كۆپ بولغاندا، ئىككى دانە بالالا كېسىشكە بولىدۇ» دەپ تەنقىد قىلدى. راستىنىمۇ شۇنداق ئىكەن. مېنىڭ سەگۈ تېرەك ھەققىدە يازغىنىم خۇددى «ئانار دەرىخىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، سۆيگىنىگە ئانار ئۈزۈپ بەردى»، «ئانا بۇغىنىڭ مۈڭگۈزى شاخلاپ

كەتكەنتى» دېگەندەك گەپ بولۇپ قاپتۇ. بۇ تەنقىدتىن تېخىمۇ خۇشال بولدۇم. بۇ مېنىڭ كېيىنكى يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىمدە تۇرمۇشنى پىششىق ئۆگىنىشىمگە، ئەڭ ئۇششاق دېتاللار تەسۋىرىدىمۇ ئەمەلىيەتنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشۈمگە تۈرتكە بولدى.

**سوئال:** بىز قايسى بىر يىلى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ «تەرمە گۈللەر» سەھىپىسىگە سىزنىڭ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان «ئۇ دۇنيادىكى سوراق» ناملىق ھېكايىڭىزنى تاللىغانلىقىمىز تېخىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. مەزھەپچىلىك، يۇرتۋازلىق ئىللەتلىرى ماھىرلىق بىلەن قامچىلانغان ۋە ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان بۇ ھېكايىڭىز شۇ چاغدا بىزگە ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك ئېستېتىك زوق بېغىشلىغانىدى. ئەينى يىللاردا تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابدۇكېرىم خوجايېۋ، ئابلىز نازىرى قاتارلىق ئۇستازلارمۇ سىزنىڭ بۇ ئەسىرىڭىزگە يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، سىز بۇ ھېكايىڭىزدا چۈش تەسۋىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارقىلىق ئاجايىپ بىر خىل بەدىئىي دۇنيا ياراتقان. سىز ياراتقان بۇ بەدىئىي دۇنيادىكى ئوبرازلار يۈكسەك غايىۋى تۈسكە ئىگە قىلىنغان. مېنىڭچە، «ئۇ دۇنيادىكى سوراق» سىزنىڭ رېئالىزم توغرىسىدىكى چۈشەنچىڭىزنىڭ ئەينى يىللاردىلا خېلى چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. سىزگە مەلۇم، ھازىر چىڭغىز ئايتماتوۋمۇ، گارسىيا ماركوزمۇ ئۆزلىرىنى «رېئالىزمچى» دەپ ئاتاۋاتىدۇ. ئەمما ئۇلار سېھرى تۈس ئالغان ياكى چۆچەك، رىۋايەت شەكلىدىكى ئەسەرلەرنى يېزىۋاتىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، ھازىر كىشىلەر رېئالىزم توغرىسىدىكى قاتمال، يۈزە، بىر تەرەپلىمە چۈشەنچىلەردىن يىراقلاشتى. ئۇلارنىڭ رېئالىزم ئۈستىدىكى ئىزدىنىشى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ. ئۇلار رېئالىزمنى چەكسىز تەرەققىي قىلىدىغان سىستېما دەپ قارىماقتا. بۇنى يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. سىزنىڭ «ئۇ دۇنيادىكى سوراق» ناملىق ھېكايىڭىز گەرچە بەدىئىي تەسەۋۋۇر كۈچى ئارقىلىق بىر خىل سېھرىي تۈسكە كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن يەنىلا قويۇق رېئالىستىك روھ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. مۇشۇ ھېكايىڭىزنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى، ئوبرازلىرى ۋە ئۇنىڭدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن بەدىئىي غايە توغرىسىدا سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟

**جاۋاب:** يۇرتۋازلىق، مەزھەپچىلىك، گۇرۇھۋازلىق، مىللەتچىلىك قاتارلىقلارنىڭ ناچار خاھىش ئىكەنلىكى ھەممەيلەنگە مەلۇم. بۇنداق يامان ئىللەتلەرنى قامچىلاش ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى سىزمۇ بىلىسىز. مەن يۇرتۋازلىق، مەزھەپچىلىك، گۇرۇھۋازلىقنىڭ خەلقىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىدا قاچاندىن باشلاپ پەيدا بولغانلىقىنى بىلمەيمەن. بەلكىم بەكمۇ ئۇزۇن بولغاندۇ. لېكىن ئاپپاق خوجا دەۋرىدە بۇنداق تەپرىقىچىلىقنىڭ ئەڭ غالجىرلاشقانلىقى ھەممەيلەنگە ئايان. ئاشۇ جاھالەتلىك يىللاردا «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» دېگەن گۇرۇھلار ھەتتا بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشكە، ھاكىمىيەت ئاساسىنى تەۋرىتىپ، جۇڭغارلارنى باشلاپ كېلىشكىچە يەتكەنتى...

ئازادلىقتىن كېيىن خەلقىمىزنىڭ روھىي، ئەخلاقىي، مەدەنىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى. لېكىن يۇرتۋازلىقتەك مەدەنىيەتسىزلىكنى، گۇرۇھۋازلىقتەك، مەزھەپچىلىكتەك روھىي ئاجىزلىقنى، بىر ـ بىرىگە ئورا كولاش، ھەسەت قىلىشتەك ئەخلاقسىزلىقنى تۈپ ئاساسىدىن تۈگىتەلمىدۇق. شۇڭا مۇشۇنداق ناچار ئىللەتلەرنى قامچىلاش، خەلقىمىزنى روھىي، ئەخلاقىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىن تەربىيىلەش قەلەم تەۋرىتىۋاتقانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان مەقسىتىگە ئايلاندى ۋە نۇرغۇن يازغۇچى، شائىرلىرىمىز مۇشۇ تېمىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. يەنە نۇرغۇن يازغۇچى، شائىرلار مۇشۇ تېمىدا ئەسەر يېزىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. مەنمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدىم، ئەلۋەتتە.

يۇرتۋازلىق، مەزھەپچىلىك، گۇرۇھۋازلىقنى تەنقىد قىلىدىغان ئەسەر يېزىشتا باشقىلار تۇتمىغان يولنى، باشقىلار بايقاپ يەتمىگەن دېتالنى تاللىمىغاندا، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقى ماڭا مەلۇم ئىدى. چۈنكى سىز بىلىسىز، بۇ ناھايىتى كۆپ غاجالغان تېما. كۆپ غاجالغان ئىكەن، ئەلۋەتتە تەمى كەتكەن بولىدۇ. ئۇنىڭغا تەم كىرگۈزۈش ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى، ھېچكىم دىققەت قىلمىغان دېتالنى تاللاش كېرەك. مەن كۆپ ئويلاندىم، لېكىن قولۇمغا يەنىلا قەلەم ئالالمىدىم. مېنىڭ كونا خاتىرىلىرىمنى پات ـ پات ۋاراقلاپ قويىدىغان بىر ئادىتىم بار. بىر كۈنى 1976 ـ يىلى ئىشلەتكەن بىر خاتىرەم قولۇمغا چىقىپ قالدى. ئۇنىڭدا «ئاقائىد زۆرۈرىيە» دېگەن كىتابتىن كۆچۈرۈلگەن «شەرايىتىل ئىمان» تۇرۇپتۇ. يادىمغا كەلدى. بۇ 1976 ـ يىلى گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ سەنتۇڭ دېگەن يېرىدە لۇشيەن تەربىيىسى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ قاتارىدا رەجەپ ئاكا دەپ ئاتىلىدىغان موللا ئادەمنىڭ ئۆيىدە تۇرغاندا كۆچۈرگەن نەرسىلىرىم ئىدى. سىز بىلىسىز، مېنىڭ دىن توغرىسىدا بىلىمىم يوق. ئاشۇ «شەرايىتىل ئىمان» نى نېمە سەۋەبتىن خاتىرەمگە كۆچۈرگەنلىكىمنى ھازىر ئەسلىيەلمەيمەن. ئەمدى قولۇمغا چىقىۋىدى، كۆرۈپ چىقتىم. «شەرايىتىل ئىمان» ئۆلگەن ئادەم ئۇ دۇنياغا بارغاندا مۇنكىر ـ نەكىرلەر سورايدىغان سوئاللار ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋابلار ئىدى. پەرىشتىلەر سورارمىش: «سەن كىمنىڭ مەزھىپىدە دۇرسەن؟»

ئۆلگۈچى جاۋاب بېرەرمىش: «مەن ئىمامى ئەزەم رەھمەتۇللا ئەلەيھىنىڭ مەزھىپىدەدۇرمەن.» گوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە ھەيران قالدىم. بۇ دۇنيادىغۇ مەزھەپ بولسۇن، مەزھەپ سۈرۈشتە قىلىنسۇن، ئۇ دۇنيادىمۇ سورالغىنى، سۈرۈشتە قىلىنغىنى نېمىسى؟ خۇدامۇ، پەرىشتىلەرمۇ مەزھەپچىـــــــدۇ؟ گۇرۇھۋازمىدۇ؟

شۇنىڭ بىلەن تۇيۇقسىز ئىلھام چاقماق چاقتى. ئىزدەپ يۈرگەن ھېكايە دېتالىنى تېپىۋالدىم. ئەسەرنى يېزىشقا كىرىشتىم. لېكىن ئىنسانلار نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى چوقۇنۇپ، ئۇلۇغلاپ كەلگەن ئاللا بىلەن پەرىشتىلەرنى مەزھەپچىلىكنىڭ ئىپلاس يۇندىسىدە بۇلغىغىم كەلمىدى. ئۇلارنى مەزھەپچىلــــــك، گۇرۇھۋازلىق، يۇرتۋازلىق، مىللەتچىلىككە قارشى تۇرىدىغان ئورۇنغا قويدۇم. يازماقچى بولغان ھېكايە دېتالى تاللانسا، ھېكايە شەكلى ئۆزلىكىدىن مەيدانغا كېلىدىكەن. بۇ ئېھتىمال نەزەرىيىچىلىرىمىز دەپ يۈرگەن مەزمۇن شەكىلنى بەلگىلەيدۇ دېگەن گەپ بولسا كېرەك. ھېكايىدىكى ساۋۇتنى پەرىشتىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرمىسام، مەقسىتىمنى ئوتتۇرىغا قويالمايتتىم. ئۇنى پەرىشتىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى چۈش تەسۋىرى دەپ ھېسابلىدىم. شۇڭا مەزھەپچى ساۋۇتنىڭ چۈشىنى تەسۋىرلىدىم. ئاخىرىدا مەزھەپچىلىك، گۇرۇھۋازلىق، يۇرتۋازلىق ئىللەتلىرىگە ياخشى ئادەملەرلا ئەمەس، ئاللامۇ، پەرىشتىلەرمۇ قارشى تۇرىدۇ دېگەن ئاساسىي مەقسىتىمنى ئىپادىلىدىم... شۇنداق قىلىپ «ئۇ دۇنيادىكى سوراق» مەيدانغا كەلدى. ھېكايىنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىغا كەلسەك، بىزنىڭ ھېكايىچىلىقىمىزدا چۈشنى تەسۋىرلەش خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. پېرسوناژلارنىڭ قانداق چۈش كۆرۈشىنى ھېكايىنىڭ باش تېمىسى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا مەن سېھرى رېئالىزم ئۇسۇلى بىلەن ئىجاد قىلىنغان دېگەن قاراشقىمۇ، سىموۋۇلىستىك ئۇسۇل قوللىنىلغان دېگەن قاراشقىمۇ قوشۇلمايمەن. ئەڭ ياخشىسى بۇنى رېئالىستىك ئىجادىيەت ئۇسۇلى دېگەن توغرۇك.

سوئال: سىزنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 2 - سانىغا بېسىلغان «يېڭى قوشنا» ناملىق ھېكايىڭىزمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىپتۇ. سىزنىڭ بۇ ھېكايىدىكى باست ماشىنىچى ئوبرازى ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان بەدىئىي غايىڭىز پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش بولسا كېرەك. ھېكايىڭىزدىكى «ئەر قوشنا» ئوبرازى ناھايىتى ياخشى چىقىپتۇ. ئۇ تىپ بولالايدىكەن. مېنىڭچە، نۆۋەتتە بۇنداق تىپلا چوڭقۇر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. سىز بۇ ئوبرازنى تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن دەپ قارامسىز؟

جاۋاب: بۇنداق دېسەك سەل ئېشىپ كېتەر. مەن پەقەت ھېكايىدا پارىخورلارنىڭ ئوبرازىنى تەسۋىرلەشتە كۈچ چىقاردىم. تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن - كۆتۈرۈلمىگەنلىكىنى بىلمەيمەن. مەن بۇ ھېكايىدا يانىدىن تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى سىناق قىلدىم، يەنى ھەممە ئىشنى باســـت ماشىنىچىنىڭ كۆزىتىشى ئاستىدا بەردىم. باست ماشىنىچىنىڭ كۆرگەنلىرىنى، ئاڭلىغانلىرىنـــــى، ئويلىغانلىرىنى، ھېس قىلغانلىرىنى يېزىشنى ئاساس قىلدىم. لېكىن يازغىنىم، تەسۋىرلىگىنىم باست ماشىنىچى ئەمەس، بەلكى «يېڭى قوشنىلار»، ئاشۇ پارا ئېلىش ئارقىلىق ئۆي سالغان، ئۆيىنى نازۇ - نېمەتلەر بىلەن تولدۇرغان، خوتۇنىنىڭ گېپىدىن چىقالمايدىغان، ئەل ئىشىنى ئەمەس، شەخسىيىتىنى چىقىش قىلىدىغان «يېڭى قوشنىلار». باست ماشىنىچىنىڭ كۆرگەن، ئاڭلىغان، ھېس قىلغان، ئويلىغانلىرىنى يېزىش ئارقىلىق «يېڭى قوشنىلار» نىڭ قىياپىتىنى، ئىش - قىلىقلىرىنى، ئاقىۋىتىنى تەسۋىرلەپ كۆرسىتىپ بېرىش — ھېكايەمدىكى تۈپ ئالاھىدىلىك.

ھېكايىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازىغا كەلسەك، مەن باست ماشىنىچىنى توقۇپ چىقاردىم. پەقەت ئاشۇ «يېڭى قوشنىلار» نىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىش ئۈچۈنلا ئۇنى يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم. «يېڭى قوشنىلار» بولسا، مەن تالاي كۆرگەن پارىخورلارنىڭ يۇغۇرۇلمىسى. ھېكايىدا تەسۋىرلەنگەن «سومكا سېتىش» ۋەقەسىنى سومكا ساتقۇچى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن. ئۇ راست ۋەقە، لېكىن سومكا ئۈچ تاغار ئەمەس، بەلكى 34 دانە ئىدى. ئاشۇنداق ھەشەمەتلىك ئۆي سېلىنىغانلىقىمۇ راست، لېكىن قالغان ۋەقە، تەپسىلاتلار پۈتۈنلەي توقۇلما. ھېكايىنىڭ ئاخىرىدىكى ئازراق قىسمىغا سېھرى رېئالىزملىق ئۇسۇل بويىچە غەيرى بىر خىل كېسەلنى — دۆي كېسەلنى قوشۇپ قويدۇم. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق كېسەل يوق، ھېلىقى 34 دانە سومكىنى سېتىشقا بەرگەن پارىخور كېسەلگە گىرىپتار بولغىنىمۇ يوق. ئۇ ھېلىمۇ ئۆز ئورنىدا ئىشلەپ يۈرۈپتۇ. لېكىن مەن ھېكايىدا ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىمۇ يازدىم. بۇ پەقەت مېنىڭ ئارزۇيۇملا ئەمەس، بەلكى ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ مۇقەررەر راۋاجى سەۋەبلىك ئاشۇنداق يېزىلدى. مەن بىر كوممۇنىست يازغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن پارتىيىمىزنىڭ پاكلىقىنى قوغدىمىسام بولمايدۇ. بۇ مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم. شۇڭا ھېلىقىدەك ناپاك ئادەملەرنى قامچىلاشنى ئۆزۈمنىڭ كۈرەش ۋەزىپەم ھېسابلايمەن. مەن مۇشۇنداق تېمىدىكى ھېكايىدىن ھازىرغىچە ئۈچ پارچە يازدىم. ھەممىسى ئېلان قىلىندى. قارىشىمچە، شۇلارنىڭ ئىچىدىن «يېڭى قوشنا» بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب چۈشەندۈرىدىغان

سۆزلەرنى ئاز يېزىپ، تەسۋىرلەشكە كۆپرەك ئېتىبار بەرگەنلىكىمدە بولسا كېرەك. نەزەرىيە جەھەتتىن ئاساسلاش، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەش جەھەتتە ئۆبزورچى ئەپەندىلەرنىڭ ياردىمىگە موھتاجمەن.

**سوئال:** سىزنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا بېسىلغان «ئاجايىپ كەسىپ» ناملىق ھېكايىڭىزمۇ ناھايىتى يۇمۇرلۇق يېزىلىپتۇ. سىز بۇ ھېكايىڭىزدا ناتوغرا يوللار بىلەن بېيىۋاتقان كىشىلەرنى مۇبالىغە ۋاستىسىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىش ئارقىلىق كېلىشتۇرۇپ ساۋاپسىز. بۇ ھېكايىنى ئوقۇغان ئادەمنى ئىختىيارسىز كۈلكە قىستايدىكەن. مۇشۇ ھېكايىنى يېزىشىڭىزغا قانداق روھىي كۈچ تۈرتكە بولغانلىقى ئېسىڭىزدىمۇ؟ ھېكايىڭىز ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى تەسىراتىڭىز قانداق بولدى؟

**جاۋاب:** بايلىقتا، باي بولۇشقا، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئىنتىلىش ــ ئىنساننىڭ تۇپ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى. مېنىڭچە، بايلىقتا ئىنتىلىش روھىنى ئەيىبلەشكە ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق. بولۇپمۇ ئۇزۇن يىللار كەمبەغەل ھالەتتە ياشىغان كىشىلەرنىڭ باي بولۇشقا ئىنتىلىش روھىنى مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دېھقانلارنى بېيىتىش شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دېھقانلارنى باي بولۇشقا يېتەكلەش، باي بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش سىياسىتىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى توغرا بولدى. بۇ شوئار ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، جەنۇب يېزىلىرىدا باي بولۇشقا، ھاللىنىشقا تىرىشىش شامىلى چىقتى. نۇرغۇن كىشىلەر توغرا، ھالال كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ياخشىلاپلا قالماستىن، جەمئىيەتكە، مائارىپقا، قولۇم ـ قوشنىلىرىغا ياردەم بېرىدىغان ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى. خەلقىمىزدە «ھېسىپ تەشسە قازانغا تېشىدۇ» دېگەن تەمسىل بار. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، شەخسىيلەرنىڭ بېيىشىمۇ يەنە بىر جەھەتتىن دۆلەتنىڭ بېيىشىغا، قۇدرەت تېپىشىغا ئاساس سالىدۇ. شۇڭا شەخسىيلەرنىڭ بېيىشىنى تەشەببۇس قىلىش، مەدھىيىلەش كېرەك، ئەلۋەتتە. لېكىن بىلىسىز، شامال چىقسا ھەممە نەرسە ئۇچىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەخلەت ـ چاۋا كۆپرەك بولىدۇ. باي بولۇش شامىلى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، بىر قىسىم كىشىلەر توغرا بولمىغان يوللار ئارقىلىق بېيىشقا ئۇرۇنۇشتەك يامان خاھىش كۆرۈلدى. باغچى يېزىسىدا بىر دېھقاننىڭ ياغاقنى ماكلاپ چېقىپ، مېغىزىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئىچىگە شېغىلدەك نەرسىلەرنى قاچىلاپ قايتا يەملەپ ساتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئايرىم كىشىلەرنىڭ زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئېلىپ ـ سېتىشتەك قىلمىشلىرىمۇ پاش بولدى. يالغان دورىلارنى سېتىش، ئەتكەسچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش، تور پاختىغا ماز ئارىلاشتۇرۇپ سېتىش، كىگىز ئەتكەندە گىلەم كېسىندىسىنى قوشۇشتەك قىلمىشلار ھەممە يەردە كۆرۈلدى. ئاشۇنداق ناتوغرا ھادىسىلەرنى ئاڭلاۋەرگەندىن كېيىن قەلبىمدە ئاشۇ خىل قىلمىشلارنى مەسخىرە قىلىدىغان بىرەر نەرسە يېزىش خىيالى تۇغۇلغانىدى. كېيىن بىر شوپۇر ئاغىنەم يەكەن بىلەن قاغىلىق ئارىسىدا بىر ئېشەكنى باستۇرۇۋەتكەنلىكىنى، ئېشەك ئىگىسى مۇتىھەملىك قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، بەش يۈز سوم تۆلەم بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. شۇنداق قىلىپ بېيىش يولىدىكى ناتوغرا ئىشلارنى سۆكۈش مەقسىتىدە «ئاجايىپ كەسىپ»، «شەپقەتچى» دېگەن ھېكايىلەرنى يېزىپ چىقتىم. كۈلكە بولدى. مەسخىرە قىلىشنىڭ مەسخىرە قىلدۇق، لېكىن كېيىنچە ئۆزۈم روھىي جەھەتتىن ئازابلىنىپ قالدىم. نېمىشقا دەڭ؟ باي بولۇش، كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇش يولىدا جان تىكىپ جاپا چېكىۋاتقان بىچارىلەرگە يول كۆرسىتىش، ھېسداشلىق قىلىشنىڭ ئەكسىچە ئۇلارنى مازاق قىلغىنىم مېنىڭ ئەخلاقىمدىكى يوچۇقنى كۆرسىتىپ قويىدى ئەمەسمۇ؟ بولۇپمۇ ئاشۇ ئاددىي دېھقان بىچارىنى مازاق قىلغىنىم، ئۇنى قارا قارغىغا ئوخشاتقىنىم، ئۇنى ئېشەكنىڭ ئۆلۈكىنى ساتىدىغان قىلىپ تەسۋىرلىگىنىم توغرا بولمىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاددىي ئادەملەرنى، دېھقان بىچارىلەرنى مازاق قىلىدىغان ھېكايىنى قايتا يازمىدىم. ئەگەر كېيىن دېھقانلار توغرىسىدا يەنە ئەسەر يېزىپ قالسام، چوقۇم ئۇلاردىن ئۆتكەنكى ئاشۇ ئىشىم ئۈچۈن ئەپۇ سورىغۇدەك بىر نەرسە يازىمەن. ئۇلارنىڭ باي بولۇشىغا، كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇشىغا ئىنتىلىش روھىنى مەدھىيىلەيمەن. بۇ مېنىڭ «ئاجايىپ كەسىپ» نى ئېلان قىلغاندىن كېيىنكى تەسىراتىم.

**سوئال:** سىز «ئامانەت» ناملىق پوۋېستىڭىزدىكى قاسىم ئاخۇن ئوبرازى ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرىنى مەلۇم نۇقتىدىن خېلى روشەن يورۇتۇپ بەردىڭىز. مەن پوۋېستىڭىزدىكى قاسىم ئاخۇن قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ھەر قانداق ئېغىر كۈنلەردىمۇ ئامانەتكە قىلچە خىيانەت قىلمايدىغان، دوستلۇققا چەكسىز سادىق بولۇپ قالىدىغان خىسلىتىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم. سىز بۇ ھېكايە پروتىپلىرىڭىزنىڭ ۋەقەلىكىنى پۈتۈنلەي توقۇپ چىقتىڭىزمۇ؟

**جاۋاب:** «ئامانەت»تىكى ئالتۇن ئوغرىلىنىش ۋەقەسى راستىنلا يۈز بەرگەن. ئۇنى مەن ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان بىر ئاغىنەمدىن ئاڭلىغان. بوۋاي جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۆرۈك تۈۋىگە كۆمۈلگەن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئاچتۇرۇپ بالىلىرىغا مىراس قالدۇرغان، لېكىن بالىلار ھازىدا قالغان چاغدا ئائىلىدىكى ئەڭ كىچىك ئوغۇل ئاشۇ ئۈچ يۈز مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئوغرىلاپ كەتكەن. پوۋېستتا يازغىنىمغا ئوخشاشلا ساقچى تەرەپ ئەنزىنى پاش قىلغان. كىشىلەر ئارىسىدا «بۇ ئائىلە

بۇرۇندىلا كەمبەغەل ئىدى. نەدىن كەلگەن ئالتۇن بۇ؟» دەپ غۇلغۇلا بولغان. كېيىن پېشقەدەملەر بوۋاينىڭ يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا يېزا ساقچىسى بولغانلىقىنى ئەسلەپ، بەلكىم شۇ چاغدا پومېشچىكلارنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرغاندا جايلىۋالغان بولسا كېرەك دېيىشكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ھېچقانداق ئىسپات بولمىغاچقا، بوۋاينىڭ باللىرى ئالتۇن ـ كۈمۈشنى بۆلۈشۈۋالغان...

ئەسلى ۋەقە ئەنە شۇنداق. لېكىن پوۋېستنى يازىدىغان چاغدا ئاشۇ كەمبەغەل بوۋاينى ئوغرى قىلىپ قارىلاشنى لايىق كۆرمىدىم. ئالتۇننى ئامانەت قويۇلغان قىلىپ، قىرىق يىل كۆز قارىچۇقىدەك ساقلىغان ۋە ئەۋلادمۇئەۋلاد ئامانەتكە سادىق بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئالتۇننىڭ ئەسلى ئىگىسىنىڭ چەت ئەلگە كەتكەن ئوغلىغا تاپشۇرۇلغان قىلىپ يازدىم. نېمىشقا ئاشۇنداق قىلىپ ئۆزگەرتىۋەتتىم؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب بىرلا: ئاشۇ دېھقان بىچارىلەرنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى مېنى ئۇلارنى قارىلاشقا يول قويمىدى. بىلىسىزغۇ، ئۇلار تارىختىن بېرى ئاچ ـ يالىڭاچلىقتا ياشاپ كەلدى. جاپا ـ كۈلپەت ئۇلارغا دائىم كۆلەڭگىدەك ھەمراھ بولدى. ئۇلار گەرچە ئاشۇنداق ئاچ ـ زارلىقتا ياشاپ كەلسىمۇ، لېكىن يېزىلاردا دېھقانلار ئارىسىدا ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاراقچىلىقتا ئوخشاش جىنايەت ئەنزىلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز سادىر بولىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئاق كۆڭۈل، ھالال، دىيانەتلىك ئەرىپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەنمۇ ئەسىرىمدە ئاشۇنى گەۋدىلەندۈرۈشۈم لازىم ئىدى. شۇنداق قىلغىنىمدىلا رېئاللىققا ئۇيغۇن بولاتتى. ئاخىرى سىز كۆرگەندەك يازدىم. قاسىم ئاخۇن، ھەسەن ئاخۇنلاردىن تارتىپ قادىر ئاخۇن، سادىر ئاخۇن، ئابدۇللالارغىچە ھەممىسىنى ۋاپادار، دىيانەتلىك، ئاق كۆڭۈل، دوستلۇققا سادىق قىلىپ تەسۋىرلىدىم. مېنىڭچە، ئاشۇنداق يازغىنىم توغرا بولدى. خەلقىمىزنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىنىڭ كىچىككىنە بولسىمۇ بىر قىسمى ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

ئەسەر تازا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقمىدى. قوپال، سۇلكەتسىز يېزىلىپ قالدى. ئالدىراپ ئېلان قىلغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم. ئېسىڭىزدە باردۇر، پوۋېستتا مەن قاسىم ئاخۇن بىلەن ھەسەن ئاخۇننىڭ دوستلۇقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، 30 ـ يىللاردىكى ماخوسەنگە قارشى قوزغىلاڭنىڭ كىچىككىنە بىر بۆرجىكىنىمۇ يازغانىدىم. ئەگەر ئالتۇنلارنى ئاشۇ قوزغىلاڭنىڭ قوزغىلىش مەبلىغى قىلىپ (كىشلەر ئىشانە قىلغان)، كېيىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلەلمەي قالغاچقا، تاھازىرغىچە ساقلانغان قىلىپ يازغان بولسام، تېخىمۇ ياخشى چىققان بولاتتى. قورۇلمىسىغا، تىلىغا يەنە ئىشلىگەن بولسام، ئۆزۈم كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكەن بولاتتىم. ھەيھات، ئەمدى ئىش ئۆتتى. ئاتقان ئوقنى قايتۇرۇپ بولماس. بۇمۇ بەلكىم ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ بىر دەۋرلىك ئىجادىيىتىمدىكى خاملىقىمنىڭ تارىخى بولۇپ قالار.

سوئال: سىز ئۆزىڭىزنىڭ قايسى ئەسەرلىرىنى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە دەپ قارايسىز؟

جاۋاب: ئۆزۈمنىڭ قايسى ئەسىرىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىم ئومۇمەن ھەجمى كىچىك، ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسى تار، يېزىلىشى ئەنئەنىۋى ھېكايىچىلىقنىڭ چېگرىسى ئىچىدە بولۇپ كەلدى. نېمىشقىدۇر ھېكايىلىرىمدىن قانائەتلەنگەن ۋاقتىم يوق. ھەر قېتىم ئېلان قىلىپ بولغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىمەن. بۇنىڭ سەۋەبىنىمۇ بىلمەيمەن. سىز مېنىڭ ھېكايىدىن باشقا نەسر ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىغانلىقىمنى بىلىسىز. ھېكايىلىرىمغا قارىغاندا نەسرلىرىمدىن بەكرەك رازىمەن. نەسر قىسقا يېزىلىدىغان بولغاچقا، پىكىرلەرنى بىر قەدەر ئىخچام ئەكس ئەتتۈرۈشكە، ئوبرازلىق تەپەككۇردىنمۇ، لوگىكىلىق تەپەككۇردىنمۇ پايدىلىنىشقا بولىدىكەن. شۇڭا نەسرلىرىمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەر مېنى بىر قەدەر رازى قىلىدۇ. لېكىن بۇ گېپىمدىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىم — نەسرلىرىم دېگەن مەنە چىقمايدۇ. ئېھتىمال، مەن تېخى ھازىرغىچە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر يازالمىغان بولسام كېرەك.

سوئال: سىز پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى قانداق سۈرەتلەيسىز؟ بۇ جەھەتتە قانداق تەجرىبىلەرنى توپلىدىڭىز؟ بۇنى كونكرېت ئەسەرلىرىڭىز بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟

جاۋاب: پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى سۈرەتلەشتە رەڭ بەرمەسلىك، ئەسلى، چىن ھالىتىنى ساقلاشقا تىرىشىش — مېنىڭ تەجرىبەم، شۇنداقلا مەندىن بۇرۇنقىلارنىڭمۇ تەجرىبىسى. پېرسوناژلار خاراكتېرى قانچە ھەقىقىي بولسا، ئۇنىڭ ئىشەندۈرۈش، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى شۇنچە زور بولىدۇ. بىز يەنە «بەش توپ سەگۇ تېرەك»نى ئەسلەيلى. مەسۇم تومۇچۇقنىڭ خاراكتېرى ھاياتنى سۆيىدىغان، باياشات تۇرمۇشقا ئىنتىلىدىغان، لېكىن ياۋاش، كالدەك ئىشلەشنى بىلىدىغان دېھقان بوۋاينىڭ خاراكتېرى. ئۇنىڭدا ياۋاشلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەگەر مەن ئۇنى سۈرەتلەۋاتقان چېغىمدا ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىش روھى ئاتا قىلغان بولسام، يەنى ئۇ ئوغلى ئۈچۈن ئىككى جىڭ ئاق ئۇن بەرمىگەن دۈيجاڭنى دۇمبالىغان بولسا ياكى ئاجۇيجاڭ بەش توپ سەگۇ تېرەكنى ئەكەتكەن چاغدا ياغاچقا ئېسىلىپ تۇرۇۋالغان بولسا، ئۇ دېھقان بوۋايغا ئوخشىماي قالاتتى. ئۇنىڭ خاراكتېرىمۇ چىن، ھەقىقىي دېھقان بوۋاينىڭ

خاراكتېرى بولماي قالاتتى. مەن ئۇنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشتا پەقەت ئۇنىڭ ياۋاشلىقىنىلا ئەكس ئەتتۈرىدىغان تۇرمۇش دېتاللىرىنى بىر يىپقا ئۆتكۈزۈپ قويدۇم، خالاس. يەنە «يېڭى قوشنا» دىكى دۆي كېسەلنى ئالايلى. ئۇ يەپ تويمايدىغان نەپسانىيەتچى يەپ ھارمىغانلىقتىنلا ئاشۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولغان. ئەگەر مەن ئۇنى تەسۋىرلەۋاتقاندا ئۇ، دوختۇرخانىغا ئۆتىدىغان يولدىكى كىچىك بازاردا سېرىق لەغمەن، لەڭپۇڭ، كاللا ـ پاچاقتا پەرۋاسىز قاراپ ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ئىش ئۇنىڭ يەپ تويماس خاراكتېرىگە ئۇيغۇن كەلمەي قالاتتى ـ دە، ئوبرازنىڭ چىنلىقىغا تەسىر يېتەتتى. پېرسوناژ خاراكتېرى توغرىسىدا مۇشۇنچىلىك توختىلاي. ئاخىرىدا كونا گەپنى تەكرارلايمەن. ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىدىكى ۋە ئوقۇغۇچىنى تەسىرلەندۈرۈشتىكى تۈپ سەۋەب ئۇنىڭ چىن بولۇشىدا.

**سوئال:** سىز ئەسەرلىرىڭىزنىڭ تىلىغا قانداق ئىشلەيسىز؟ بۇ جەھەتتىكى تەسىراتلىرىڭىزنى ئاڭلىغۇم كېلىۋاتىدۇ؟

**جاۋاپ:** مەن ئەسەرلىرىمنىڭ تىلىغا ئىشلەشتە جۈملىلەرنىڭ گۈزەل بولۇشىغا، ئوبرازلىق تىل بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىمەن. ئەدەبىيات تىل سەنئىتى ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. رەسساملىقنىڭ قورالى رەڭ ۋە سىزىق. بىزنىڭ قورالىمىز بولسا، ئوبرازلىق تىل. ئەگەر بىز تىلنى ياخشى تاللاپ جايىدا ئىشلىتەلمىسەك، خۇددى رەڭدىن پايدىلىنالمىغان رەسسامغا ئوخشاپ قالىمىز. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىشلىتىلگەن تىل ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. جۈملىلەر راۋان ۋە بەلگىلىك رىتىمدە بولمىسا، ئوقۇغۇچى كۆڭۈلسىزلىنىپ قالىدۇ، تەسۋىرلەۋاتقان ھالەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيدۇ. چۈشىنىكسىزلىك ھېس قىلىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، چوقۇم ئوبرازلىق تىل ئىشلىتىش، جۈملىلەرنىڭ گۈزەل بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك. قىسقىسى، «ھەسەن دوختۇرنىڭ يېنىدا بارمىغان ئۆيى قالمىدى» دەپ يازغاندىن كۆرە «ھەسەن دوختۇرنىڭ يېنىدا ئاتلىمىغان بوسۇغىسى قالمىدى» دەپ يازغان ياخشى. كېيىنكىسى ئوبرازلىق بولۇپ، ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا ئوچۇقلا گەۋدىلىنىدۇ.

مەن نەسىر ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىمەن. يازغۇچى نەسىردە ئۆز مەقسىتىنى ۋەقەلىك ياكى ھادىسىلەرگە تايىنىپ ئەمەس، گۈزەل تىلغا، راۋان جۈملىلەرگە تايىنىپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. نەسىر يېزىش تىل ئىشلىتىشنى مەشىق قىلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى. شۇنداق بولغاچقا، ھازىرغىچە يازغان ئەسەرلىرىمنىڭ تىلىدا ئانچە چوڭ نۇقسان يوق. ئەسەرنىڭ جۈملىلىرىنى قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىش — تىل ئىشلىتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى.

**سوئال:** سىز ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا قانداق ئۇسلۇب ياراتتىڭىز؟ قايسى يازغۇچىلارنىڭ ئۇسلۇبىغا قىزىقىسىز؟ سىز قايسى يازغۇچىلارنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىدىڭىز؟

**جاۋاب:** ئىجادىيەت جەريانىدا قانداق ئۇسلۇب ياراتتىڭىز دېگەن سوئالغا جاۋاب بەرمەك ھەر قانداق بىر يازغۇچى ئۈچۈن ئوڭاي ئەمەس. بولۇپمۇ ماڭا ئوخشاش يېڭى چوڭ «ياش يازغۇچى» ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. ئۇسلۇب يارىتالىدىممۇ ـ يوق، بۇنى بىلمەيمەن. ئەمما ماڭا چېرنىشۇسكىدىن كۆرە گوگول، گوركىدىن كۆرە چىخوپ كۆپرەك ياقىدۇ. ئومۇمەن شۇلارنىڭ ئۇسلۇبىغا مايىللىقىمدىن شۇنداق بولسا كېرەك. جۇڭگو ئەدەبىياتىدا ماۋدۈندىن كۆرە لۇشۈننى بەكرەك ياقتۇرۇپ كەلدىم. ئۆزۈم ئۈچۈن ئېيتقاندا، زۇنۇن قادىرنىڭ ئۆمەر مۇھەممىدىدىن قەدىرلىكرەك تۇيۇلىدىغانلىقىمۇ، ياش يازغۇچىلار ئىچىدە توختى ئايۇپ بىلەن ئەختەمنى بەكرەك ھۆرمەت قىلىشىممۇ شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك. كىمنىڭ تەسىرىگە بەك ئۇچرىغانلىقىمنى ئېنىق ئىزھار قىلالمىساممۇ بولار. ئومۇمەن مەن لۇشۈننىڭ ئەسەرلىرىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىققانمەن. «ئۆلۈك جانلار»نىمۇ تالاي قېتىم ئوقۇغانلىقىم يادىمدا.

**سوئال:** سىز ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قاچاندىن باشلاپ كىرىشتىڭىز؟ تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنغان نەشرىي ئەسىرىڭىز قايسى؟

**جاۋاب:** نەسرىي ئەسەرلىرىمنىڭ تۇنجىسى 1984 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان. دېمەك ئاشۇ ۋاقىتنى ئىجادىيىتىمنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى دېيىشكە، ئۇزۇنغا سوزۇلغان تەييارلىق مەزگىلىنى يوشۇرۇپ قېلىشقا ھەقلىقمەن. تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنغان نەسرىي ئەسىرىمنىڭ ماۋزۇسى — «بويناق ھەققىدە خاتىرە»، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، مەن ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نەسرىي بولمىغان ئەسەرلەرنىمۇ ئېلان قىلغان.

**سوئال:** سىز ھازىر قايسى ئەسەرلىرىڭىز ئۈستىدە ئىشلەۋاتىسىز؟ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيەت پىلانىڭىز قانداق؟

**جاۋاب:** دۇنياغا كۆز ئاچماقچى بولغان ئاشۇ نەرسىلەر ئۆلۈك تۇغۇلامدۇ، مەجرۇھ ھالەتتە تۇغۇلامدۇ ۋە ياكى يورۇق دۇنيانى كۆرەلەمدۇ؟ بۇنىڭغا ھازىرچە ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى خاتىرىلەشنى داۋام ئەتتۈرۈش مېنىڭ كۆڭۈل ئارامىم. نېمىشقىدۇر ھەر

قېتىم يېڭى بىر نەرسە پۈتتۈرگىنىمدە كۆڭلۈم ئارام تېپىپ قالغاندەك، قەلبىمدە يىغلىپ قالغان چۈشىنىكسىز دەردلىرىمنى تۆكۈپ تاشلىغاندەك ھېسسىياتتا بولىمەن. قارىغاندا مەن يېزىقچىلىقنى ئۆزۈم ئۈچۈن قىلسام كېرەك. بۇ مېنىڭ ئەدەبىيات بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەنلىكىمنى كۆرسىتىدۇ.

**سوئال:** سىز ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن رازىمۇ؟

**جاۋاب:** بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشكە قايسى كۆزنىتىش نۇقتىسىدا تۇرۇش، يەنى پايدىلىنىش نۇقتىسىنى قانداق تاللاش مۇھىم مەسىلە. مېنىڭچە ئۆتمۈشنى پايدىلىنىش نۇقتىسى قىلىپ تاللاش — كونسېرۋاتىپلارنىڭ، ئۆز كۆڭلىگە تەسەللى بەرگۈچىلەرنىڭ ۋە ياكى نادانلارنى ئالدىغۇچىلارنىڭ ۋاستىسى. بىز سىز بىلەن ئوچۇق - يورۇق سۆزلىشىۋاتقان چېغىمىزدا، بۇ نۇقتىدىن پايدىلانماسلىقىمىز كېرەك. بىز يىراق كەلگۈسى مەنزىلنى ياكى باشقا ئەللەر، باشقا مىللەتلەر يېتىپ بېرىپ بولغان مەنزىلنى پايدىلىنىش نۇقتىسى قىلىپ تاللايلى.

بىزدە ھېكايىچىلىق دەسلەپكى ئاساسقا ئىگە بولدى. پوۋېست ئىجادىيىتىدىمۇ ئۇل قۇرۇلدى. رومانچىلىق بولسا، تېخى ئەمدىلا باشلىنىۋاتىدۇ. بىزدە تېخى شەكىللەنمىگەن، ئەڭ باشلانغۇچ ئۇلغىمۇ ئىگە بولمىغان ژانىرلار يەنىلا مەۋجۇت.

مەسىلەن، خاتىرە ئەدەبىياتى (ئەدەبىي ئاخبارات) نى ئالايلى. بۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن سوۋېت ئەدەبىياتىدا، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئەدەبىياتىدا ئىنتايىن گۈللىگەن بىر ژانىر. 80 - يىللاردا خەنزۇ ئەدەبىياتىدىمۇ خاتىرە ئەدەبىياتى مىسلىسىز گۈللىنىشكە ئېرىشتى. كىتابخانلارنى جەلپ قىلىش نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ھەر قانداق ئىجادىي ئەدەبىياتنى بېسىپ كەتتى. لېكىن بىزدىچۇ؟ خاتىرە ئەدەبىياتقا دائىر خېلى كۆپ نەرسىلەر ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى چاغلىق. جەلپ قىلىش كۈچى ئاجىز، چېتىشلىق دائىرىسى تار، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى نۇقتىسىدىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىز تېخى خاتىرە ئەدەبىياتى شەكىللەندى دېيىشكە ھەقلىق ئەمەسمىز. خاتىرە ئەدەبىياتى — سىزگە مەلۇم، ئىجادىي ئەدەبىياتنى خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدىغان، كىتابخانلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈش نۇقتىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم مەنبە. ئۇ تېخىچە شەكىللەنمىسە، شەھەرلەردە دىمىق ئۆيلەرگە كىرىۋالغان يازغۇچىلىرىمىز قايسى يول ئارقىلىق ئۇچۇرغا ئىگە بولىدۇ؟ جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قاتلىمىنى نېمىگە ئاساسەن چۈشىنىدۇ؟

ئەمدى سىز شۇغۇللىنىۋاتقان ئەدەبىي تەنقىدكە كېلەيلى. بىزدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنى بارماق بىلەن ساناشقا بىرەر مىنۇتمۇ ۋاقىت كەتمەيدۇ. 10 مىليونغا يېقىن نوپۇسقا ئىگە، نەچچە مىڭ شائىر، يازغۇچىسى بار مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يەتمەيدىغان ئەدەبىي تەنقىدچى بەكمۇ ئازلىق قىلىدۇ. سىزگە مەلۇم، يازغۇچى يول كۆرسەتكۈچىلەرگە، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەشكە ياردەملەشكۈچىلەرگە، ئۆزىگە ئىلھام بەرگۈچىلەرگە مۇھتاج. يازغۇچى بىرەر ئەسىرى ئارقىلىق مەلۇم بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويسا، لېكىن جەمئىيەتتىن ئۇنىڭغا ئەكس سادا جۇر بولمىسا، ئاشۇ پىكىرنى كەڭ تارقىتىش ئۈچۈن ھە - ھۇچىلار چۇقان كۆتۈرمىسە، بۇ ئاشۇ پىكىر ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر پاجىئە. بۇ ئاشۇ پىكىر — ئاشۇ ئەسەرنىڭ دىققەتنىڭ سىرتىدا قالغانلىقىنى ياكى بۆشۈكىدىلا بورۇختۇم بولۇپ بوغۇلۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يازغۇچى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق ئازاب يوق. تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ۋاقتىدا مەشقاۋۇل (جاۋلىيەن) نىڭ رولىمۇ، سىرتتىكى ھە - ھۇچىلارنىڭ رولىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. مېنىڭچە، بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىز يېتەكچىلىك رولىنىمۇ، ھە - ھۇچىلىق رولىنىمۇ ئۆتەيدىغان قوشۇن. ئۇ، يازغۇچى بىلەن مۇھەررىر ئوتتۇرىسىدا، يازغۇچى بىلەن كىتابخان ئوتتۇرىسىدا قەلبتىن - قەلبكە يول ياسايدۇ. ئۇنىڭسىز شۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر بىرلىكى، ھېسسىيات بىرلىكى، ھەۋەس - زوقلىنىش بىرلىكى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بۇلاردىكى بىرلىك ئەمەلگە ئاشمىسا، يەنە نۇرغۇن پاجىئەلەر يۈز بېرىدۇ. مېنىڭچە، بىزدە يېتەرلىك ئەدەبىي تەنقىدچىلەر قوشۇنىنىڭ شەكىللەنمەسلىكى ئەدەبىياتىمىزدىكى يۈكسىلىش سۈرئىتىنىڭ ئاستا بولۇپ قېلىشىدىكى بىر سەۋەب.

ئەدەبىياتىمىزدا شەكىللەنمىگەن ياكى ئاجىز ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ژانىرلارغا كۈچ — تەربىيىلەش ۋەزىپىسىدىن باش تارتىش — ئاقىلانىلىق ئەمەس. بۇ ۋەزىپىنى ئەدەبىيات - سەنئەت مەمۇرىي تارماقلىرى ۋە ئەدەبىي ژۇرناللار ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئەدەبىياتىمىزدىكى ھەممە ژانىرلارنى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرەلەيمىز. مەن ياشلارنىڭ كۆپرەك ئاشۇ ئارقىدا قالغان ژانىرلارغا دىققەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

*تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى

# نۇر ياپرىقى كۆمگەن شېرىن چۈش

## شېئىرنىڭ ئېنىقلىمىسى

سۆز ماۋسۇمى ئىللىق شۇقەدەر،
كۆيلىگەنگە توگىمەس زىنھار.
زەڭگەر ئاخشام، چىركىن يوپۇرماق.
كۆز دالاسى ئۈنىنغان گۈلزار.

نۇر تەپچىگەن يىگانە قەلبىم،
ئاق پەيلەرنىڭ خورسىنىشلىرى.
سۆزۈككىنە قىلار تەبەسسۇم،
خاتىرەمدە بىر تال مۇز گۈلى.

بۇ بىر بوشلۇق چۈشنىڭ پايانى،
كۆزلىرىمنى ئۇسسۇلغا سالغان.
ياكى قۇشلار ئۆپكەن بىر ئاسمان،
مەنزىرىلەر چېچىلغان ھەر يان.

ئىشتىمگەنمەن تېخى ئۇنداق كۈي،
بۇدرۇقىنە چۈشلەر جىلۋىسى.
كۆلەڭگىنى پېتىقلار ھەريان،
كىملەرنىڭدۇ سۆيۈپ قويۇشى.

ئېھ، بۇدەملەر سۆزلەر قايىنمى،
چېكىلمىگەن دېرىزە پەقەت.
ھىم ئېتىلگەن قىرتاق سادالار،
مەڭگۈلۈككە پۈتمىگەن بىر خەت.

## قەلەم

سىياھلارنىڭ ئاستىدا بەلكىم،
كەتتى سۆزلەر چەكسىز يىپىلىپ.
قەلبىم ئارا ئۇخلىغان جىملىق،
قەغەزلەرگە چېچىلغان كەيپ.

كەچۈر بىر رەت كۆيلەرنى، زىنھار،
ئۆلۈش ئەمەس ياشاشتىن مەقسەت.
ھەم ئاداققى ئۆلۈم باغرىدىن،
قايتىش ئۈچۈن يارالغان پۇرسەت.

كېچە ياكى سەھەر پەيتىدە،
تىترەتكەنچە بىر تال تەبەسسۇم.
دەقىقىلەر قىسلاچلىرىدا،
دېمەس ھېچكىم مەڭگۈگە كۆز يۇم.

بەس! ھەممىسى تىمتاس ھۇجرىدا،
لەيلەپ يۈرگەن خىيال ئېھتىمال.
يا خورسىنغان كۆز ئۇرمىنىدا،
سۈس تەۋرىگەن ياپراقتۇر بىرتال.

بۇ بىر ئەپسۇن، بوشلۇق پەنجىرىسى،
خاتىرەمدە ئۈنىنغان قۇرلار.
توختاپ ئۆتكەن ئۆمرۈم پەيتىدە،
سۆيۈلگاندەك سۆپسۈزۈك ئويلار.

## قىزلىق ھېسسىيات

يىپنىڭ تىترەك، نازۇك ئىنتىلىش،
كۈلۈمسىرەر بىر يوچۈن دۇنيا.
ئىشىك ئاستا چېكىلەر ئۇزۇن،
بىر شېرىن كۈي ھودۇقۇپ گويا.

بۇ نەقەدەر شېرىن بىر ناخشا،
كېلەر لەيلەپ لەزىز، خىرامان.
جىلۋىدار ھەم گۈللەر شۇ ئۈچۈن،
خۇشبۇي چىملار، لەۋلەر ئۈنىنغان.

ئۇ باھارنىڭ تۇنجى سەھىرى،
كۆزنەكلەردىن ئۆركىگەن تىۋىش.

يا چۈشلەرنىڭ يىراق بوشلۇقى،
كىرپىكىدە تاتلىق ئەندىكىش.

چىقتىكىنە قايسى ئۇپۇقتىن،
ئۈركىگەندەك ياكى تارتىنىپ.
شاخلىرىغا بىر يۈرەك بەلكىم،
بىلىپ - بىلمەي قالغان ئىلىنىشىپ.

يۈرەكلەرگە سوزۇلار بىر قول،
قىز ھېسسىياتى مۇقەددەس كەيپ.
نەدىكىن ئۇ ئۇياتچان كۆزلەر،
ئېھ، سەرسانىمەن ئۇنى ئىزدىرىپ.

## شامالىلار

ئەي شامالىلار يەلدەك يورغىلاپ،
ئۇچۇپ كەتتىڭ يىراق سەھراغا.
دېرىزەمدە چەكسىز سۇكۇنات،
سىڭىپ كىردى زەڭگەر ساماغا.

بەكمۇ ئۇزاق تۈنلەردە بۈگۈن،
كەلسە لەيلەپ تاتلىق ئاي نۇرى.
سەن ھەققىدە ئويلاندىم شۇنداق،
دەپ سىپايە دەملەرنىڭ قۇلى.

مەن سۆيمىگەن چىمەن ئۇ ئەمەس،
ھەم يۈرمىگەن خىلۋەت ئارچىزار.
يېپىشقاقچە تاتلىق رەۋىشتە،
ئېھ، كويلەتكەن لەرزان شامال بار.

بەرمىدىممەن شۇ ئۇچۇن پەقەت،
ئالتۇنرەڭلىك بىر تال تەبەسسۇم.
نۇر ياپرىقى كۆمگەن شېرىن چۈش،
ۋە بى كەيپ جىلمايغان ئۇقۇم.

پەقەتلا بار دېسەم قەلبىمدە،
يەلدەك يورۇق يازنىڭ تۈنلىرى.
قوچاقلىغان نۇردەك تارتىنىپ،
شېئىرىمنىڭ تەنتەك قۇرلىرى.

— «رەھمەت - رەھمەت» دېدىم سوڭغى رەت،
ئەي شامالىلار ئۇچقان ئالبومدىن.
قوللىرىمنى قالدىم ئۇزىتىپ،
بىر شېرىن كۆي يۈتتى باغرىمدىن.

## ئاي شولىسى

سېنىڭ جىلۋەڭ مېنىڭ قەلبىمدە،
تىترىمەكتە كۆرەڭ جىلمىيىپ.
سەن ھەققىدە يۈتتى شېئىرىمۇ،
خاتىرىلەر رەتسىز چېچىلىپ.

چۆمگىنىمدە سۈتتەك باغرىڭغا،
ئاچچىق چۈشلەر كېلىدۇ لەيلەپ.
تۆكۈلىدۇ يازنىڭ گۈللىرى،
باغرىم ئارا غەمكىن لەپىلدەپ.

— مەن نەقەدەر بىچارە، - دېسەم،
كۆرمىگەنكەن دىدارىڭ قوبۇل.
بۇ ھىجراننىڭ قاقاس ئارالى،
ھەم تاشلىنىپ قالغان چىغىر يول.

يازالمايمەن شۇ ئۇچۇن پەقەت،
سېنىڭ ئاشۇ مەغرۇر ئىسمىڭنى.
يوللىرىمنى يۈركىگەن مانان،
ھەم چېچىلغان تال - تال زۇلفىڭنى.

ئاھ، يازىمەن، يازىمەن پەقەت،
خاتىرەمدە پەقەت ئاي نۇرى.
بۇ باھارنىڭ جىمجىت كېچىسى،
ھەم ئۈگدىگەن بىر تال ياز گۈلى.

كويلەنگەچكە يەلدەك يورۇق دەم،
قالار كويلەر بەك سىرلىق چاقناپ.
ئاي شولىسى، ئېيتار مەن بىر سۆز،
شېئىرىمدا قالغىن دەپ ئۇخلاپ.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

www.uyghurkitap.com



مۇختار سوپۇرگى

# باللىققا سەپەر

## باللىققا سەپەر

باللىقىم،
چوڭ بولۇشقا مەجبۇرلاپ مېنى،
كىملەر ئېلىپ كەتتىكىن سېنى.
قامچىسىغا دەستە قىلغان كىم،
تارتىۋېلىپ تاياق ئېتىمنى؟

باللىقىم،
سەن ئوينىغان چۆپلۈك نەم دالا،
شۇئىرغاندا توزۇتتى چېچەك.
ئاندا - ساندا قالغان ياۋاگۈل،
بورۇنقىدەك ئەمەس كۆلگۈنچەك.

باھارىڭغا ئازار بەردى كىم،
گۈللەر ئەجەب مىسكىن، جۇلاسىز.
باغلىرىڭنىڭ يۇمران ھۆسنى يوق،
قەسىدىچى قۇشلار ناۋاسىز.

گۈل ئۈستۈرۈپ باھاردا رەڭدار،
چاتقاللاردىن ئالدىڭ نېسىۋە.
چېچەك تۆكتى ئۆرۈكلەر نەچچە،
سەن يېمىدىڭ تويغۇدەك مېۋە.

باللىقىم،
سېنىڭ ئامراق چۆچەكچى بوۋاڭ،
ئۇزاققى يىل ئۆلۈپ كېتىپتۇ.
يېڭى چىققان ئەپسانىلەرگە،
نەۋرە ئىنىڭ كۆنۈپ كېتىپتۇ.

ئاچچىق يىغا بوغار دىمىمنى،
چوڭ بولمىسام بوپتىكەن باشتا.
مۇنبەت زېمىن كەتتى شورلىشىپ،
سەن، مەن ھەم ئۇ ئېقىتقان ياشتا.

باللىقىم - ئەركىن چاغلىرىم،
سۇندۇم ساڭا بەك يىراقتا قول.
سېنى ئىزدەپ چىقتىم سەپەرگە،
سەپىرىمگە تىلىگىن ئاق يول.

## سېغىنىش

1

سالام ساڭا ساددا مەھەللەم،
يۇرتۇم دەيمەن سېنى يىراقتا.
نامراتلىقتىن چېكىسەن ئەلەم،
شەھەرلەردىن بەكمۇ يىراقتا.

تەقدىرىڭنى يۇرەر كۆتۈرۈپ،
مايماق كالاڭ، ئېشەك ھارۋىسى.
نەغمە - ناۋا قىلمايدۇ كۆلۈپ،
تىمتاس ئۆتەر بايرام ھارپىسى.

باھار كەلسە دەردىڭ كۆپىيەر،
باش ئالالماس ئىشتىن ھېچ كىشى.
زېمىستاندا يىلىكىڭ تۈگەر،
تولماي سانغا ھاشارنىڭ تېشى.

2

سالام ساڭا غېرىب مەھەللەم،
يىراقلاردا سۆيىمەن سېنى.
باللىقىم ئېسىمدە ھەر دەم،
چۈشلىرىمدە كۆرىمەن سېنى.

چوڭ شەھەردە يۈرگىنىم بىلەن،
مىجەزىمدە سېنىڭ خۇيۇڭ بار.

سېنىڭ سۆيگۈڭ قەلبىمدە تېرەن،
ھەر ئىشىمدا سېنىڭ كۈيۈڭ بار.

3

سالام ساڭا نامرات مەھەللەم،
تاشلاپ كەتتىم سېنى ئامالسىز.
بولالمىدىم دەردىڭگە ھەمدەم،
ھەممە ساڭا ئىكەن ۋاپاسىز.

ساڭا كۆچۈپ بارمىدى شەھەر،
بولۇپ قالدىڭ يۆلەكسىز، مىسكىن.
ئۇنۇتمىدى قۇشلارلا سېنى،
ئۇنۇتمىدى باغلارنى سەلكىن.

سالام ساڭا قۇتسىز مەھەللەم،
كۆز يېشىڭغا ئاتتىم ئۆزۈمنى.
مەن سۆيىمەن سېنى بوۋامدەك،
ئاڭلىدىڭمۇ تونۇش ئۈنۈمنى؟!...

## يالغۇز خانەم دىلبەرسىز مىسكىن

ئەجەب ئۇزۇن بولدى بۇ كېچە،
قاچتى كۆزدىن چۈشسىز ئۇيقۇلار.
كۆتكەنسىرى يورىمىدى تاڭ،
يۈرىكىمدە رەڭدار تۇيغۇلار.

تىرىقلايدۇ دېرىزە پات - پات،
كۆزلىرىمدىن نۇر تارتىدۇ تۈن.
ئارمىنىمغا بېغىشلاپ ئۈمىد،
قاياقتىندۇر كېلەر تونۇش ئۈن.

قەلبىمدىكى قەدىم يوللاردىن،
ئات چاپتۇرۇپ كېلىدۇ بىرى.
تۇياقلاردىن چاچرايدۇ ئۇچقۇن،
قۇيۇلغانچە كېچىنىڭ سىرى.

يۇلتۇزلارنىڭ كىرپىكىدە ئوت،
يالغۇز خانەم دىلبەرسىز مىسكىن.
سەپەردىكى جانان ھىدىنى،
دىمىقىمغا باشلايدۇ سەلكىن...

## ئارزۇ

بىر روشەن ھەيكىلىڭ سىماسى مەندە،
ماگىمدەك باغرىمدا قالمىدىڭ ئېرىپ.
سۆيۈشتۇق بىز شۇنداق يىراقتا تۇرۇپ،
كۆيدۈردۈڭ ئاتەشلىك باغرىڭنى كېرىپ.

بىز شۇنداق يىراقتا تۇردۇق سۆيۈشۈپ،
ياندۇردۇق ئالەمنى قوش تىنىق بىلەن.
سەن مېنى زىمىستان دالادا سۆيدۈڭ،
ئاق قارلار دەم ئۆتمەي بولدى گۈل - چىمەن.

تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

ئىپتىخار

# قىزلار ئولتۇرۇشى

گىلاس لەۋلەردە مەيىن بىر ناخشا،
كۆمۈش تارلاردا تىترەيدۇ بارماق.
دۇتار پەدىسىدە سايرىسا بۇلبۇل،
ھاياجان ئىلكىدە «تەنلىرىم ياپراق».

يەردىمۇ، كۆكتىمۇ كۈلىدۇ بەخت،
بۇ ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ قايسى بىر كۈنى.
ئۇپۇقتىن - ئۇپۇققا ئاڭلىنار بۇدەم،
بېھىشتەقىچقىرغان كاككۇكنىڭ ئۈنى...

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

داۋۇت مەتنىياز

# غەلىتە كېسەل

(ھېكايە)

شەھەرلىك 3 - دوختۇرخانىغا پراكتىكىغا كەلگەندىن بېرى كۈنلىرىمىز تۇرغۇن سۇدەك بىر خىل رىتىمدا داۋاملىشىدىغان بولدى. ئەتىگەن ئىشخانىغا كېلەتتۇق - دە، كېسەللەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىشكە ماڭغان يېتەكچى دوختۇرغا ئەگىشىپ ياتاقمۇ ياتاق ئايلىناتتۇق. ئادەمنىڭ چىرايىغا يېلىنىش ھېسسىياتى بىلەن تىكىلىپ ياتىدىغان بۇ بىمارلاردىكى بىر سوتكا ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى؛ كېسىلىنىڭ ياخشىلىنىش ئەھۋالىنى بىرمۇ بىر خاتىرىلەپ چىقاتتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىنكى قىلىدىغان ئىشىمىز يېتەكچى دوختۇرنىڭ كېسەللەرنى ئانالىز قىلىشىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كۈننى كەچ قىلىش بولاتتى. لېكىن بۈگۈن ئۇنداق بولمىدى. ئويلىمىغان يەردىن يېتەكچى دوختۇر ماڭا باشقا ۋەزىپە تاپشۇرۇپ قالدى. تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە ئاتمىش بەشىنچى كارىۋاتتىكى بىمارنىڭ ئەھۋالىنى خاتىرىلەش ئىدى. تۆمۈر مۇقاۋىلىق دەپتەرنى كۆتۈرۈپ ياتاققا كىرگىنىمدە تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن قاراپ كېسەلنى ئانالىز قىلىشقا ئەسقاتىدىغان جىنسى، يېشى، چىرايى، رەڭگى قاتارلىق بەلگىلىرىنى بىلىش قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇجمە پورىدا بويۇۋالغان جىڭگىلماچ چېچى مۈرىسىدە ئېسىلىپ تۇراتتى، كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىپ، قاشلىرى يېشىل سىياھ بىلەن چىرايلىق سىزىپ قويۇلغانىدى. ئۈستىدىكى زەر جىيەكلىك كىيىملىرىمۇ ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ كۆزنى چاقنىتاتتى. ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن ياما شاپتۇلدەك ماكچايغان ئاغزىدىن قان ساقىشىۋاتاتتى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — سورىدىم ئۇنىڭغا يېقىنلاپ بېرىپ.

— غەپلەتجان.

خۇداغا شۈكرى، ئۇنىڭ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى ۋە ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانغان «جان» قوشۇمچىسىدىن ئەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم.

— قانداق ھادىسىگە يولۇقتىڭىز؟

— ھېلىقى يېزىلىق تومپاي بىلەن... — ئۇ گېپىنىڭ داۋامىنى يۇتۇۋېتىپ كۆزلىرىگە چىلىك ياش ئالدى.

— سەل تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.

بىمار بېشىنى «ماقۇل» دېگەن مەنىدە ئالدى - كەينىگە يېنىك لىكىلداتتى - دە، ئېغىزىدىن يالاپ چىقىۋاتقان شۆلگەي ئارىلاش قانلارنى لۆڭگە بىلەن سۈرتۈۋېتىپ گەپ باشلىدى.

× ×

كىچىكىمدىن باشلاپ بىر ئارزۇيۇم بار ئىدى. بىردىنلا تەڭداشسىز ئادەمگە ئايلىنىپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇشنى، نامىم ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈيدىغان مەشھۇر شەخس بولۇشنى ئويلايتتىم. خىيالىمدا ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنى قىلاتتىم. ئەمما خىيال دېگەن خىيال - دە، خىيال بىلەن قانداقمۇ باشقىلارنى ھەيران قالدۇرغىلى، قانداقمۇ داڭلىق ئادەمگە ئايلانغىلى بولسۇن! داڭلىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن بىرەر چوڭ ئىش قىلىش كېرەك ئەمەسمۇ. لېكىن مېنىڭ قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمىدى. ھاياتىمدا نۇرغۇن ئىشلارغا كۆڭۈل يۈگۈرتۈپ باققان بولسامۇ، ھېچقايسىسىنى باشقا ئېلىپ

چىقالمىدىم. ئاتا - ئانام دېھقان ئىدى. ئۇلار زېمىنغە بىر يىل قان - تەر ئاققۇزۇش بەدىلىگە ئازغىنە ھوسۇلغا ئېرىشكىنىگە قارىماي مېنى يۇقىرى مەكتەپلەرگىچە ئوقۇتۇشنى ئويلايتتى. ئەمما مەن باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپلا ئوقۇشنىڭ قىيىنلىقىنى ھېس قىلدىم. مۇئەللىم ئۆگەتكەن ھەرپ ۋە سانلارنى زادى ئېسىمدە قالدۇرالمايتتىم. باشقا بالىلار بىر نېمىلەرنى ھېجىلاپ يۈرۈشەتتى. بەزىسى ھەتتا ئۇزاققا بارمايلا ئىسمىنى يېزىشنىمۇ ئۆگىنىۋالغانىدى...

شۇنداق قىلىپ يىللار ئۆتتۈۋەردى. مەن دەسلەپتە بىر سىنىپقا قوبۇل قىلىنغان بالىلار ماڭا تارتىشىپ ئولتۇرماي پەللىمۇ پەللە يۇقىرى ئۆرلەۋەردى. مەن مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن تۆت يىل كىرىپ - چىقىپمۇ بىرىنچى سىنىپتىن ئاتلىيالماي «سىنىپ قالدۇقى» دېگەن لەقەمگە ئېرىشتىم. بارا - بارا بۇ لەقەم ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئاتام ئەزان چىللاپ قويغان «غەپلەتجان» ئىسمىمنىڭ ئورنىنى تولۇق ئىگىلىۋالدى. دەسلىپىدە ھېچكىم ئېرىشەلمىگەن بۇ نامنى شەرەپ ھېس قىلىپ، پەخىرلىنىپ يۈرۈپتىمەن، كېيىنچە «قالدۇق، داشقال» دېگەن ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ ئاتا - ئانامنىڭ يالۋۇرۇشىغا قارىماي مەكتەپتىن يالتايدىم. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاتا - ئانامنى غەم باستى. ئۇلار ھامان مەندەك بىتەلەي ئوغلىنىڭ قاراڭغۇلىشىۋاتقان كەلگۈسى ئۈچۈن قايغۇراتتى ئەلۋەتتە. ئانام بەزىدە بېشىمنى ئىسسىق قوللىرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ: «مەكتەپتە ئوقۇيالىغان بولساڭ ئېتىزلىق- نىڭ جاپاسىنى بىزدەك تارتماس ئىدىڭ، ئەمدى قانداقمۇ قىلارسەن، بىزدىن كېيىن قالغاندا نېمە ئىش بىلەن جېنىڭنى جان ئېتەرسەن» دەپ كۆز يېشى قىلاتتى.

ئۆيدىكىلەر مەسلىھەتلىشىپ يۇسۇن سەيپۇڭ دېگەن قوشنىمىزغا شاگىرتلىققا ئاپىرىپ بەردى. شۇ كۈنلەردە يېزىدىكى سەيپۇڭلار ماشىنىنى دېھقانلارنىڭ پاختىلىق چاپىنى، بالىلارنىڭ ئېغى ئوچۇق ئىشتىنى دېگەندەك ماكانغا لايىق كىيىملەر ئۈستىدە تىرنىقشتىپ يۈرۈپ، جاپا - مۇشەققەتسىز نان تېپىپ يېيەلەيتتى. يۇسۇن ئۇستامنىڭ ھال - كۈنىمۇ كەتمەن چېپىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان كالتە پەملەرگە قارىغاندا يامان ئەمەس ئىدى. يۇسۇن سەيپۇڭنىڭ ئۆيىدە بىر يىلدەك تۇرغان بولساممۇ، ئۇنىڭ مەندىن بىرەر قېتىم رازى بولغىنىنى بىلمەيتتىم. ئۇ ھېلى «قوتۇما قاتۇرىدىغان شىلىمنى ئوبدان ئېتەلمەپسەن» دەپ كايىسا، ھېلى «چاپاننىڭ پاختىسىنى تەكشى سالماپسەن» دەپ قاقشايتتى. بەزىدە ماشىنىنى تېپەلمىگىنىم ئۈچۈنمۇ قاتتىق گەپ ئاڭلايتتىم. بىر كۈنى ئۇستام مېنى ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ چاپان يانچۇقىنىڭ خالتىسىنى تىكىشكە بۇيرىدى. تەپكىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە باشلىغىنىمدا چاق ئالدى - كەينىگە قالايمىقان چۆرگىلەپ زادى ئەپلەشتۈرەلمىدىم. ئۇستام چاقنى ئاستا ئايلاندۇرۇپ تېپىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بەرسىمۇ رەخت ئالدى - كەينىگە تىكىلمەكتە ئىدى. شۇ ئارىدا پاس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يىڭنە سۇندى.

— قوپە بوياققا! — دېدى ئۇستام كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، — شۇنچە ۋاقىت ھەپىلىشىپ ماشىنىنى ئوڭشاپ تېپىشنى ئۆگىنەلمىسەڭ، شۇ ھالىڭ بىلەن سەيپۇڭ بولماقچىمۇ سەن؟ ماڭ، بېرىپ قوشقاچ تۇتۇپ ئوينا.

يۇسۇن سەيپۇڭنىڭ ئۆيىدىن شۇ قېتىم ھەيدەلگىنىمچە ئىككىنچى ئالدىنى قىلمىدىم. ئۇمۇ ئىزدىمىدى.

— پېشانەڭگە پۈتۈلگىنى دېھقانچىلىق ئوخشايدۇ بالام، — دېدى دادام كىچىكرەك بىر كەتمەننى تۇتقۇزۇپ، — يېشىڭ ئون بەشنىڭ قارىسىنى ئالدى. ھېچقايسى ئىشتىن تەلىيىڭ ئېچىلمىدى. ئەمدى ئېتىزغا بېرىپ ماڭا ياردەملەشكىن. ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالىسەن.

دادامغا ئەگىشىپ ئېتىزغا باردىم.

قىلىدىغان ئىشىمىز قوناق مايسىلىرىنىڭ تۈۋىنى چاناپ يۇمشىتىش ئىدى. قولۇمدىكى كەتمەن ھە دېگەندە تاپ ئارىلىقىغا چۈشمەي قوناققا تېگىپ كېتىپ، ئازغىنە ۋاقىتتا خېلى كۆپ مايسىنى كېسىپ تاشلىدىم. دەسسەپ سۇندۇرغانلىرىمچۇ تېخى. دادام دەسلەپىدە ئانچە ئېرەن قىلماي، چەيلەنگەن قوناقنىڭ تۈۋىگە ئۆز قولى بىلەن توپا يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويدى. نابۇت قىلىنغان مايسىلار كۆپەيگەنسېرى چىدىمىدى بولغاي ئېھتىمالىم، ئاخىرى مېنى باشقا ئىشقا بۇيرىدى.

— ماڭە بېرىپ ئاۋۇ ئېرىققا تۇغ سالغىن، تۇپ قالدۇرۇپ بولغان قوناقنى مۇنداق يوقاتقىلى تۇرساڭ ئېتىزدا نېمە قالىدۇ؟

كەچكىچە ھەپىلىشىپ كىچىككىنە ئېرىقنىڭ ئىككى يېرىگە تۇغ سالغان بولدۇم. ئالىقانلىرىم ئۇتىتا كۆيگەندەك يال - يال ئېچىشىپ، ئۆرە تۇرغۇدەك ماجالىم قالمىغانىدى. شۇنداق قىلىپ دېھقانچىلىق دېگەن زۇلۇمكاردىن بىر كۈندىلا جاق تويدۇم. شۇ تاپتا يېمەي جان بېرىشكە رازى ئىدىمكى ئېتىزلىقتا قېينىلىشقا ئەسلا رىزاچىلىقىم قالمىغانىدى. ئاخىرى سەۋر - تاقەتلىك ئاتا - ئانام ھوشۇر ساتىراش دېيدىغان بىرسىنىڭكىگە شاگىرتلىققا ئەكىلىپ بەردى. ھوشۇر ساتىراش خەقتىن ئىش ھەققى تالاشمايدىغان، قولۇم - قوشنىلار چىچىنى ئالدۇرۇپ بىرەر ئاشلىق گۈلە، چامغۇر بەرسىمۇ، ھەتتا ئىككى زاغرا تەڭلىسىمۇ رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىدىغان قانائەتچان كىشى ئىدى. يەكشەنبە كۈنلىرى بازارنىڭ راسا قىزىيدىغان دوقمۇشىدا ھۈنەر قىلىپ يانچۇقىنى خېلى قاپارتىۋالالايتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ھوشۇر ساتىراش شەھەردىن دۇكان ئىجارە ئېلىپ، يېزىدىن بىراقلا كۆچۈپ كىرىۋالدى ھەم مېنىمۇ بىرگە ئېلىپ كەتتى. مەن شەھەر تۇرمۇشىغا ئاسانلا ماسلىشىپ كەتتىم. تەڭ دىمەتلىك بىر قانچەيلەن بىلەن تونۇشۇپمۇ قالدىم. ئاتا - ئانام خەج - خىراجىتىمنى ھەرگىزمۇ كەم قىلمايتتى. ئۆزلىرى دىشۋارچىلىق تارتىسىمۇ، مېنىڭ بويىنۇمنى قىسىشقا چىدىمايتتى. ئەمما ئۇستورا تۇتۇشقا تېخىچە قولۇم قاملاشمايۋاتاتتى. ئۇستام ھەمىشە «قولۇڭ بەكمۇ كالامپاي، سېنىڭ ھۈنەرۋەن بولالىشىڭغا ئىشەنچ قىلالمايمەن» دەپ چېچىلاتتى.

ئۇستام خېرىدار كەلسە چاقىرىشىمنى تاپىلاپ قويۇپ دۇكىنىمىزنىڭ ئالدىدىكى ئاشخانىغا تاماق يېگىلى چىقىپ كەتكەنىدى. قاتاڭغۇر بىر كىشى دۇكانغا كىرىپ كەلدى. ھەمدە:

— ئۇستىڭىز يوقمۇ؟ — دېدى ئەينەككە قاراپ ئېڭەكلىرىنى سىلاپ قويۇپ.

— مانا مەن ئۇستا، قاراپ ئولتۇرغۇدەك ياسايمەن دېسىلە، — دېدىم ئۇنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىپ، پۈتۈن خىيالىم بۇ ئادەمنىڭ چىچىنى ئوخشىتىپ ياساپ ئۇستامغا كارامىتىمنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش ئىدى. ئۇنىڭ چىچىنى ھاپىلا - شاپىلا يۇيۇپ گەدىنىنى قىرىشقا باشلىۋىدىم قولۇم تىترەپ ئۇستىرا تېيىپ كەتكەندەك بولدى - دە، خېرىدار ۋايجانلاپ سەكرەپ كەتتى. ئۇنىڭ بويۇن تومۇرىدىن قان جىغاپ چىقىشقا باشلىغانىدى. شۇ ھامان كاللامغا چاقماق تېزلىكىدە كەلگەن ئەقىلنىڭ تۈرتكىسىدە دۇكاندىن چىقىپلا قاچتىم.

ئەمدى نېمە قىلارىمنى بىلمەيتتىم. ئەمما بەڭگى خۇمارىدىن كېچەلمىگەندەك داڭلىق ئادەم بولۇش خىيالىم ھامان كاللامدىن نېرى بولمايۋاتاتتى.

دوستلىرىم ھەممە ئەھۋالىمنى ئۇققاندىن كېيىن ھازىرقى زاماندا ئەڭ ئاسان شۆھرەت قازانغىلى بولىدىغان ئىشنىڭ زامانىۋى «ناخشا چولپانى» بولۇش ئىكەنلىكىنى، جەمئىيەتتە ھېچقانداق ئىشقا يارىمىغانلارنىڭمۇ رېستوراندا «ناخشا» توۋلاپ نام چىقىرالايدىغانلىقىنى، كىرىمىنىڭمۇ يۇقىرىلىقىنى ئېيتىپ، كۆڭلۈمدىكى ئۇچۇۋاتقان ئۈمىد شامىنى قايتا

يېڭىلىنجاتتى ھەمدە مېنى شەھەر مەركىزىدىكى ئاۋات كوچىلارنىڭ بىرىگە جايلاشقان «ھېسسىپسوقتى» رېستورانىغا تونۇشتۇرۇپ قويىدىغان بولۇشتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، «چولپان» بولۇش ئۈچۈن ئەرلەرمۇ ئاياللاردەك كىيىنىشى ۋە ئاياللاردەك گىرىم قىلىشى لازىمكەن. بىر يۈرۈش گىرىم بويۇمى تېپىۋېلىپ تۇمشۇقىمغا ھارغىچە سۈركىدىم. قاش-قاپاقلىرىم ھەتتا چاچلىرىممۇ بوياقسىز قالمىدى. ئىش قىلىپ كۆرۈنۈشۈم ئەرلىكىمنى تولۇق ئىنكار قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى. ئۆزۈمنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئەينەككە قارىدىم-دە، تونۇيالماي قالدىم. پاھ! مەن نېمە دېگەن گۈزەل- ھە! مانا ئەمدى داڭلىق ئادەمگە ئايلىنىدىغان بولدۇم» دېگەن ئوي بىلەن «ھېسسىپسوقتى» رېستورانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. ھەممە كىشى مېنى تەبرىكلەۋاتقاندەك چىرايىمغا مەنىلىك قاراپ، باشلىرىنى چىرايلىققىنە لىڭشىتىپ ئۆتۈشەتتى. مېنى بىر- بىرىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ قانداقتۇر بىر خىل مەنادا كۈسۈرلىشاتتى. روھىم كۆتۈرۈلۈپ، بارغانچە تېز- تېز مېڭىشقا باشلىدىم. «ھېسسىپسوقتى رېستورانى» دېگەن قوش خەتلىك تاختاي كۆزۈمگە چېلىقىشقا ئاز قالغاندا يان تەرىپىمدىكى كۆۋرۈك بېشىدىن تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى.

— غەپلەتجانمۇ سەنوي، پاھ، نېمە دېگەن قالتىس.

بۇرۇلۇپ قارىسام تۈنۈگۈن تونۇشقان دوستۇم راكىت ماڭا قاراپ كېلىۋېتىپتۇ. بىز قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق.

— تونۇيالمىغىلى تاسلا قاپتىمەن، نېمە بۇنچە تېز ئۆزگىرىۋالدىڭ.

— خاتالاشتىڭ، مەن ئۆزگىرىۋالمىدىم، مەدەنىيەت قوبۇل قىلدىم.

— ھە، مۇنداق دېگىن، بۇ نەنىڭ مەدەنىيىتى؟

تۇيۇقسىز سورالغان سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي قاراپلا قالدىم. ئەمما جاۋاب بېرىشىم لازىم ئىدى. مۇشۇنداق مەدەنىيەتلىك تۇرۇپ ئۆزۈم قوبۇل قىلغان مەدەنىيەت توغرىسىدا ھېچنەرسە دېيەلمىسەم سەت ئەمەسمۇ.

— بۇ تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ مەدەنىيىتى — دەپ جاۋاب بەردىم گەپنى دەڭسەپ ئولتۇرماي.

— جۇر، مەن سېنى بىر سورۇنغا باشلاپ باراي، مۇشۇ سالاپىتىڭ بىلەن ئۇ يەرگە بارساڭ ھەممە كىشى ھەيران قالىدۇ.

— كەچۈر، مەن «ھېسسىپسوقتى» رېستورانىغا «ناخشا» تۆۋلىغىلى ماڭغانىدىم.

— ھە، سەن چولپان بولدۇڭمۇ؟

— ھەئە.

— ياخشى گەپ بولدى. بىزنىڭ «مۈشۈك ياپىلاق» رېستورانىمىزغىمۇ بىر چولپان لازىم ئىدى. ماڭ ئەمىسە بىزنىڭ رېستورانغا بارايلى. ھازىر شەھەردە «ھېسسىپسوقتى» رېستورانىدىن «مۈشۈك ياپىلاق» رېستورانى داڭلىق. نامى چىقمىغان كىچىك ئاشخانىلاردا كاكىراپ يۈرۈشتىن نومۇس قىلمامسەن؟

مەن «ھېسسىپسوقتى» رېستورانىغا بېرىش پىلانىمدىن كېچىپ راكىتقا ئەگەشتىم. بىز خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن ھەشەمەتلىك بىر زالنىڭ ئالدىدا توختاشتۇق. زالنىڭ دەرۋازىسى ۋە دېرىزىلىرى قىزىل سىرلانغانىدى. زال ئىچىدىنمۇ ئوتقاشتەك قىزىل نۇر بالقىپ چىقىپ ئەتراپقا سىڭىشىپ كەتمەكتە ئىدى. بۇ يەردىن ياڭرىغان قىقاس- چۇقان خېلى يىراقلارغىچە ئاڭلىنىپ باراتتى.

— «مۈشۈك ياپىلاق» رېستورانىمىز مانا مۇشۇ، — دېدى راكىت ھېلىقى زالغا قولىنى چىناپ تۇرۇپ، — بۇ يەرگە بىر قېتىم كەلگەن ئادەم خۇمار بولۇپ قالىدۇ- دە، يەنە كەلمىسە تۇرالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

زالدا نۇرغۇن كىشىلەر بىر نەچچە

uyghurkitap.com



ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ خۇددى ئەتىلا زامان ئاخىر بولىدىغاندەك ئەلپازدا تاماق يېيىشىۋاتقانىكەن.

— دوستلار، مانا بۇ مېنىڭ قەدىردان ئاغىنەم غەپلەتجان، شەھىرىمىزدىكى مەشھۇر «ناخشا» چولپانى.

— ھوي، قاراڭلار بۇ زاتنىڭ چىرايە-نىڭ گۆلدارلىقىنى.

— پاھ! پاھ...!

ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان بۇ ماختاشلاردىن سۆيۈنۈپ ئۆزۈمنى كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم.

— بۇرادەرلەر، مېنىڭ بىر تەكلىپىم بار، — دېدى ساقاللىق بىر يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ، — غەپلەتجان چولپان بىزگە زامانىۋى ناخشىلاردىن بىر نەچچىنى تۇۋلاپ بەرسە قانداق؟

— بولىدۇ، ناھايىتى ياخشى تەكلىپكەن.

ھەممەيلەن ساقاللىقنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا چۇقان سېلىشتى. ئۇشتۇمتۇت ئالدىمغا كەلگەن بۇ ئامەتتىن سۆيۈنۈپ، خۇدۇمنى يوقاتقىلى تاسلا قالدىم. ئۇزۇن يىللىق ئارزۇيۇمنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغان خاسىيەتلىك كۈنىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، يۈرىكىم خۇددى كونا قاپاقتا كىرىپ قالغان چاشقاندەك كۆكرەك قەپىسىمگە ئۇرۇلغىلى تۇردى. ئەمما ئۆمرۈمدە ناخشا ئېيتىپ باقمىغانلىقىمنى ئويلىغاندا دىمىم ئىچىمگە چۈشۈپلا كەتتى. «ناخشا ئېيتالمايمەن» دېسەم ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم تەبەسسۇم بىلەن باققان ئامەتنى بىكارغا كەتكۈزۈپ قويىمەن ئەمەسمۇ. بېشىمغا پۈت قويۇش ئالدىدا تۇرغان بەخت قۇشىنى ئۈركىتىۋەتسەم مۇنداق پۇرسەتنى كېيىن نەدىن تاپاتتىم؟ ئامەت دېگەن ھەممىشە قۇچاق ئېچىۋېرەمتتىمۇ؟!...

— غەپلەتجان «چولپان» — دېدى تاقىرباش بىرى، — يۈرەكنى تىترىتىدىغان زامانىۋى ناخشىڭىزنى ئاڭلاشقا ئالدىراۋاتىمىز.

ئەمدى ئويلىنىپ تۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى. نېمىلا بولمىسۇن تەلىيىمنى سىناپ بېقىشقا توغرا كېلىۋاتاتتى. ئالدىراشلىق ئىچىدە تۈۋەندىكى «ناخشام» نى باشلىۋەتتىم.

«ئىت مۈشۈكنى چىشلىۋالسا چىدىمايمەن،
بېلىق سۈنى ئىچىۋالسا چىدىمايمەن.
ئۆردەكنى غاز چوقۇۋالسا چىدىمايمەن،
قوينى قوزا ئېمىۋالسا چىدىمايمەن».

«ناخشام» نىڭ ئاھاڭىمۇ غەلىتە بولۇپ، «خەلق ناخشىلىرى» نىڭ ئاھاڭىغا ئوخشىمايتتى. شائىرلار ئوقۇغان دېكلاماتسىيىنىڭ ئاھاڭىغىمۇ، سوپى - ئىشانلار ئوقۇغان «ھەلقى» نىڭ ئاھاڭىغىمۇ، ھاپىزلار ئوقۇغان «ھۆكمەت» نىڭ ئاھاڭىغىمۇ ئوخشىمايتتى. قىسقىسى، ھېچنېمىنىڭ ئاھاڭىغا ئوخشىمايتتى. تۇۋلاۋېتىپ «بۇ ناخشام سورۇن ئەھلىگە ياقمىسا قانداق بولار» دەپ ئەندىشە قىلدىم. ئەمما ئىش ئۇنداق بولمىدى. ئامەت ئوڭدىن كەلگەندە ئادەتتىكى پوچەك گەپلەرنىمۇ «ناخشا» دەپ تۇۋلاپ بازار تاپقىلى بولىدىكەن. سورۇن ئەھلى «ناخشام» نى ئاڭلاپ ئاغزىنى خۇددى تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ كامىرىدەك ئېچىپ قېلىشتى.

— ئەجەب پەيزى «ناخشا» كەن، — دېدى بىر قىز چاۋاك چېلىپ، — غەپلەتجان «چولپان»، سىز ھەقىقەتەن دۇنياغا يۈزلەنگەن ناخشىچى ئىكەنسىز. بۇ ناخشىڭىز تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ ھىدىنى باشلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئېغىر كۆرمەي يەنە بىر نەچچىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز.

ئاغزىغا كەلگەنچە تۇۋلىسا «تالانتلىق ناخشىچى» بولۇپ قالىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن. مانا ئەمدى بۇ يەردىكى رىئاللىق ماڭا «چولپان» بولۇشنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بەردى. بۈگۈن تەقدىر ماڭا بەخت - ئامەت دەرۋازىسىنى سېخىيلىق بىلەن ئاچقان كۈن ئىكەن، بۈگۈن تۇۋلىماي قاچان تۇۋلايمەن. مۇشۇ سورۇندا تۇۋلىماي

نەدە توۋلايمەن! . . .
ئەجەب ئۇماق، ئەجەب ئۇماق، ئۇماق قالغىچىم،
ئەجەب قوپال، ئەجەب قوپال، قوپال قالغىچىم.
ئەجەب سېمىز، ئەجەب سېمىز، سېمىز قالغىچىم،
ئەجەب ئورۇق، ئەجەب ئورۇق، ئورۇق قالغىچىم. . .

× ×

جاھان سىلەرگە باقماقتا ئۇيغۇر قىزلىرى،
ئويناپ كۈلۈپ يايراڭلار ئۇيغۇر قىزلىرى.
نان يەپ قورساق توقلاڭلار ئۇيغۇر قىزلىرى،
توختىماي بەل تولغاڭلار ئۇيغۇر قىزلىرى.
. . . . . . . . . . . . . . .

بۇ قېتىم ئاۋازىم خۇددى بوراندا قالغان ياۋا كالىنىڭ ئاۋازىدەك قوپال چىقىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئالقىش سادالارنىڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈشىگە نۇقسان يەتمىدى. مەن ئاغزىمنى يۇمۇشۇمغىلا ئۇلار ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى.

— بىز ئايىغى چىقسىلا ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغان، تىلى چىقسىلا ناخشا توۋلىيالايدىغان مىللەتمىز.

— شۇنداق، بىزگە ئۇسسۇل ئويناش ئۈچۈن سەھنە، ناخشا توۋلايدىغانغا مىكرافون، يامغۇردەك توختىماي تاراسلاپ تۇرىدىغان چاۋاك سادالىرى بولسىلا مۇرادىمىزنىڭ ھەل بولغىنى شۇ.

مەن ئۆزۈمنى چەكسىز بەخت قايىنمىدا سەزمەكتە ئىدىم. ئۇلارنىڭ مەيلىنى يەنىمۇ بەكرەك تارتىش ئۈچۈن قاپاقلىرىمنى سۈزۈپ، كۆزلىرىمنى خۇمارلاشتۇرۇپ «ناخشا» لارنى كەينى ـ كەينىدىن توۋلۇۋەتتىم.

يىگىتلەرگە كۆيۈنۈڭلار غۇنچە بويلۇق دوستلىرىم،
تېرەكلەرگە كۆيۈنۈڭلار پاكار بويلۇق دوستلىرىم.
سۆگەتلەرگە كۆيۈنۈڭلار ئارا بويلۇق دوستلىرىم،
ئۆرۈكلەرگە كۆيۈنۈڭلار يوغان بويلۇق دوستلىرىم.

× ×

كۆزلەر ئىچىدە گۆزەلى قارا كۆز، قارا، قارا،
كۆزلەر ئىچىدە گۆزەلى ئالا كۆز، ئالا، ئالا، ئالا،
كۆزلەر ئىچىدە گۆزەلى پال كۆز، پال، پال، پال،
كۆزلەر ئىچىدە گۆزەلى بوزكۆز، بوز، بوز، بوز.

× ×

ئالدانغان ئىكەنمەن ئەمدى چۈشەنسەم،
باپلانغان ئىكەنمەن ئەمدى چۈشەنسەم.
قاتلانغان ئىكەنمەن ئەمدى چۈشەنسەم،
. . . ئىكەنمەن ئەمدى چۈشەنسەم.

— بارىكاللا، غەپلەتجان «چولپان»، مەن ھاياتىمدا مۇنداق بەلەن ناخشىلارنى ئاڭلاپ باقمىغان.

— غەپلەتجان «چولپان»، بىزمۇ مۇشۇنداق دۇنياغا يۈزلەنگەن گۆزەل مەدەنىيەتكە ھەۋەس قىلىمىز. شۇڭا ھازىرقىدەك زامانىۋى «چولپان» بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىڭىزدىكى تەجرىبىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز، — دېدى تاشمەت ئىسىملىك يىگىت كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ھاياجان ياشلىرىنى سۈرتۈپ.

— يارايسەن تاشمەت، — دېدى يەنە بىرى، — سەن بەك ئوبدان تەكلىپ بەردىڭ. بىزمۇ دۇنياغا يۈزلىنىش ئۈچۈن مۇشۇنداق چولپانلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشىمىز كېرەك.

— دوستلار! — دېدىم تەمتەرەپ تۇرماي، — ھازىر «چولپان» بولۇش ھېچقانچە قىيىن ئىش ئەمەس. ئاغزىڭلارغا نېمە كەلسە شۇنى توۋلىساڭلار بولۇۋېرىدۇ. قانچە كۈچەپ ۋارقىرىساڭلار شۇنچە ياخشى.

— ئاھاڭچۇ؟

— ئاھاڭنىڭمۇ مۇقىم رىتىمى يوق. خورازنىڭ چىللىشىدەك، موزاينىڭ مۆرىشىدەك، چېكەتكىنىڭ چىرىلدىشىدەك، كونا جۇۋازنىڭ غىچىرلىشىدەك توۋلىساڭلار زامانىۋى ناخشىلارنىڭ ئاھاڭى بولالايدۇ. يەنە بىر شەرت، بىر گەپنى ئون قېتىم، يۈز قېتىم، ھەتتا مىڭ قېتىم تەكرارلايسىلەر. ئۇنداق كۆپ تەكرارلىمىساڭلار «چولپان» بولالمىغىنىڭلار شۇ.

www.uyghurkitap.com

— غەپلەتجان «چولپان» توغرا ئېيتتىدۇ. مەدەنىيەتلىك ئادەم دېگەننىڭ سۆزلىگەن سۆزىمۇ مەدەنىيەتلىك بولىدىكەن.

— شۇنداق، ھەتتا تىنغان تىنىقىمۇ مەدەنىيەت پۇرايدۇ دەڭلار...

— غەپلەتجان «چولپان»، — دېدى تاشمەت يەنە ئۆزىنى باسالماي، — سىز بىلەن بىر سورۇندائولتۇرغىنىمىزنىڭ نامۇ-نىشانى سۈپىتىدە ماۋۇ خاتىرەمگە بىر ئىمزا قويۇپ بەرسىڭىز، — ئۇ كۆك تاشلىق بىر خاتىرىنى ماڭا ئۇزىتىۋىدى بېشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. خالىغان بىر گەپنى توۋلىساڭ زامانىۋى «ناخشا» بولالىغىنى بىلەن، قەلەمنى قەغەز ئۈستىدە يورغىلاتساڭ خەت بولمايدۇ ئەمەسمۇ. «بۇ تاشمەتمۇ دېگىنى ئويلىمىغان يەردىن ئىش پەيدا قىلىپ تۇرىدىغان ئاداشكەن. ياق، تاشمەتمۇ ئەيىبلىك ئەمەس، ئۇ مېنىڭ ساۋاتسىزلىقىمنى نەدىن بىلسۇن، مەندەك بىر مەشھۇر ئىنساننى كىممۇ خەت يازالمايدۇ دەپ ئويلىسۇن» خاتىرىنى خالار - خالىماس قولۇمغا ئېلىپ «غەپلەتجان» دېگەن خەتنى بىر چاغلاردا ئۆگىنىۋالغىنىم بويىچە چىجىلاپ قويدۇم.

— غەپلەتجان «چولپان»، بۇ يازغىنىڭىز مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىدەك بولماپتۇ، — دېدى تاشمەت خاتىرىنى قولىغا ئېلىپ، — بىر سورۇندا ئولتۇرغىنىمىزنىڭ نامۇ - نىشانىسى سۈپىتىدە ئانچە - مۇنچە يۈرەك سۆزلىرىڭىزنى قىستۇرۇپ يازسىڭىز بولاتتى.

— راست شۇنداق يېزىپ بېرىڭ، — دېدى ئەتىدىن بېرى كۆزىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرغان جىمغۇر يىگىت بىردىن جانلىنىپ، — ماڭىمۇ يېزىپ بېرىڭ. ئىسمىم سىماۋۇدۇن.

— ماڭىمۇ يېزىپ بېرىڭ. ئىسمىم— زىكرۇللا.

— مېنىڭ ئىسمىم تۇتۇنگۇل، — دېدى يېرىم يالىڭاچ دېگۇدەك كىيىنىۋالغان قىزمۇ خاتىرىنى كۆزۈمگە يېقىن تەڭلەپ.

«پالاكەت دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ، ئەمدى بۇ باش قېتىمچىلىقتىن قانداق قۇتۇلارمەن». ئەندىشە ئىچىدىن بىر ئامال تاپقاندەك بولدۇم - دە، سىناپ بېقىش قارارىغا كەلدىم.

— توختاپ تۇرۇڭلار! — دېدىم ئۇلارنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن ئۇزىتىۋاتقان خاتىرىسىنى قولۇمغا ئالماي نېرى ئىتتىرىپ، — مەن ھازىر يېڭىچە زامانىۋى ناخشىلار ئۈستىدە ئويلىنىۋاتىمەن. سىلەرگە يەنە بىر نەچچە زامانىۋى «ناخشا» توۋلاپ بەرمىسەم كۆڭلۈم يېرىم قالىدۇ. شۇڭا ماڭا ۋاكالىتەن دوستۇم راكىت مېنىڭ يۈرەك سۆزلىرىمنى يېزىپ چىقسۇن. ئاندىن مەن ئىسمىمنىلا ئىمزا قىلىۋېتەي.

— قەدىرلىك غەپلەتجان، ماڭا رەھىم قىلىڭغايسىز، — دېدى راكىت بېشىنى چايقاپ، — مەن مەدەنىيەت ھەۋەسكارى بولغىنىم بىلەن خەت يېزىشنى بىلمەيمەن.

— ئەمىسە بۇ ئىشنى ماۋۇ بۇرادىرىمىز بېجىرسۇن، — دېدىم زىكرۇللا ئىسىملىك تاقىرباش يىگىتنى كۆرسىتىپ. ئويلىمىغان يەردىن بۇ ئىشمۇ ئەپلەشمىدى. زىكرۇللامۇ ساۋاتسىزكەن. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ بىر ئاز يېنىكلەپ، «ساۋاتسىز كىشى بىرلا مەنمىدىم، باشقىلارمۇ ساۋاتسىز تۇرسا مەن نېمىگە خىجىل بولىمەن» دېگەن تەسەللى بىلەن يۈرىكىمنى ئورنىغا چۈشۈرۈۋالدىم ھەمدە:

— دوستلار! — دېدىم تېتىكلىشىپ، — راست گەپنى دېگەندە مېنىڭمۇ ساۋاتىم يوق ئىدى، شۇڭا...

— ھېچقىسى يوق غەپلەتجان

«چولپان»، — دېدى تاشمەت يەنە بىرىنچى بولۇپ، — خەت يازالمىسىڭىز نېمە بوپتۇ. ساۋاتسىز بولسىڭىزمۇ دۇنياغا يۈزلەنگەن مەشھۇر «چولپان» سىز.

— شۇنداق، — دېدى تۇتۇنگۇلمۇ يېغىرىمغا چاپان يېپىپ، — «چولپان» جانابلىرى ناخشا بىلەن بولۇپ كېتىپ ساۋاتىنى چىقىرىشقا ۋاقىت چىقىرالمىغان گەپ. بۇ تەرىپىنى چۈشىنىش كېرەك.

ئاللاھ باشتا شاپائەت كۆرسەتكەن بەندىسىنى ئاخىرىدىمۇ قىسمايدىكەن. مېنىڭ بۇ ھەممىگە پەرۋاسىز قاراپ ئادەتلىنىپ كەتكەن كەڭ قورساق دوستلىرىم ساۋاتسىز-لىقىمنى ئاسانلا ئەپۇ قىلىۋېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن خاتىرىگە ئىمزا قويۇشنىڭ گېپىمۇ ئۆز ئايىغىدىن يىتتى. مەن كۆڭلۈمگە چەكسىز ھۇزۇر بېغىشلايدىغان بۇ ئالقىش-سادالارنىڭ مۇنداق ئاسان ئۈزۈلۈپ قېلىشىنى خالىمايتتىم. كېچە تاڭ ئاتقۇچە داۋاملىشىشىنى، ھەتتا كۈن ئاتلاپ بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. تاماشىبىنلارنىڭ كۆڭلى سوۋۇپ كەتمىسۇن دەپ «ناخشام» نىڭ داۋامىنى تېخىمۇ جەلپ قىلارلىق قىلىقلار بىلەن ئېيتىشقا باشلىدىم.

ئۇنۇتما يايرىم، ئىزدە دېمەسمەن،
سېنى مەجبۇر قىلىپ سۆزلە دېمەسمەن.
ئۇنۇتما يايرىم ئۈجمە دېمەسمەن،
ئۈجمە ئۈستىدىن سەكرە دېمەسمەن.
ئۇنۇتما يايرىم دەپتەر دېمەسمەن.
تۇرغان يېرىڭنى دەپ بەر دېمەسمەن.

× ×

مەن سەنەم، مەن سەنەم،
مەن قاغا، مەن قۇزغۇن.
مەن قۇشقاچ، مەن تورغاي،
مەن نادان، مەن ئازغۇن.

— رەھمەت غەپلەتجان «چولپان».

سىزنىڭ ناخشىلىرىڭىزلا ئەمەس، سەھنىدىكى ھەرىكىتىڭىزمۇ بەك خۇيلۇق ئىكەن. سىز مۇشۇ قىلىقلىرىڭىز ئارقىلىقمۇ نۇرغۇن ئادەملەرنى جەلپ قىلالىغۇدەكسىز.

— غەپلەتجان «چولپان»، — دېدى چىرايىنى قېنىق بويىۋالغان بىر قىز قوللىرىمنى چىڭ تۇتۇپ، — مەن بۈگۈنكى ئولتۇرۇشنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. سىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. سىزنىڭ بۇ گۈزەل ناخشىلىرىڭىزنى ئانام بىلەن دادامنىڭ پەرھىزىنى ئادا قىلغان قۇتلۇق كۈنىگە ئاتاپ تېلېۋىزوردىن تەلەپ قىلىمەن.

مەن بارغانسېرى ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. تاماشىبىنلارنىڭ يۇقىرىقىدەك شېرىن ئالقىشلىرىغا جاۋابەن «ناخشا» تۇۋلاش ئۇسلۇبىمنى يەنە ئۆزگەرتمەكچى بولدۇم-دە، ئاسمانغا قاراپ باشلىدىم. بىردىنلا توقسان گرادۇس ئېگىلىپ يەرگە قارىدىم. تاماشىبىنلار كۈلۈپ تېلىقىپ كېتىشتى. كۈلۈپ تۇرۇپ كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياشلار تۆكۈلۈۋاتاتتى. بارغانسېرى ئۇلارنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ يا كۈلگىنىنى، ياكى يىغلىغىنىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان غەلىتە شەكىلگە كىرىپ قالدى. مەن بىر سەكرەپلا شىرەنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدىم-دە، قۇيرۇق تۈۋىگە كۆكيۈن قونۇۋالغان ئېشەكتەك ھەر تەرەپكە ئالچاڭلاپ تۇرۇپ تۇۋلاپ كەتتىم.

«قاراقاش، يۇرۇڭقاش، يوغان تاش، كىچىك تاش، قىزىل تاش، يېشىل تاش، سېرىق تاش، قوڭۇر تاش، چىپار تاش، شېغىل تاش، قورامتاش...»

بېشىمنى ئىككى ياققا توختىماي گىلدىڭلىتىشقا باشلىغىنىمدا ئۇزۇن چاچلىرىم ھەريان پۇلاڭلاپ كەتتى. پۈتۈمنى ھەر بىر «قاش، تاش» قا ماس ھالدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاقىلدىتىپ ئۇرۇۋەردىم. سورۇندىكى چۇقان - سۈرەن، سوزۇپ - سوزۇپ ئىسقىرتىشلار تېخىمۇ ئۇلغايدى. ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقىمنى ئۇنتۇغان ھالدا چىغىرىقتەك تولغىنىپ تۇرۇپ تۇۋلاۋاتقىنىمدا سورۇننىڭ كەيپىياتىغا ماس بولمىغان بىر ئىش كۆزۈمگە چېلىقتى. تاشمەتنىڭ ئارقىسىدا بېشىغا چىمەن دوپپا، ئۇستىگە ئەترەڭ سارجىدىن كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن بىر يىگىت ماڭا غەزەپ بىلەن كۆز ئالايتىپ ئولتۇراتتى. ئەتىدىن بېرى ئۇنىڭ سورۇندا بارلىقىنى بايقىمىدىمىمۇ ياكى ئۇ ئەمدىلەتىن غىپپىدە كىرىپ، شىپپىدە ئولتۇرۇۋالدىمۇ بۇنىسى نائېنىق ئىدى. ئىش قىلىپ ئۇنىڭ تۇرقىدىن ماڭا بىرەر ئاۋارىچىلىق كەلتۈرىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

«ناخشام» ئىختىيارسىز ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇنىڭ بىرەر چاتاق تېرىشىدىن ئەيمىنىپ توختىدىممۇ، ياكى كۆپ تۇۋلاپ ھاردۇق يەتتىمۇ بۇنىمۇ سەزمەيتتىم. توختىشىمغىلا دوستلىرىم ئالىقانلىرى يېرىلغۇدەك تاراسلىتىپ چاۋاك ياڭرىتىۋەتتى. ئەمما ھېلىقى خومپەر چاۋاك چالماقتا يوق دىمىغىنى مەسخىرىلىك قېقىپ قويۇپ ئولتۇرۇۋەردى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى مېنىڭ زامانىۋى «ناخشا»لىرىمنى ياراتمىغانلىقى بولماي نېمە! مەندەك يېڭىدىن پارلاپ چىقىۋاتقان يارقىن «چولپان»غا قىلىنغان ھاقارەت بولماي نېمە. ئاچچىقىمنى باسالماي ئۇنىڭدىن سوراشقا مەجبۇر بولدۇم.

— سىز مېنىڭ دۇنياغا يۈزلەنگەن «ناخشا»لىرىمنى ياراتمايۋاتامسىز؟

— ھا، ھا، ھا، سىزنىڭ بۇ بىمەنە گەپلىرىڭىز ناخشا دەپ ئاتالسا، ناخشىغا قىلىنغان ھاقارەت بولمامدۇ، — دېدى ئۇ ھارامزادە قاتتىق كۈلۈۋېتىپ.

— ھەسەتخور! كۆزۈڭنى ئويدان ئېچىپ قاراپ باق، ھازىر ساپلا مۇشۇنداق زامانىۋى «ناخشا»لار بازار تېپىۋاتامدۇ.

— بىر مەزگىل بازار تېپىشى مۇمكىن، — دېدى ئۇ تەمكىن قىياپەتتە تۇرۇپ، — تەرەققىياتقا ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن ھەر قانداق شالغۇت شەيئىنى يەنە شۇ تەرەققىيات ئۆزى يوق قىلىدۇ.

— تولىمۇ مەدەنىيەتسىز، تومپاي بىر نېمىكەنسەن، — ئۇنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ باردىم.

— سەن مەدەنىيەت دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى ئەسلا چۈشەنمەيدىكەنسەن، — دېدى ئۇ تەپتارتماي چىرايىنى سەت پۈرۈشتۈرۈپ.

قارىغاندا بۇ سەھرالىقتا گەپتە تەڭ كېلىش ئاسان ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئەدىبىنى راسا بېرىپ قويماقچى بولدۇم - دە، زاڭىقىغا كېلىشتۇرۇپ بىر مۇشت ئۇردۇم. كىم بىلسۇن ئۇ بىرنېمىمۇ بوش ئەمەسكەن، يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاغزىمغا بىرنى سېلىۋېدى يىقىلغان ئورنۇمدا مىدىرلىماي ھوشۇمدىن كەتتىم. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن تاڭ، بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام چىشلىرىم تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. ئەتراپىمدا بىرمۇ ئادەم يوق. ھېلىقى مۇشتلاشقان دۈشمىنىممۇ، ئۇزاق ئۆمۈر تىلەپ بېشىدا كۆتۈرگەن دوستلىرىممۇ ھەممىسى مېنى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاغزىمنىڭ سالامەتلىكىنى تېزراق ئەسلىگە كەلتۈرەي دەپ ئۇدۇل مەشەگە كەلدىم.

× ×

ئۇ جىمىپ قالدى. دەيدىغانلىرىمۇ ئاياغلاشقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ كېسەل تارىخى خاتىرىلەنگەن دەپتەرنى كۆتۈرۈپ يېتەكچى دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا ئالدىراش يۈرۈپ كەتتىم.

تەھرىرى: *تۇرسۇنجان مۇھەممەت*

ئىمىن تۇرسۇن

# ئەدەبىياتىمىزدا تەشبىھ - مۇبالىغە

زامانىۋى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا، يىگىرمە يىلدىن بۇيان، نۇرغۇن نەزمىي ۋە نەسرىي ئەسەرلەر يارىتىلدى. نەزمىي ئەسەرلەردىن يېڭى داستانلار، نەسرىي ئەسەرلەردىن يېڭى رومانلار خۇددى ئاتا مىراس گۈلباغقا يېڭى تېرىلىپ، كەينى - كەينىدىن پورەكلەپ ئېچىلىپ، گۈلخۇمارلارنىڭ كۆڭلىنى يايراتقان رەڭگارەڭ ۋە خىلمۇخىل خۇشبۇي گۈللەردەك، ئوقۇرمەنلەرگە بەدىئىي زوق بېغىشلىدى؛ زامانىۋى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ خەزىنىسىنى ئۆچمەس ھاسىلاتلىرى بىلەن بېيىتىشقا يۈرەك قانلىرىنى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلىرىنى سەرپ قىلىۋاتقان شائىر ۋە ئەدىبلىرىمىزدىن مىننەتدارمىز ھەم ئۇلارغا ئاپىرىن دەيمىز.

زامانىۋى ئەدەبىياتىمىز سان — ساپا جەھەتلىرىدىن بالاغەت مەنزىلىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. بالاغەتكە يېتىش ئۈچۈن ئەدەبىياتىمىزنىڭ تىلى تېخىمۇ «بەلىغ» بولۇشىغا تەقەززادۇر. بۇ گەپتىن ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزنىڭ تىلى «بەدىئىي ئەمەس» دېگەن مەنا چىقمايدۇ. شائىرلىرىمىز ۋە ئەدىبلىرىمىز ئۆزلىرى خالىغان ۋە تاللىغان تېمىلىرىنى تۈرلۈك بەدىئىي ۋاسىتىلەر، بولۇپمۇ پاساھەتلىك تىل بىلەن ئىپادىلەشتە يار بەرگەن ئىمكانىيەتلەردىن قۇربى يەتكىنىچە پايدىلىنىپ، تىنىماي ئىجتىھاد قىلماقتا. يەنە، خەلقىنىڭ جانلىق تىلىدىن، كلاسسىك يېزىق ئەدەبىي تىلىمىزدىن، تەسۋىرى ۋاسىتىلەرنى ئۆگەنمەكتە ۋە ئەسەرلىرىدە ئىشلەتمەكتە. مەسىلەن، ماقال - تەمسىللەر، ئىدىئوملۇق. سۆز بىرىكمىلىرى، فرازېئولوگىيىلىك ئىبارىلەر، چىرايلىق تەشبىھ - مۇبالىغە ئىپادىلىرى، تۈرلۈك سۆز ئويۇنلىرى ۋە باشقىلار. بۇ ئالقىشلاشقا تېگىشلىك ئەھۋال. ئەمما، خەلقىنىڭ جانلىق تىلىدىن ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات تىلىدىن ئۆگىنىپ، نەسرىي ۋە نەزمىي ئەسەرلىرىمىزنىڭ تىلىغا تەتبىق قىلىشنى تەكىتلەشكە زۆرۈر بولغان ۋە زامانىۋى ئەدەبىياتىمىزدا كەملىك قىلىۋاتقان بىر بەدىئىي ۋاستە بار. ئۇ تەشبىھىي مۇبالىغە ئۇسۇلىدۇر.

«مۇبالىغە» ئەرەبچە ياسالما سۆز بولۇپ، تۆمۈرى «بەلىغ»، بۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «بۇلەغا» دۇر. بۇ سۆز «نەپىس مەنىلىك، تويۇنغان ئىپادىلىك، سىلىق» دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ. «بەلىغ» نىڭ تەڭداش مەنىلىك تۈرى — «فەسىھ» (كۆپلۈك شەكلى «فەساھەت») «ئوچۇق، روشەن، راۋان» ۋە «يېقىملىق، چىرايلىق ئۇسلۇبلۇق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن «بەلىغ» دىن تۈرلەنگەن «مۇبالىغە»، ئۆزىنىڭ تۈپ مەنىسى ئاساسىدا، «ئاشۇرۇش، كۆپتۈرۈش» ۋە «چىرايلىق ئوخشىتىشلار بىلەن ئاشۇرۇپ سۈپەتلەش» دېگەن مەفھۇمنى ئاڭلىتىدۇ. ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بايان قىلىنغان كىتابلاردا، «مۇبالىغە» گە مۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن: 1. ستىلىستىك ئۇسۇللاردىن بىرى، تولۇپ - تاشقان تەسەۋۋۇردىن پايدىلىنىپ، شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆپتۈرۈپ، سۆز - ئىبارىلەرگە ھەشەمەتلىك تۈس بېرىش ئارقىلىق ئىپادە ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت؛ 2. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن بىرى، رېئال تۇرمۇشنى ئاساس قىلغان ھالدا، تەسەۋۋۇر ۋاستىسىگە تايىنىپ، تەسۋىرلەنگۈچىنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆپتۈرۈش ۋە تەكىتلەش ئارقىلىق، ئەسەردە ئەكس ئېتىلىدىغان شەيئىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بەدىئىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. كۆپ ھاللاردا، مۇبالىغە بىلەن

www.uyghurkitap.com



تەشبىھ بىر - بىرىگە زىچ باغلىنىپ، بىر - بىرىنى مەنا جەھەتتىن كۈچەيتىش ۋە بەدىئىي تەسىر جەھەتتىن كېڭەيتىش ھەم چوڭقۇرلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. دېمەك، تەشبىھ بىلەن مۇبالىغە قوشكېزەكدۇر.

ئەدەبىياتتا بەدىئىي تىلنىڭ بۇ تەسۋىرىي ۋاستىسىدىن خەلقىمىز ۋە كلاسسىكلىرىمىز ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن پايدىلانغان. بۇ سۆز سەنئىتىگە خەلق چۆچەكلىرىدە مىساللار كۆپ ئۇچرايدۇ. پەقەت «باھار دانىش» تىنلا مىسال ئالساق:

«. . . بىر قىزى باركى، جاھاننى يورۇتقۇچى نۇرلۇق قۇياشمۇ تۆتىنچى ئاسماندىن ئۇنىڭغا پەردىسىز قارىسا، سىمابتەك ئېرىپ كەتكەي؛ گۈللەرنىڭ رەڭگىمۇ ئۇنىڭ يۈزىنىڭ چىرايلىقلىقىدىن خىجالەتتە قىزىرىپ، ياقىسىنى چاك قىلغاي.»

«رەسۋالىقىنىڭ ناغرىسىنى چالدى.»

«ھەممە ئادەمھوزۇر كاسەسىدىن راھەت شارابىنى ئېچىپ، مەست سۆھبەتبولدى.»

«شەھۋەتنىڭ قازىنىنى ھاراقنىڭ ئوتى بىلەن قايناتتى.»

«مەن ئوقيا ئېتىشتا، قاراڭغۇ كېچىدە، چۇمۇلىنىڭ پۇتى بىلەن زىغىرنىڭ قاسىرىقىنى ئايرىلاشتۇرۇپ قويىمايمەن.»

«بەلانىڭ چاقمىقى نومۇس خامىنىغا چۈشتىمۇ ياكى نومۇسنىڭ شىشىسى رەسۋالىق تېشىغا تەگدىمۇ؟»

«ئاخىر، تەقدىر قاراڭغۇلۇق پەردىسىنى جاھان ئايۋىنىغا يايدى.»

«كىيىك ئاخىر چاقماق تېزلىكىدە يۈگۈرۈپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، شاھزادىنىڭ بېشىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كەتتى.»

خەلق چۆچەكلىرىدىكى مۇنداق تەشبىھي مۇبالىغىلەر بايان قىلىنىۋاتقان ۋەقەلىككە تېخىمۇ تۈس بېرىپ، تەسۋىرلەنگەن نەرسە توغرىسىدا ئوقۇرمەنگە ئالاھىدە زوق — قىزىقىش بېغىشلايدۇ.

كلاسسىك شائىرلىرىمىز پىكىرلىرىنى شېئىرىي ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەشتە، ئاجايىپ ماھارەت ئىگىلىرىدۇر؛ ھەقىقەتەن ئۇلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ «مەلىكۇل كەلامى» (سۆز پادىشاھى) ۋە «ئۇيغۇر ئىباراتىنىڭ بۇلەغاسى» (ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنى نەپىس ئىپادىلىگۈچىسى) دېگەن يۇقىرى سۈپەتكە ۋە شۆھرەتكە مۇناسىپ ئۇستازلاردۇر. بولۇپمۇ كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ غەزەللىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىدىغانلىقىنى ۋە مەقسەتلىرىنى ئىپادىلىگەن سۆز - ئىبارىلىرىنىڭ باي مەزمۇنلۇق، رەڭدار ھەم پاساھەتلىك ئىكەنلىكىنى، گويا ئۇلار ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ لۇغەت بايلىقىنى قويماي ئىشلىتىپ بولغاندەك، ھازىرقى زامان شائىرلىرى ئىشلەتكىلى سۆز - ئىبارىلەر قالمىغاندەك ھېس قىلماي قالمايمىز.

شەرق ئەدەبىياتىدا، جۈملىدىن خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتلىرىدا، خەلق ياراتقان تەشبىھي مۇبالىغىلەرنىڭ ئاجايىپ نەمۇنىلىرىنى ئوقۇيمىز. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدا، بىرەر ئىش - ھەرىكەتنىڭ دەبدەبىسىنى بىلدۈرمەكچى بولسا، «ئاسماننى كۆمتۈرۈپ، يەرنى ئاغدۇرىدىغان»، بىرەر ئىشقا زور كۈچ سەرپ قىلغاننى «توققۇز ئۆكۈز، ئىككى يولۋاسنىڭ كۈچى» دېگەندەك ئىبارىلەرنى ئىشلىتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بىرەر باتۇرنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى تەسۋىرلىمەكچى بولسا، «تاغنى تالقان قىلىۋەتمەك»، «يەر بىلەن يەكسان ئەيلىمەك» دېگەندەك مۇبالىغىلىك ئوخشىتىشلارنى ئىشلىتىدۇ. كلاسسىكلىرىمىزنىڭ

شېئىرىي ئەسەرلىرىدە مۇنداق تىل ماھارىتى تېخىمۇ گەۋدىلەنگەن. مىسال تەرىقىسىدە، زەلىلىنىڭ «دىلرەبا دەرلەر» دېگەن غەزىلىنى ئوقۇپ كۆرەيلى.

سېنى لەيلى رەڭنادەك ئاجايىپ دىلرەبا دەرلەر،
مېنى مەجنۇنى شەيدادەك كويۇڭدا بىر گەدا دەرلەر.
ئەجەبدۇر ئەي شاھى خوبان كېچە ـ كۈندۈز ئىشىكىڭدە،
ھەمىشە مەن نەۋا قىلسام دەغى سەن بى نەۋا دەرلەر.
باقىبان ئەل سارى جانا يۈزۈڭدىن بىر نىقاب ئالساڭ،
روخۇڭنى چۈن مەھى ئەنۋەر تەجەللىئى خۇدا دەرلەر.
تەبەسسۇم ئەيلەبان تاكى نەزەر سالساڭ گۆرۈستانغا،
قوپۇپ گۆردىن بەرى مۇردە ھەمە ۋاھەسرەتا دەرلەر.
كۆرۈبان بەگزى ئاشىقلاركى ھەلقە ـ زۇلفۇڭنى،
ئەزەلدىن بىرگە سالغان بۇ ھەمە زەنجىرى پا دەرلەر.
يۈرۈپ سوردۇم تەبىبلەردىن نەدۇر بۇ دەردىما دەرمان،
تەبىب ئەيتۇركى ئەي نادان بۇدەردى بى دەۋا دەرلەر.
ئاتىڭنىڭ خاكپايىغە زەلىلى يۈزىنى سۈردى،
نىدا كەلدىكى قەسرىڭدىن كۆزۈڭ سۈر بۇ تۇتىيا دەرلەر.

بۇ غەزەلدىكى تەشبىھىي مۇبالىغىلەر شۇنداق پاساھەتلىك بولۇشى سەۋەبىدىن، جاھان ئەدەبىياتى نەمۇنىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بەزى داڭلىق ئەسەرلەردىكى مۇبالىغىلەرگىمۇ ئۆلگە بولالايدۇ. مەسىلەن، تۆتىنچى بېيتنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى. — مەزمۇنى: «مۇبادا سەن گۆرۈستانغا تەبەسسۇم بىلەن نەزەر سالىدىغان بولساڭ، گۆردە ياتقان ھەممە مۇردىلار قوپۇپ، ئاھ ـ ۋاھ دەپ ھەسرەت چېكىدۇ.» قاراڭ، مەھبۇبىنىڭ تەبەسسۇمى ھەتتا گۆردە ياتقان مۇردىلارغىمۇ تەسىر قىلىپ، ئۇلار ئورنىدىن قوپۇپ، مەھبۇبىنىڭ ھۆسنى ـ لەتاپىتىنى ئىلگىرى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەسرەت چېكىدۇ، دەپ تەسۋىرلىگەن. زەلىلى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن بەدىئىي تىل ئۇستازلىرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، مۇبالىغىدە ئۆزىگە خاس نەمۇنىلەرنى ياراتقان تىل سەنئەتكارىدۇر. ئۇنىڭ يەنە بىر غەزىلىدىكى مۇنۇ بېيتكە نەزەر سالايلى:

كۆڭۈل ئېقلىمىنى تاراج ئېتەرمەن بولماسۇن غافىل،
جۇنۇندىن پارە بولغان خىرقەنىڭ تارى سىپاھىمدۇر.

يەنى، «يار غەپلەتتە قالماي ئاگاھ بولسۇنكى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېقلىمىنى تالان ـ تاراج قىلىمەن، مەجنۇنلۇقۇمدىن جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن جەندەمنىڭ تارالغان تالالىرى تالان ـ تاراج قىلىدىغان قوشۇنۇمدۇر.»

ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرىنىڭ تەبىرىچە، تەشبىھ يەنى ئوخشىتىش — ئىنسان بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئامىللىرىدىن بىرى؛ بۇ بەدىئىي ۋاسىتە ئىجادكارغا ئۆز تەسىراتلىرى، پىكىر ۋە كەچۈرمىشلىرىنى ئېنىق، ئوبرازلىق ئىپادىلىشىگە ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

كۈچلۈك قورال بولىدۇ. سەنئەتكارنىڭ مەۋجۇدات ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى نازۇك باغلىنىشلارنى پەھىملەش ئىقتىدارى، ئۆزىگە خاس مۇلاھىزە ئۇسۇلى ۋە پوئېتىك ماھارىتى ئۇنىڭ ئەسەردىكى تەشبىھلىرىدە روشەن گەۋدىلىنىدۇ. تەشبىھىي مۇبالىغە تەسۋىرگە تېخىمۇ پارلاق تۇس بېرىپ ۋە تېخىمۇ تەسىرلەندۈرىدىغان كۈچ بېغىشلاپ، تەسۋىرنىڭ پاساھەت ۋە بالاغەت دەرىجىسىنى كۆتۈرىدۇ. تەشبىھىي مۇبالىغە ئەسەردە تەسۋىرلىنىدىغان ئوبيېكتنى روشەنلەشتۈرۈش، سېلىشتۇرۇپ — ئاشۇرۇپ كۆرسىتىش، يوشۇرۇن سۈرەتتە ياقلاش، تەتۈر بايان قىلىش، سىلىق ئىبارىلەر بىلەن تەگشەش، زەنجىرسىمان باغلاش، تەكىتلەش ئۇسۇللىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئۇسۇللارنى زەلىلىنىڭ مۇنۇ غەزىلىدىن ئېنىق كۆرەيلى.

سەھەر گۈلگۈن كىيىپ گۈلشەنگە كىرگەچ بىر پەرى روپى،
كەبۇ تەرخانەئى كۆڭلۈمگە چەكتىم شۇئىلەدىن ھويى.
مۇھەببەت ياسىدىن كىرپىك ئوقىنى بەس بەلەند ئەتتى،
مېنىڭ جانىمنى قۇربان ئەتكەلى پەيۋەستە ئەبرويى.
قىيامەت ئىشۋە خېزى قامەتى رەئناسىنى زىنھار،
كۆزۈم ئەتراپىدا ئولتۇرغۇزۇڭلار سەرۋى دىلجويى.
سەبا ئەنبەر شەممى زۇلفىدىن جانىمغە يەتكۈزدۈك،
كى رىزۋانۇ بېھىشتى تاپماغايكىم مۇنچە خۇشبۇيى.
نە تەنھا دەشتى ھامۇن لايىقى ئېقلىمى مەجنۇندۇر،
بۇ نۇر ئىچىدە ھەزاران موسەئى مەستانە ھەر سويى.
چۇ ئىستىغنا يۇزىدىن بۇر قەئى ھۆسنىنى ئاچمايدۇر،
ۋۇجۇد ئەسبابىدىن ئاشىقدە بولسا گەر سەرى مويى.
بەشەر ھۆكمىدە بىلمەك ئىنتەھايى بى بەسارەتلىك،
فەرىشتە خەيلىنى دىۋانە قىلغان تۇرفە بانۇيى.
سەنەم شەھىر ئىچرە گويا خىرمەنى گۈل پەردە پۇش ئولغاچ،
زەلىلى خاكى رىزى قەلئەتدە مۇرغى سۇخەنگويى.

زەلىلى بۇ غەزەلىدە، قىزىلگۈلدەك ياسانغان «پەرى روپى» (پەرى يۈزلۈك) يارنىڭ «پەيۋەستە ئەبرويى» (قوشۇما قېشى) نى «مۇھەببەت ياسى» دەپ، «ئەنبەر شەممى» (ئەنبەردەك خۇشپۇراق) «زۇلفى» (چېچى) دىن «رىزۋان — بېھىشتىمۇ» تېپىلمايدىغان «خۇشبۇي» نى «سەبا» يەتكۈزدى دەپ، ھەتتا پەرىشتىلەرنىمۇ دىۋانە قىلىۋېتىدىغان «تۇرفە بانۇ» (كەم ئۇچرايدىغان خېنىم) نى كۆرۈشكە ئادەتتىكى ئىنساننىڭ «بەسارەتلىك» (ئۆتكۈر كۆزى) كۇپايە قىلمايدۇ دەپ، تەشبىھىي مۇبالىغە بىلەن تەسۋىرلىگەن.

بولۇپمۇ كلاسسىكلىرىمىز تەشبىھىي مۇبالىغىنىڭ «تەشبىھىي مۇسالسەل» (زەنجىرسىمان باغلاپ كەينى ـ كەينىدىن ئوخشىتىش) ۋە «تەشبىھىي مۇئەككەد» (ئوبيېكتنى تەكىتلەپ ئوخشىتىش) ئۇسۇللىرىنى ئۆز شېئىرىيەتلىرىدە كۆپ تەتبىق قىلىپ، ئۆرنەكلەر كۆرسەتكەن.

ھەزرىتى ئەلىشىر ناۋائىينىڭ «رەددۇل مەتلەئى» (مەتلەئىنى تەكرارلاش) ئۇسۇلىدا

يېزىلغان «ئىشق» رادىفلىق غەزەلدىن:

ئاهكىم، غەم تېغىدىن كۆكسۈمنى قىلدى چاك ئىشق،
دۇدى ئاهىمدىن كۆزۈمنى ئەيلەدى غەمناك ئىشق؛
دەرد كىرمەك بىرلەجان چىقماققە گەر يول قىلمادى،
نە ئۈچۈن غەم تېغىدىن كۆكسۈمنى قىلدى چاك ئىشق.

زەلىلىنىڭ «تەشبىھى مۇسەلسەل» ئۇسۇلىدا يېزىلغان «ئۆكسۈمەس» رادىفلىق غەزەلدىن:

خىلۋەتى خاس كۆڭۈلدىن سۆھبەتى جان ئۆكسۈمەس،
جان ئەگەر قەتئى تەئەللۇق قىلسا جانان ئۆكسۈمەس؛
كەتمەيىن غەم خاتىرىمدىن لەشكەرى ھىجران كېلۇر،
بى تەكەللۇف بۇ سارايدۇركى مېھمان ئۆكسۈمەس.

دېمەك، كلاسسىكلىرىمىزنىڭ بۇ غەزەللىرىنىڭ قۇرۇلمىسى تەشبىھ پرىيومى ئاساسىدا تۈزۈلگەن؛ غەزەللىرىدە تەشبىھى مۇبالىغە ئۈچۈن قوللىنىلغان بارچە مەفھۇملار ۋە دېتاللار بىر ـ بىرىگە زىچ باغلىق ھالدا، بىر ـ بىرىنى مەنتىقى جەھەتتىن تەقەززا قىلغان. بەدىئىي ئەسەردە، تەشبىھى مۇبالىغە قۇرۇلما ــ ستىلىستىك ئۇسۇللار ئىچىدە مۇھىم ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. كلاسسىكلىرىمىزنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇساق، «يارى»-نى بەزىدە «گۈل» بىلەن، بەزىدە مەلۇم رەڭ (ئاق ياكى قىزىل) بىلەن، بەزىدە «ئاي ـ كۈن» بىلەن، بەزىدە زامانىسىدا ئومۇمىي ــ مودا تېما بولغان ئاشىقلارنىڭ ناملىرى (شېرىن، زۆھرە، لەيلى) بىلەن تەشبىھ قىلسا، ئۆزلىرىنى «بۇلبۇل» ياكى «مۇرغ» ياكى «خازان» (سېرىق) ۋە «پەرھاد، تاھىر، مەجنۇن» بىلەن تەشبىھ قىلغان. تولا شائىرلار «لەيلى ـ مەجنۇن» بىلەن تەشبىھ قىلىشقا ئادەتلەنگەن.

شائىر سەئىد نەفىسى فارس ـ تاجىك شائىرى رۇدەكى توغرىسىدا يازغان ماقالىسىدە مۇنداق دەپتۇ: «ھەر بىر شائىرنىڭ كاتتا ماھارىتى تەشبىھلەردە كۆرۈنىدۇ. تەشبىھتە قۇدرەتلىك بولغان شائىر جاھانگىر راقدۇر».

دەرۋەقە، بىز كلاسسىكلىرىمىزنىڭ مۇنداق سەنئەت يوللىرىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلمايمىز. پەقەت ئۇلارنىڭ سەنئەت يوللىرىنى ئۆرنەك قىلىمىز. مۇبادا، بىزنىڭ زامانىۋى ئەدىبلىرىمىز، شائىرلىرىمىز تېمىلارنىڭ ھازىرقى قاينام دېڭىزىدىن قارماقلىرىغا ئىلىنىدۇرگەن «ئوۋ» لىرىدىن ھەممە مۇخلىسلىرىنى ھۇزۇرلاندۇرماقچى بولغاندا، يەنى بىر ـ بىرىگە مەنتىقى باغلانغان مەفھۇملارنى (مەقسەت ــ غايىلىرىنى) ئۆز ئوقۇرمەنلىرىگە، ۋەقەلىكنى سىغدۇرالايدىغان ژانىردا، پاساھەتلىك تىل ۋە ئوقۇرمەننى زوقلاندۇرالايدىغان ئاجايىب پرىيوم ھەم بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئاڭلاتماقچى بولسا، خەلق چۆچەكلىرىدىن ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن تەشبىھ مۇبالىغە ئۇسۇلىنى كۆپرەك ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. بۇنداق قىلىش بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ پاساھەتلىك دەرىجىسىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىكى تارىخىي ئىزچىللىقنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ زۆرۈر!

1998 ـ يىلى، مارت

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەخمەتجان تۇرۇپ

# يېگانە شاخلاردا پىلدىرلار ھەسرەت

## مەيخانىدىكى قىز

بەر قولۇڭنى سۆيۈملۈك قىزچاق،
مەيخانىدىن ئېپ كېتەي سېنى.
ئىچكۈم كەلمەس بىلسەڭ مېنىڭمۇ،
كۆز ياشلىرىڭ تامغان شارابنى.
سەھرا تامان ئۇچقىن مەن بىلەن،
تاراپ قويسۇن ئانام چېچىڭنى.
ئۆتمىشىڭگە دېگىن: ـ «ئەلۋىدا!»
ئۆرتىمىسۇن يەنە ئىچىڭنى.
بېغىمدىكى يۇمران ئۇسىمىمۇ،
تەشنا سېنىڭ قەدەملىرىڭگە.
پىچىرلىشى چىم بۇلاقلارنىڭ،
شىپا قىلار ئەلەملىرىڭگە.
يېتىرقىما سۆزۈمدىن زىنھار،
جىمى قەلب ئەسلى بىر ۋەتەن.
ئۇنتالمىساڭ ئۆكسۈشلىرىڭنى،
يۇيىۋېتەي شېئىرىم بىلەن.

## مەشۇق جىلۋىسى

كېلىسەن سەھراغا ئەتە سەھەردە،
تارتىنچاق پەرىزات قىزلارغا ئوخشىمان.
چىقىدۇ ئالدىڭغا بىر گۈل ئېلىپ،
قەلبىمنىڭ تۆرىدە بىخلانغان ئارمان.
كېلىسەن سەھراغا ئەتە سەھەردە،
ئاققۇنىڭ پېيىدە ئولتۇرۇپ تەمكىن.
شېرىن چۇش باغرىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ،
ئوينايدۇ چېچىڭنى ئۇياتچان سەلكىن.

كېلىسەن سەھراغا ئەتە سەھەردە،
چاچرىتىپ مۇڭلانغان باغلارغا ئىپار.
شىر كەيىپ بولىشار ھەممە بىر پەستە،
ئايىغىڭ تاۋۇشى بولغاچ جەلپكار.
كېلىسەن سەھراغا ئەتە سەھەردە،
شەبنەمدەك يالتىراپ، كۈلۈپ بىمالال.
ئۆركەشلەپ ئاقسىمۇ كەينىڭدىن غەيۋەت،
يۈرەككە باش قويۇپ ئۇخلا، ئارام ئال.

## شائىر بوۋا قەبرىڭىز ياندى دىلدا چاراقلاپ

(ئۇيغۇر دېموكراتىك شائىرى ئىسمايىل ھاجىم خاتىرىسىگە)

1

شائىر بوۋا قەبرىڭىز ياندى دىلدا چاراقلاپ،
تۇرار ئەمدى پۈرەكلەپ تىغ سالسىمۇ قەھرىتان.
تومۇردىكى قانلارمۇ ئاققاچ شۇ دەم كۆۋجەپ،
قاناتلىرى چىققاندەك بولدى ھەممە شادىمان.

يۈرەكلەرنىڭ دۈپۈلدەپ سوقۇشىنى بىر دېمە،
كېڭەيمەكتە بارغانچە ئاتەش ئەمگەن قاراقلار.
پەرۋاز قىلغان قايسى زات يىلتىزىنى ئىزدىمەي،
ئاجرىماقتا بېغىدىن كۆكلۈلدىكى قاداقلار.

شۇ تاپ سىزگە يۆلەنگەن تاغمۇ كۆزنى نەملىدى،
قەبرىڭىزنى ئاختۇرۇپ چاك ـ چاك بولغاچ يۈرىكى.
چېچەكلەيدۇ بۇ كېچە تەجەللىنىڭ روھىمۇ،①
بولغان شائىر ئەل ـ يۇرتنىڭ قىيامەتلىك تۈۋرۈكى.

---

① ئىزاھات: ـ شائىر تەجەللى ھايات چېغىدا ئىسمايىل ھاجىمغا ئۇستاز بولغان.

2

غەزەلخانىنىڭ ئۈستىسى بولغاچ بوۋا ئۆزىڭىز،
يازمىڭىزنى يۈرەكتە ساقلىغانكەن نەۋرىڭىز.
كىم ئېيتىدۇ ئەللىك يىل سىزنى نامى ئۆچتى دەپ،
ئىدى ئۇ چاغ قۇياشنىڭ قۇچىقىدا قەبرىڭىز.

3

كەچۈرگەيسىز ئەي بوۋا، بۈگۈن نامرات پىقىرنى،
تىترەپ تۇرۇپ بىر دەستە قويالمىدىم گۈلۈمنى.
نېمىشقىكىن قاقاقلاپ كۈلگۈم كەلدى شۇندىمۇ،
تېپىۋالغاچ سىز بىلەن قەدىرلەنگەن كۈنۈمنى.

## مەشرەپ لىرىكىسى

(لوپ ناھىيىسىنىڭ ھاڭگى يېزىسىدىكى مەشرەپ ئەھلىگە ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن)

مەشرەپ، مەشرەپ جىلۋىدار ئىسمىم،
سەن ئەۋلادقا ئۆلمەس ئەنئەنە.
ئەجدادىمىز كۆمۈلگەن زېمىن،
بىلسەڭ سەنچۈن مۇقەددەس سەھنە.

مەشرەپ، مەشرەپ جىلۋىدار ئىسمىم،
سەن قۇياشتىن تۇغۇلغان بوۋاق.
سۇ بولىدۇ يۈرەك، (تامچە سۇ)،
چۈشسەڭ كۆكتىن بولۇپ بىر چاقماق.

مەشرەپ، مەشرەپ جىلۋىدار ئىسمىم،
قەھرىڭ يالقۇن، قەھرىڭ زۇلپىقار.
قانتىمىڭغا قايچا تەڭلىگەن،
ئىككى دۇنيا خار بولىدۇ، خار!

مەشرەپ، مەشرەپ جىلۋىدار ئىسمىم،
سەن گۈللىگەن يېگانە شەمشات.
يىلتىزىڭ بار دىللار تەكتىدە،
مات قىلىسەن بورانلارنى، مات!

× ×

مەشرەپ، مەشرەپ جىلۋىدار ئىسمىم،
سەن ئۇيغۇرغا ئۆلمەس ئەنئەنە.
ئوغۇز قېنى كۆكەرتكەن زېمىن،
بىلسەڭ سەنچۈن مەڭگۈلۈك سەھنە.

ئەمەتجان قۇربان

## سەرسان كەچمىش

تۇترۇق بولغان روھىڭ سۆيگۈگە،
كەتتى ھىجران تەقدىرگە كۆنۈپ.
يەر شارىدا سارسان بوپ يۈرەر،
سەندىن مىراس قالغان كەچمىشىڭ.
سەن ياشايسەن بەختلىك بولۇپ،
يېپيېڭى بىر دۇنيا قوينىدا —
قۇدرىتىنى بىلسەڭ سۆيگۈنىڭ.
تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

رەڭگى ئۆڭگەن ھەسرەت ئىچىدە،
غېرىبسىنىپ قاپتۇ تەنھالىق.
ياش ئەگىگەن چاناقلىرىڭدا،
قېتىپ قاپتۇ مىسكىن جۇدالىق.

يېتىرقىغان ھېسلار ئەۋجىدە،
يۈرىكىڭنى قويدۇڭ تارتتۇرۇپ،

www.uyghurkitap.com

# هازىرقى زامان خەلق قوشاقلىرى

كۆمۈر دېگەن قارىكەن،
هويلاڭ بەكمۇ سايىكەن.
يېڭى تۇتقان يارىمنىڭ،
يۈرەكلىرى پارىكەن.

ئىشىك چەكمە ئاخشامدا،
كۆيلىمىگىن ناخشاڭدا.
مەن ساڭا ئامراق ئەمەس،
كۆيۈپ قالدىم ئاكاڭغا.

سەت ئەمەسمەن قاچقىدەك،
كىچىك ئەمەس باجكىدەك.
مۇڭلۇق سۆزلىرىڭ يوقمۇ،
ئاخشام ئىشىك ئاچقىدەك.

ئەتىر گۈلۈم ـ ئەتىر گۈل،
سۇغا سالاي سولاشما.
سەن ماڭا شەيدا بولساڭ،
ئېرىڭ بىلەن بولاشما.

ئۆيىڭىز بەك يىراقمۇ،
ئاڭلىمايسىز ناخشىنى.
ئۆزىڭىز خۇيلۇق جۇۋان،
بىلەلمەيسىز ياخشىنى.

ئۆرۈك بارمۇ قاققىدەك،
بالاڭ بارمۇ باققىدەك.
ئەجەب تاتلىق خۇيۇڭ بار،
قوغلاپ ئېلىپ قاچقىدەك.

قۇرۇق ئوتۇنۇڭ بولسا،
پارچىلاپلا مەشكە سال.

كۆڭلۈڭدە مەن بولمىسام،
ئەگەشمىگىن بولدى قال.

ئۆيۈمدىكى كۆك كەپتەر،
قوندى ئۆرۈك شاخىغا.
ئەمدى كۆڭۈل بەرمەيمەن،
سەندەك كۆڭلى قارىغا.

مانتا ئەتتىم ئۆرلىتىپ،
مەززە قىلىپ يەيلىمۇ.
توي قىلىشقا پۇتۇشتۇق،
ئانىمىزغا دەيلىمۇ.

سارجى ئالدىم دۇكاندىن،
پەلتۇ تىكەي يار ئۈچۈن.
قارىمايسەن نېمىشقا،
كۆيۈۋاتسام سەن ئۈچۈن.

بۇ يۇرتتا ئوغۇل تولا،
ۋىجدانلىقتىن بىرسى يوق.
ئەقلى يوقلار يىغلايدۇ،
ئەقلى بارنىڭ كۆڭلى توق.

گىردە ياقمايلى يارىم،
جىگدە قاقمايلى يارىم.
بۈگۈن ئىشىم ئالدىراش،
كۆڭۈل ئاچمايلى يارىم.

دەردى يوقمىكىن دەمسەن،
ئالدىڭدا كۈلۈپ يۈرسەم.
ئىچىمدە دەردىم تولا،
بولامدۇ دېمەي ئۆلسەم.

**خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن**

بۇ رەختنى ئالماڭلار،
كۆرۈشكە ئۇز تېگى بوش.
هازىرقى يىگىتلەرنىڭ،
گېپى يوغان بېلى بوش.

ئۇ قىزمۇ ئۆتۈپ كەتتى،
بۇ قىزمۇ ئۆتۈپ كەتتى.
لەپ - لەپ قارىشى بىلەن،
كۆڭلۈمنى ئۆتۈپ كەتتى.

كېتەر بولساڭ يول بولسۇن،
ماڭغان ئىزىڭ گۈل بولسۇن.
سەندەك تەمبەل يارىمغا،
مەندەك نازۇك يار بولسۇن.

تاۋۇزۇڭ يوغان ئىكەن،
يەپ باقايلى تاتلىقمۇ.
بىزنىڭ يالار كەپتىمىش،
پىيادىمۇ ئاتلىقمۇ.

گۈل تېرىغان باغلاردا،
ئوينىغانتۇق تاغلاردا.
ئەمدى قانداق قىلارسەن،
مېنى سېغىنغان چاغلاردا.

ئوتۇن يارامسەن پالتىدا،
كۆڭۈل بېرەمسەن دالىدا.
ۋەدىنى قانداق قىلىشقان،
تال باراڭنىڭ ئالدىدا.

پولو ئاش ئېتەلەمسەن،
زوقلىنىپ يېيەلەمسەن.
شۇ ئوتلۇق قاراشلاردىن،
كۆڭلۈمنى بىلەلەمسەن.

ئۆستەڭ بويىدا بىر قىز،
چاقچاق قىلسام كۈلمەيدۇ.
ئادەم دېگەن هۆل نەرسە،
كۆيەك ئوتىغا ئۆلمەيدۇ.

غازاڭلار شىلدىرلايدۇ،
شامال چىققان ئوخشايدۇ.
مېنىڭ يارىم ئەقىلسىز،
كۆيگىنىمنى ئۇقمايدۇ.

بېغىمغا ئۆزۈڭ كىرىپ،
ئۈزۈپ چىق قىزىل ئالما.
مېنى كۆيدۈرۈپ قويۇپ،
سەن يارىم ئۆزۈڭ قالما.

ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتتىڭ،
كۆڭلۈمنى ئۆتۈپ كەتتىڭ.
چاقچاق قىلسام قارىمايسەن،
كىم بىلەن بولۇپ كەتتىڭ.

موما سالدىم قاسقاندا،
بىللە يەيلى پىشقاندا.
نېمە ئانچە نازلىنىسەن،
ئاران بىر تېپىشقاندا.

قاشىڭىز بەرگى قىياق،
كۆزلىرىڭىز نۇرلۇق چىراغ.
دەردىمنى بىر ئاڭلاپ بېقىڭ،
قېنىمدى ئوتلۇق پىراق.

مانتا ئەتسەم يېمەيسەن،
ناۋات چاينى ئىچمەيسەن.
مەن ساڭا نېمە قىلغان،
دەرد - هالىمنى بىلمەيسەن.

بۇ ئۆستەڭ يامان ئۆستەڭ،
سۇيى شۇنداق شىددەتلىك.

يېگى تۇتقان يارىمنىڭ،
سۆيۈشلىرى لەززەتلىك.

ئالما ئەمەس، بېھى ئەمەس،
بىزنىڭ باغدا نەشپۈت بار.
سىزنىڭ تاتلىق سۆزىڭىزگە،
يانچۇقۇمدا كەمپۈت بار.

مۇشۇ قىزنىق ئاپتاپتا،
قۇملۇققا بارالامسىز.
گەپلىرىڭىز بەك تولىكەن،
كۆڭلۈمنى ئالالامسىز.

مېۋىسى ئاچچىق ئەمەس،
مېغىزى ئاچچىق.
ئانىسىنى گوللاپ قويۇپ،
قىزىنى ئاچىق.

ئەجەب قىلدىڭ ماڭا يارىم،
كۆڭۈل بەرگىنىم يامانمۇ.
سەن ئۈزۈن تارتقان ئازابنى،
چۈشىنەرسەن قاچانمۇ.

ئالما بەرمىگىن يارىم،
نەشپۈت بەرمىگىن يارىم.
مەن تاتلىقنى تاشلاپ كېتىپ،
ياتنى سۆيمىگىن يارىم.

توكىڭىز ئۆچۈپ قالدى،
ياندۇرايمۇ چاقماقنى.
ئۆزىڭىز بەلەن جۇۋان،
تېپىۋالماڭ ئەخمەقنى.

خوتۇن ئالساڭ تاللاپ ئال،
ئۇزنى ئالمىغىن.
ئاخىرىنى چاغلاپ ئال،
ئاھ دەپ قالمىغىن.

ئالتۇن بېلىق، كۈمۈش بېلىق.
ھەممىسى بېلىق.
گەپلىرىڭىز بەك تاتلىقتى،
بۇ نېمە قىلىق.

توپلىغۇچى: ئامانگۇل ئابلىكىم
تەھرىرى: *تۇرسۇنجان مۇھەممەت*

ئىلياس ئابلىمىت

## ئەگەر بولساڭ تىجارەتچى

چېھرىڭدىن ياغمىسۇن قار - مۇز ئەگەر بولساڭ تىجارەتچى،
سۆزۈڭ بولسۇنكى شۇنچە ئۇز ئەگەر بولساڭ تىجارەتچى.

تەپەككۇر ئەيلىمەي ئازراق دېسەڭ ئۇستاز غادايغاقنى،
قالارسەن مال بىلەن يالغۇز، ئەگەر بولساڭ تىجارەتچى.

دىماغدىن كەتمىسۇن دەقىق دېسەڭ ئەنبەر پۇراقلارى،
بولۇپ قويغىنكى سەن يالپۇز ئەگەر بولساڭ تىجارەتچى.

توپا -چاڭ قونمىسۇن زەررە مىلىڭغا، ئۇستى - باشىڭغا،
قىلە تازلىقنىمۇ ئاز - پۇز، ئەگەر بولساڭ تىجارەتچى.

يېتىلگىن ھەممىدە يارەن تېتى ئاغزىڭغا ھەممىنىڭ،
بولۇپ گوياكى سەن ئاشتۇز ئەگەر بولساڭ تىجارەتچى.

تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

# مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئابدۇغوپۇرنىڭ «قىسسەسۇل غارايىب» ناملىق كىتابىدىن

## زېرەك ئادەملەرنىڭ زېرەكلىكى توغرىسىدا

ھېكايەت: ئاتاقلىق ئەسەرلەردە ئېيتىلىشىچە، بىر سودىگەر بولغانىدى. ئۇ قازى كوردقەبا خۇسرەۋگە بىر مۇنچە پۇلنى ئامانەت قويۇپ، ئۆزى سەپەرگە كەتتى.

بىر كۈنى سودىگەر سەپەردىن قايتىپ كېلىپ، قازىدىن ئامانىتىنى ئالغىلى باردى. ئەمما قازى:

— سېنىڭ مەندە نەدىمۇ ئامانىتىڭ بولسۇن، — دەپ زادى ئىقرار قىلماي تۇرۇۋالدى.

بىچارە سودىگەر ئامالسىز ئەھۋالدا قېلىپ، ئەزۇدۇدەۋلەنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا يۈز بەرگەن ۋەقەنى سۆزلەپ ئەرز قىلدى. سودىگەرگە ئەزۇدۇدەۋلەنىڭ ئىختىيارسىز رەھمى كەلدى ۋە:

— سەن بىر ئاي سەۋر قىلىپ تۇرغىن. مەن بىر ئامال قىلىپ پۇللىرىڭنى تاپتۇرۇپ بېرىمەن، — دېدى. سودىگەر ئۇنىڭدىن ئىنتايىن مىننەتدار بولۇپ قايتىپ كەتتى.

ئەزۇدۇدەۋلە شۇ كۈندىن باشلاپ قازىغا بارغانسېرى ئاشۇرۇپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن تەزىم قىلىشقا باشلىدى.

ئۇ بىر كۈنى قازىنى خالىي جايغا چاقىرىپ:

— مەن پەرزەنتلىرىمدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن. چۈنكى ئۆزۈمنىڭ ئۆمرۈمگىمۇ ئىشەنچىم يوق. مەن گۆھەر ۋە ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق بىر مۇنچە مال - دۇنيا توپلىغانىدىم. ئۇنى ئامانەت قويۇشقا سېنىڭدىن باشقا ئىشەنچلىك ئادەم تاپالمىدىم. سېنىڭ ناھايىتى دىيانەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىڭ ماڭا مەلۇم. ئۇ خەزىنەمنى ساڭا تاپشۇرسام ئەلۋەتتە مەخپىي تۇتقىن ۋە ئۇنى شەكسىز پۇختا ساقلىغايسەن. مەن ئالەمدىن كۆز يۇمغاندىن كېيىن پەرزەنتلىرىمگە مۇۋاپىق تەقسىم قىلىپ بېرەرسەن، — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان قازى قوبۇل بارماقلىرىنى ئىتائەت كۆزىگە قويۇپ چوڭقۇر تەزىم بىجا كەلتۈردى.

ئەزۇدۇدەۋلە ئىككى يۈز دىنارنى قازىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— بۇ ئىككى يۈز دىنارنى خەزىنە ساقلايدىغان جاينى تەييارلاشقا سەرپ قىلغىن، — دېدى.

قازى ئىككى يۈز دىنارنى ئېلىپ قايتىپ چىقتى ۋە «نۇرغۇن خەزىنە قولۇمغا كىرىدىغان بولدى»، دەپ ئويلاپ خۇشال بولدى.

ئەزۇدۇدەۋلە قازى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، سودىگەرنى چاقىرتىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەمدى بېرىپ قازىدىن ئامانىتىڭنى سورا، ئەگەر يەنە ئىنكار قىلىپ تۇرۇۋالسا، «مەن مۇشۇ ۋاقىتقىچە سەۋر - تاقەت قىلدىم، ئەمدى تاقىتىم قالمىدى. ئەتە ئەمىرنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئەرز قىلىمەن» دېگىن، — دەپ بۇيرۇدى.

سودىگەر قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئامانىتىنى تەلەپ قىلىۋىدى، قازى يەنە ئىنكار قىلدى. سودىگەر ئەمىر ئۆگەتكەن سۆزلەرنى دېدى. سودىگەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ: «ئەگەر بۇ ماجىرا ئەمىرنىڭ قۇلىقىغا يەتسە، ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىسى يوقىلىدۇ - دە، خەزىنىسىنى ماڭا ئامانەت قويمايدۇ. ئەمىرنىڭ پۇلى بۇنىڭدىن نەچچە يۈز ھەسسە كۆپ تۇرسا، ئازغىنە پۇلنى دەپ ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالماي. شۇڭا بۇنىڭ ئامانىتىنى قولىغا قايتۇرۇپ بەرگىنىم تۈزۈك ئوخشايدۇ» — دەپ ئويلاپ، سودىگەرنىڭ ئامانىتىنى قولىغا تاپشۇرۇپ بەردى. سودىگەر خۇشال - خورام ھالدا ئەزۇدۇدەۋلەنىڭ قېشىغا بېرىپ، يۈز بەرگەن ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. ۋە ئۇنىڭغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ ئۆيىگە قايتتى.

ئەزۇدۇدەۋلە قازىنىڭ دىيانەتسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى قازىلىق مەرتىۋىسىدىن ئېلىۋەتتى.

ھېكايەت: سۇلتان مەلىك شاھ خوجا نىزامۇلمۇلىك ۋەزىرنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئورنىدا سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇردى. ئۇ ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ پۈتۈن خەلقنى خاتىرجەم قىلدى.

بىر كۈنى قەيسەر رۇم ئېرانغا لەشكەر تارتىپ كەلدى. سۇلتان مەلىك شاھمۇ لەشكەر ئېلىپ چىقىپ قەيسەرگە مۇقابىل تۇردى.

كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن

www.uyghurkitap.com



بىر كۈنى، سۇلتان ئۆزىنىڭ خاس كىشىلىرىدىن بىر نەچچىسىنى ئېلىپ شىكارغا چىقتى. رۇم لەشكىرىنىڭ ئادەملىرىدىن بىر قانچىسىمۇ شۇ كۈنى شىكارغا چىققانىدى. ئۇلار ئۆزئارا ئۇچرىشىپ قالدى. رۇملۇقلار سۇلتاننى بىللە چىققان ئادەملىرى بىلەن بىللە تۇتۇۋالدى. بۇ چاغدا سۇلتان ئۆز ئادەملىرىگە ئاستا:

— سىلەرنىڭ ھېچقايسىڭلار مېنى ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلماڭلار. شۇ چاغدا رۇملۇقلار مېنى تونۇيالماي قالىدۇ، — دېدى.

سۇلتاننىڭ ئادەملىرى سۇلتانغا ئىززەت ـ ئىكرام قىلمىدى. رۇملۇقلار سۇلتاننى تونۇمىغاچقا ئۇنى ئادەملىرى بىلەن بىللە قەيسەرنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ:

— ئىران لەشكەرلىرىدىن بىرمۇنچىسى ئوۋغا چىققانىكەن. ھەممىسىنى تۇتۇپ كەلدۇق، — دېدى. قەيسەرمۇ ئۇلارنى تەكشۈرۈپ باقمايلا «سولاپ قويۇڭلار» دەپ بۇيرۇدى.

ئۇ كۈنى كەچ بولۇپ كەتتى. سۇلتان ئوۋدىن قايتىپ كەلمىدى. دىلى روشەن ۋەزىرى «سۇلتان رۇملۇقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ. بولمىسا بۇ چاققىچە قايتىپ كېلەتتى» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن بىر قانچىسىنى چاقىرىپ:

— سىلەر بۇ خالىي تەرەپ بىلەن ئوۋ ئوۋلايدىغان مەيدانغا بېرىپ، ئۇ يەردىن كېلىپ سۇلتاننىڭ خاس چېدىرىنىڭ ئىچىگە كىرىڭلار، — دېدى.

— ۋەزىرنىڭ خىزمەتكارلىرى ئادەم يوق تەرەپ بىلەن شىكارگاھ تەرەپكە بېرىپ، ئۇ يەردىن سۇلتاننىڭ چېدىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ناغرا، كانايلار ياڭراپ كەتتى. لەشكەرلەر «سۇلتان شىكاردىن قايتىپ كېلىپ، كىرىپ كەتتى» دەپ ئويلاشتى.

خوجا نىزامۇلمۇلك لەشكەرلەردىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، سۇلتاننى قانداق قۇتۇلدۇرۇشنىڭ تەدبىرىنى ئويلىدى.

ئاخىرى ئۇ ئۆزى ئاتلىنىپ قەيسەرنىڭ بارگاھىغا باردى. ئۇ قەيسەر بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن:

— نەچچە كۈنلەردىن بېرى بۇ يەرگە چۈشۈپ ياتتۇق. بۇ ئىككى لەشكەرنى بۇ جايغا كەلتۈرۈشتىكى مەقسىتىمىز جەڭ قىلىش ئىدى. ئەسلىدە سىز بىزنىڭ ئۈستىمىزگە لەشكەر تارتىپ كەلگەنىدىڭىز. شۇڭا سىز ئاۋۋال جەڭگە قەدەم قويىسىڭىز، ئاندىن بىز قول ئۇزاتساق بولاتتى. لېكىن سىز ھازىرغىچە جەڭنى باشلىمىدىڭىز، بىزمۇ ئەدەپ ساقلاپ تۇرۇۋەردۇق. ئەمدى سىز جەڭنى باشلاڭ. بىزمۇ سىزگە قارشى تىرىشچانلىق كۆرسىتەيلى. تەڭرى غەلىبە ـ نۇسرەتنى قايسى تەرەپكە بېرىدۇ كۆرۈپ باقايلى، — دېدى.

ئەسلىدە قەيسەر كەلگىنىگە پۇشايمان قىلىپ تۇراتتى. خوجىدىن بۇنداق مۇلايىم سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سۇلھى سۆزلەرنى قىلىشقا باشلىدى. خوجىمۇ ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ سۇلھىنى قوبۇل قىلدى. سۇلتاننىمۇ ماقۇل قىلىشقا ۋاقىت ئالدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولدى. بۇ چاغدا قەيسەر:

— بىزنىڭ لەشكەرلەردىن بىر قانچىسى شىكارغا چىققانىكەن، سىزنىڭ لەشكىرىڭىز ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ ئېلىپ كېتىپتۇ. سىز بىلەمسىزكىن، ئۇلار نېمە ئادەملەردۇر؟ — دەپ سورىدى. خوجا:

— بەلكىم بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز ئەمەستۇر. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بولغان ھالەتتىمۇ، ئەمىرلەرنىڭ خىزمەتكارلىرى بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ ھېسابىمىزدىكى خەلقلەردىن بولسا، ئۇلارنىڭ تۇتۇلغىنىنى ئەلۋەتتە ئاڭلىغان بولاتتىم. ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسىڭىز ئۇلارنى مەن كۆرۈپ باقاي. مۇبادا ئەمىرلەرنىڭ خىزمەتكارلىرى بولۇپ قالسا ئالغاچ كېتىپ، ئەمىرلەرگە تاپشۇرسام. سۇلھىنىڭ توختام بولۇشىغا سەۋەب بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

قەيسەر ئادەم بۇيرۇپ، تۇتۇلغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەپكەلدۇردى. خوجا يىراقتىن ئۇلارنى كۆرۈپلا، ئۇلارغا قاتتىق سۆزلەر بىلەن دەشنام بەردى ۋە قەيسەرگە قاراپ:

— بۇلار ھەممىسى ئەمىرلەرنىڭ خىزمەتكارلىرى ئىكەن. بۇلار شۇنداق يامان خىزمەتكارلاركى، بۇلارنى تۇتۇۋېلىپ ئېلىپ كەلگەن ھامان ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىز ئادىللىق قىلغان بولاتتىڭىز. مەن بۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلارغا خەتەر يېتىپ قالسا ئەمىرلەرنىڭ كۆڭلى مەندىن رەنجىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر كەڭچىلىك قىلسىڭىز، بۇلارنى ئاپىرىپ خوجىلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرەي. ئەمما ئىختىيار ئۆزىڭىزدە، — دېدى. قەيسەر:

— ئەمدى بىز سۇلھى قىلىشىۋاتىمىز. بۇلارنى ئاپىرىپ ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بەرسىڭىز ياخشى بولارمىكىن، — دېدى ۋە ئۇلارنى خوجىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

خوجا ئەنە شۇنداق زېرەكلىك بىلەن، ئۇلارنى بۇ بالا ـ قازادىن قۇتقۇزۇپ ئېلىپ كەتتى. ئۇلار قەيسەرنىڭ لەشكەرگاھىدىن خېلى يىراق يەرگە بارغاندىن كېيىن، خوجا ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە ماڭدى ۋە سۇلتان مىنگەن ئاتنىڭ ئۆزەڭگۈسىگە يۈز ـ كۆزىنى سۈرتۈپ، قەيسەرنىڭ ئالدىدا قىلغان ئەدەپسىزلىكلىرىگە ئۆزرە ئېيتتى. سۇلتان خوجىغا ھەددىدىن زىيادە سۆيۈندى ۋە چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى.



تاجىك قىزى

راخمان ئوبۇل فوتوسى



«قۇملۇقتىكى كارۋان»

(ياغاچ ئويما) ساۋجيەنبىن ئىشلىگەن



ۋىلايىتىمىزدىكى بىر قىسىم ئاپتورلار يېزا قىشلاقلارغا تۇرمۇش ئۆگىنىشكە باردى.


新 玉 文 艺　　يېڭى قاشتېشى

NEW JADE LITERATURE

| | |
|---|---|
| 一九九八年　（双 月 刊） | 1998 - يىل (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال) |
| 编 辑:《新 玉 文 艺》编 辑 部 | تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى |
| 出 版: 和 田 行 署 文 化 处 | نەشر قىلغۇچى: خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى |
| 喀 什 日 报 社 印 刷 厂 印 | «قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى |
| 发 行: 和 田 地 区 邮 电 局 | خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تارقىتىدۇ |
| 订 阅: 全 国 各 地 邮 电 局 | مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. |
| 印 张: 787×1092, 1/16, 6.125 张 | فورماتى: 1092 × 787مم ، 1/16، 6.125 تاۋاق |
| 国 内 外 统 一 刊 号: | مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: |
| ISSN1002—929X　CN65—1088/1 | ISSN 1002 — 929 X　CN 65 — 1088/1 |
| 代号: 58—26 | پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 26 — 58 |

定价: 1.60 元, 电话: 2023792　باھاسى: 1.60 يۈەن، تېلېفون نومۇرى: 2023792